شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇدا 3 نۆۋەت «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال



# تارىم

4

2010

塔里木

ISSN 1002-9044

04>

9 771002 904009



شائىر مەتقاسىم مەتنىياز 1943- يىلى كېرىيەدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «ئارخېئولوگ خاتىرىسى» (شېئىرلار توپلىمى)، «ئىرادە ئۆتكەللىرى» (شېئىرلار توپلىمى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

# مىراس

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

**2010·4**

60-يىل نەشرى

تارىم

نەشرىيات باشلىقى:
باش مۇھەررىر: **ياسىن زىلال** (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**پاتىگۈل ئەخمەت** (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

2010 - يىللىق 4 - سان

## بۇ سانىدا

### پوۋېست


ھىجران ........................ **ھەببە مۇھەممەدئەيسا** 60


### ھېكايىلەر


بالام ئۇچۇن ........................ **ئوبۇلتالىپ سادىر** 36

46 ھەسسىلىك تىمساھ ........................ **ئابلىكىم ئەبەيدۇللا** 45


### نەسرلەر


ئىككى نەسر ........................ **پاتىگۈل نىياز** 51

نان ........................ **ئابدۇرېشىت ھېلىمهاجى** 134


### نەزمىي ئەسەرلەر


باھار كۈيلىرى ........................ **رەشىدە سىپىت** 33

چۆلدە يايراش ........................ **ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر** 54

تارىم ناخشىسى ........................ **تەلئەت جېلىل باشتۈرك** 58

بۇغداي لىرىكىسى ........................ **ئايسىمە ئىدرىس** 99

قۇشلارنىڭ تىلىدا سۆزلىدىم ئۇزاق ........................ **ئايقۇت** 101

كۆي يۇلتۇز ........................ **بۇخەلچەم ئوبۇل** 103

تىلىكىم ........................ **بېلىقىز سۇلايمان** 104

مېنى ئۇيغاتقان ناخشا ........................ **مىركامىل ياقۇپى** 136


### بالىلار ئەدەبىياتىدىن


قوڭغۇراقنىڭ سىرى (پوۋېست) ........................ **ئابلېكىم ھەسەن** 4

## تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەكبەر سالىھ، پاتىگۈل ئەخمەت، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان ياسىن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۇسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.



ھەر ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئومۇمىي 590-سان


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


«قىسمەت ئاچىلىدا» رومانىدا خاراكتېرلار چىنلىقى ......................... **مۇھەممەد پولات** 105

ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ 60 يىلى ......................................... **بۇلبۇل ئەكرەم** 118


### ئوقۇرمەنلەردىن خەت


ھېكايە يېشىمىغانمۇ، ئوبزورمۇ ........................................ **ماخمۇت مۇھەممەد** 139


### ئالتۇن روجەك


ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە يېڭىلىنىش يولى ............................ **لىي دا** 143


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


جەبرائىل ھەققىدە قىسسە (چۆچەك) ........................................................ 151


### ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەبرىكلەندى ........... 160

باي ناھىيەسىدە «نېمىشپېھت» ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى ........................ 160


* * *


مۇقاۋىدا: كىروران گۈزىلى (ماي بوياق، 2009-يىل) ........................ **پەرھاد ئىبراھىم سىزغان**



بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : قاھار نىياز

مەسئۇل كوررېكتور(تەكلىپلىك) : قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋا، بەت لايىھىلىگۈچى : ھەزرەتئەلى ئەخەت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

خەتتات : ئابلىمىت ئوسمان

كومپيۇتېردا : ئەنۋەر تېلىۋالدى

ئابلىكىم ھەسەن



# قوڭغۇراقنىڭ سىرى

(پوۋېست)

## 1. سەھەردىكى ئەنسىزچىلىك

كېچىدىن بېرى ياغقان قار تېخىچە توختى-
مىغانىدى. ئەتىگەندە قورۇغا چىقىشىم بىلەن ئا-
يىغىم قارغا چۆكۈپ، ھە دېگەندە ئىلدام ماڭال-
ماي قالدىم. ھويلىدىكى سۇپۇرگە، ئەپكەش، داس
دېگەندەك نەرسىلەر قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ كەت-
كەنىدى، چايخانا بېقىنىدىكى تونۇر قاردا قالغان
كۈل دۆۋىسىدەك كۆرۈنەتتى. قار قېلىن ياغقاچقا
دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ناھايىتى تەستە ئاچتىم.
تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى. يولدا ئەتىگەنلىك
نامازدىن يانغان چوڭلار قالدۇرۇپ قويغان ساناق-
لىق بىلىنەر-بىلىنمەس سۇس ئاياغ ئىزى بار
ئىدى، خەقلەر تېخى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولالمى-
غاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈۋاتقان
قار گۈللىرى كۆزۈمنى توسۇپ، بىر نەرسىنى
پەرق ئېتىشىممۇ تەسكە توختاۋاتاتتى. جىمجىت
كوچا، غۇۋا ئەتراپ، يالغۇز مېڭىش دېگەنلەر
بىرلىشىپ ئىچىمدىن «جىن!» دېگەن سادا كېلەت-
تى. مۇشۇ تاپتا ئاق كېپەن ئورىغان، ئۇزۇن قارا
چاچلىرى يەر سىيىپغان موماي قىياپەتلىك بىر
جىن ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، ئۇزۇن تىرناقلىرى
بىلەن يۈرىكىمگە قول ئۇزاتىدىغاندەكلا قىلاتتى.
بۇ خىيال كاللامغا كېلىشى بىلەن يۈرىكىم دۈ-
پۈلدەك، تىنىقىم توختاپ قالىدىغاندەك بولدى.
بىلىدىغان ئايەتلىرىمنى ئىچىمدە ئوقۇپ «پوش-
پوش» دەپ پىچىرلاپ ماڭدىم. بىر چاغدا ناخش-
ئېيتىپ قورقۇنچۇمنى بېسىش خىيالىمغ
كەلدى-دە، دەرھال ناخشا باشلىدىم. نېمە ناخش
ئېيتىۋاتىمەن، ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئاۋازىمى
يىغلىغاندەك چىقاتتى. شۇنداق دەككە-دۈككىد

كەڭرى دوقمۇشقا كېلىشۋالدىم. كۈندۈزى بىر
نەچچە مىنۇتتا يېتىپ بارىدىغان دوقمۇش ناھايىـ
تى ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىندى. «ئۆسمۈرلەر
گېزىتى»نىڭ قايسىبىر سانىدا «قار قېلىن ياغقان
كۈنلىرى ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە
كەلمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ يېزىپتىكەن. بىزدىمۇ
شۇنداق قىلسا بولمامدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ
قالدىم. مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا بىر نەچچە كۈن
قالدى. پاتىمە مۇئەللىم بىزدەك «مەشھۇر دۆتلەر»
دىن بىر قانچىمىزغا ماتېماتىكىدىن تەكرار
قىلىپ بېرىۋاتقاندى. مۇئەللىمنىڭ ئايرىم ئۆ-
گىتىشى بىلەن كاللام خېلى ئىشلەپ قېلىۋاتاتـ
تى، پاتىمە مۇئەللىم مېنى: «سەن ئەسلىي دۆت ئەـ
مەسكەنسەن، ھۇرۇنكەنسەن» دەپ ماختاپ قويىـ
ۋېدى، ئاكتىپلىشىپ بۈگۈن قاراڭغۇدا مەكتەپكە
مېڭىۋالغىنىمنى قارىمامسىلەر.

يولدا كېتىۋاتىمەن، قار مېنىمۇ كۆمۈپ تاشـ
لايدىغاندەك كۈچەپ ياغماقتا ئىدى. لەپىلدەپ
چۈشۈۋاتقان قار مېنىڭ ئۈستۈمگىلا چۈشەمدىـ
كىن، قۇلاقچام ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قۇلاقـ
چامنى قولۇمغا ئېلىپ، قارنى قېقىشتۇرغىنىمـ
دا، قار ئۇچقۇنلىرى بوينۇمغا كىرىۋالدى-دە، ئىـ
چىمدە ئېرىپ مېنى تېخىمۇ شۈركۈندۈرۈۋەتـ
تى. مەكتەپ بولسا، ئىمتىھان بولمىسا، ئەتىگەنـ
دە بارمىسا قانداق كۆڭۈللۈك-ھە! ئىسسىق
ئۆيدە قانغۇچە ئۇخلاپ، ئۇيقۇغا قانغاندا قانغۇچە
ئوينىسا بولمامدۇ ئادەم... مۇشۇنداق ئويلاردا كېـ
تىۋاتاتتىم، ئارقامدىن شىرىق-شىرىق قىلغان
ئاۋاز ئاڭلاندى. مەكتەپكە ماڭغان بىرەرى بولسا
كېرەك دەپ ئويلاپ ئىتتىك ئارقامغا ئۆرۈلدۈم.
كەينىمدە ھېچكىم يوق ئىدى. ھە، قۇلىقىمغا
شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەن گەپ، «قورققانغا
قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك كاللامدىكى خىيالىي
ئاۋاز ئىكەن-دە. مەن قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم، قۇ-
لىقىمغا يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى. قەدىمىمنى ئىتـ
تىكلىتىۋېدىم، بۇ ئاۋازمۇ ئىتتىكلىدى، ئارقامغا
دەرھال بۇرۇلدۇم. يەنىلا ھېچكىم يوق. بىرەرى
چاقچاق قىلىۋاتقانمىدۇ دەپ ئىككى ياققا قارىـ
دىم، ئەتراپىمدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. يۈرىكىم
«قارت» قىلىپ قالدى. گاڭگىراپ بىرئاز تۇرۇپ
قالدىم. «قاچە» دېگەندەك قىلدى بىرى. مەكتەپتە
ھېچكىم مەندەك تېز يۈگۈرەلمەيتتى. مەن
قارلىق دالىدا ئوۋ ئىتىدىن ئۈركۈپ قاچقان توشـ
قاندەك شۇنداق تېز يۈگۈردۈمكى، تېيىلسامۇ
يىقىلماي، ئۆزۈمنى تەڭشەپ كۆزۈمنى يۇمغىـ
نىمچە چاپتىم. مەكتەپكە بىرەر چاقىرىمچە قالـ
غاندا، نەپىسىم قىسىلىپ توختاپ قالدىم، ئەمدى
كەينىمگە ئۆرۈلۈپ باقمايمۇ؟ ياق-ياق، كەينىمـ
دە ئېگىزدىن ئېگىز بىر نەرسە مېنى ئاستىغا
«گۇپپىدە» بېسىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ۋەھىمە ئىچىدە ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى يۆتـ
كىدىم. «شاراققىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن يۈرىكىم
قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. يەنە بىر پۇ-
تۇمنى يۆتكىشىم بىلەن ئوڭدامغا چۈشتۈم. نېمە
بولسا بولاي دەپ جايىمدا يېتىۋەردىم. قورققۇدەك
ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيۋاتاتتى، قاردىن بىر
ئوچۇم ئېلىپ پېشانەمگە ياقتىم. مۇزدەك قار ھور
چىقىپ تۇرغان پېشانەمنى توڭدۇرۇپ، سەزگۈ-
لىرىمنى ئويغاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا مېنى
«جىن ئەپقېچىپ» كەتمەپتۇ-دە. مەن ياتقان يېـ
رىمدىن قوپۇش ئۈچۈن قولۇم بىلەن يەرنى تىرەـ
جەپ، پۇتلىرىمنى ئالدىمغا چازا قىلدىم. شۇ
چاغدا كۆزۈم ئىشتىنىمنىڭ پۇچقىقىغا چۈشتى-
دە، كاللامغا «گۇپپىدە» بىر خىيال كەلدى. ئور-
نۇمدىن قوپۇپ، ئالدى-كەينىمگە ئېڭىشىپ
مېڭىپ باقتىم، ئاۋاز پۇچقىمىدىن كېلىۋاتاتتى.
ھا-ھا! ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كەتتىم.
كۈلگەنسېرى شۇنداق يەڭگىللەپ، راھەتلىنىپ
كەتتىم. كۈلكەمنى توختىتالماي جايىمغا يەنە يىـ
قىلدىم. نېمىدېگەن راھەت! مامۇقتەك يۇمشاق
قاردا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ ھاردۇق ئېلىش نەقەـ
دەر ھۇزۇر-ھە. كۆرگەن كىشى مېنى ساراڭ بوپـ
قاپتۇ، دەر. دېسە مەيلى، قورقۇنچتىن غەلىبە قىلـ
غاندا، غەلىبە خۇشاللىقىنى سۈرۈش كېرەك-تە.
مەن ئەمدى يېپيېڭى ئەسئەتكە ئايلىنىمەن!
ئەسئەت دېگەن شىر دېگەن گەپ. مەن بۇرۇن

شىر ئەمەس، قورقۇنچاق توشقان ئىدىم. ھازىر-
دىن باشلاپ شىر بولدۇم. نېمىشقا شىرغا ئايلان-
دىم؟ بۇنى پۇچقىقىم دەپ بىرىدۇ. ئەسلىدە مەن
ئۆيدە يۇزۇمنى يۇغاندا چۆگۈندىكى سۇ پۇچقى-
قىمغا تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. بايا تالادا ھۆل پۇچ-
قىقىم سوغۇقتا قېتىپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ.
شۇڭا ماڭغاندا بىر-بىرىگە سۈركىشىپ، ھېلى-
قى «شىرىق-شىرىق» ئاۋاز پەيدا بولغانىكەن...
دېمەك، ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدىكەن، ھەر-
قانداق ئىشنى سەگەكلىك بىلەن ئىنچىكە كۆزەت-
سە، ئەستايىدىل ئويلاپ پىكىر قىلسا توغرا جا-
ۋابقا ئېرىشىدىكەن. ئەمدى مەن مۇشۇنداق قىلى-
دىغان ئەسئەت بولىمەن. مەن مۇنداق قورقۇنچاق
بالا ئەمەس ئىدىم. بۇرۇن ئۆيىمىز ناھىيەنىڭ ئۆ-
زىدە ئىدى. دادام كۆمۈر كان تېخنىكى، ئاپام تىك-
كۈچى ئىدى. ئىككى يىل بۇرۇنقى ئەتىيازنىڭ
بىر كۈنىدە، دادامنى دوختۇرخانىدا جىددىي قۇت-
قۇزۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. بارساق دادام-
نىڭ يۈزىنى ئاق خەسىدە يېپىپ قويۇپتۇ. دادام
ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ھالدا ياتاتتى، كۈلۈپ
تۇرىدىغان كۆزلىرى كۈلمەيتتى، مېنى باغرىغا
باسىدىغان قوللىرى مىدىرلىمايتتى، «بالام» دەپ
سۆيىدىغان ئېغىزلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.
ئەسلىدە دادام كاندىكى توك يوللىرىنى تەكشۈرۈ-
ۋاتقاندا كان ئۆرۈلۈپ، دادام ھەم بىر مۇنچە ئادەم-
نى بېسىۋالغانىكەن. دادام تۈگەپ كەتكەندىن
كېيىن ئاپام مېنى ئەگەشتۇرۇپ مومامنىڭ قېشى-
غا كېلىۋالدۇق. دادامنى ئويلىسام‌لا تورۇس ئۆرۈ-
لۈپ چۈشىدىغاندەك قورقۇنچ ئىچىمگە كىرىۋا-
لىدۇ. ئاپاممۇ چاقماق چاققان كۈنلىرى قورقۇپ
ياتالمايدۇ. بىر كۈنى ئاپام كېچىدە تۇيۇقسىزلا
ماڭا: «كۆمۈرنىڭ يېلىنجىغان ئوتى داداڭنىڭ
روھى...» دېۋىدى، موماڭ ئىككىمىز قورقۇپ
كەتتۇق. مومام ئاپامغا: «ئەسئەتكە دادا تېپىپ بەر-
مىسەم، سەن ئالجىپ قالساڭ بولۇپ كەتكۈدەكسەن»
دەپ ئاپامنى ئەيىبلەپ كەتتى.

ئەنە ئاۋۇ بايراق لەپىلدەپ تۇرغان قورۇ
بىزنىڭ مەكتەپ. بىردەمدىن كېيىن ئوقۇغۇچى-
لار كەلسە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويۇنلار باشلى-
نىپ كېتىدۇ. بۇنداق قار كۆپ ياغقاندا ئويۇن
دېگەن راسا قىزىيدۇ. مەكتەپنىڭ يېنىدا يېزىمىز-
نىڭ ئۆمۈر چولپىنى خان موماي ئولتۇرىدۇ. خان
مومامنىڭ بىر بالىسى سوقۇشتا ئۆلۈپ، بىر با-
لىسى چەت ئەلگە چىقىپ يوقاپ كەتكەن، بىر
قىزى يېزىغا زىيالىي ياش بولۇپ چۈشكەن بىرى
بىلەن قېچىپ كەتكەنىكەن. خەقلەرنىڭ دېيىشى-
چە، خان مومامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارمۇ
جىق ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاق چۈشۈپ ھېچ-
نېمىنى كۆرمەس بولۇپ قالغانغا بىر نەچچە
يىل بولدى، ئۇ مەكتەپنىڭ ئالدىدا گازىر، ئاقباl-
داق ساتىدۇ. كۆزى كۆرمىگەن بىلەن پۇلنى بىلى-
دۇ. بەزى بالىلار بىر مو بەردۇق دەپ بىر پۇڭ
بەرسە، بەش مو بەردۇق دەپ بىر مو ياكى ئىككى
مو بەرسە سىلاپلا بىلىۋالىدۇ. «ھەي ئالدامچى،
كاززاپ...»، «گۇناھ-گۇناھ، ئاجىزنىڭ ھەققىنى
يېيىش گۇناھ...» دەپ كېتىدۇ بىچارە موماي.
مەن خان مومامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى قاردا بىر جۈپ ئاياغ ئى-
زىنى چېلىقتۇرۇپ قالدىم. مەكتەپ ئالدىغا كې-
لىپلا يەنە ئارقامغا ياندىم. بۇنچە سەھەردە موماي-
نىڭ ئۆيىگە كىم كىرگەندۇ؟ ئۆزى تالاغا بىرەر
ئىش بىلەن چىقتىمۇ-يا؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. قې-
رىغاندا تېيىلىپ كېتىشتىن، سوغۇق ئۆتكۈزۈۋې-
لىشتىن ئۆزىنى ئايايدۇ-دە. ۋاي بولدىلا، نېمە
كارىم... ياق، بۇنى بىلىۋالغان يامان ئىش ئەمەس.
بايا بىر سىرنى يەشتىم. ئەمدى بۇ سىرنى
يېشىپ باقمايمەنمۇ... شۇنداق قىلىپ خان مو-
مامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، قاردىكى ئاياغ
ئىزىغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇزۇنلۇقى قانچى-
لىكتۇ؟ مەن سومكامدىن سىزغۇچنى ئېلىپ
ئاياغ ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىدىم. ئاندىن
دەرۋازىغا يېقىنلاپ ھويلا ئىچىگە قارىدىم. ھويلا
ئىچىدە ھېلىقى ئىز سول تەرەپكە قايرىلىپ تام
ياقىلاپ كەتكەنىدى. بۇ ئىزنىڭ زادى قاياققا ماڭ-
غانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن دەرۋازا قوش قانىتىغا
تۇمشۇقۇمنى تىقىپ قاراپ باقتىم. لېكىن دەرۋازا

قۇلۇپلاقلىق بولغاچقا، بۇنى بىلىش مۇمكىن بولماي قالدى.

— ئەسئەت!

چۆچۈپ كەينىمگە قارىدىم. سىنىپىمىزنىڭ ئۈچ بالداق تاقايدىغان ئەلاچىسى رىسالەت يول ياقىسىدا ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— نېمە، خان مومامنىڭ قاقلىرىنى ئوغرىلاي دېگەنمىدىڭىز؟

ئوڭايسىزلانغىنىمچە رىسالەتنىڭ قېشىغا باردىم.

— بۇ يەردە گۇمانلىق ئاياغ ئىزى تۇرىدۇ. گۇمانلىنىپ قاراۋاتىمەن، — دېدىم ساقچىلاردەك قاردىكى ھېلىقى ئىزنى كۆرسىتىپ.

— سىزگە ئوخشاش قاق ئوغرىلىرىنىڭ ئىزى ھەقاچان، — رىسالەت «پىخ» قىلىپ كۈلۈۋەتتى، — خان مومام سەزمەستە قاق، پۇرچاقلىرىنى ئوغرىلاي دېگەندۇ.

— قاق-بالداق دېگەننى چوڭلار ئوغرىلىغىلى كەلمەس، — دېدىم يەردىكى سۇس ئىزنى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ كۆرسىتىپ، — كۆرۈڭ، چوڭ ئادەمكەن.

— ئۇنداق بولسا خان مومام تالاغا چىققان گەپ.

— ئەلاچىمىش تېخى، — رىسالەتنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدۇم، — خان مومام ھەرقانچە بولسا ياشلارنىڭ ئايىغىنى كىيمەس. تالاغا چىققان بولسا كالاچ ۋە ھاسىسىنىڭ ئېنىق ئىزى قالاتتى. ئەمما بۇ تېگى مۇنەك تەنتەربىيە ئايىغىنىڭ ئىزى. تەخمىنەن 40-نومۇرلۇق ئاياغ ئىكەن. قارىغا ئانچە چوڭقۇر پاتماپتۇ. دېمەك، بۇ قورۇغا كىرگىنى ئوتتۇرا بوي، ئۆزى ئورۇقراق، 20، 30 ياشلاردىكى ئەر كىشى.

— ئاياللارمۇ تەنتەربىيە ئايىغى كىيىدۇغۇ.

— لېكىن بىزنىڭ بۇ يەرلەردە بۇنچە سەھەردە ئاياللار تالاغا چىقمايدۇ-دە.

— دەرۋازا ئوچۇقمىكەن؟ — رىسالەت جىددىيلىشىپ دەرۋازىغا قارىدى، — ۋاي، قارىغۇ ساقچى، — رىسالەت دۈمبەمگە مۇشتلاپ كۈلۈۋەتتى، — قۇلۇپلاقلىق تۇرمامدۇ، تۇغقانلىرىدۇ...

مەن سالپىيىپ رىسالەتنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

— خان مومامنىڭ نەدىن كەلگەن تۇغقىنىكىنا؟ — غۇدۇڭشىدىم تەن بەرمەي.

— ئىشقىلىپ تۇغقىنى، تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى، شورپىسىنىڭ شورپىسى. بالىسى بولمىسا نەۋرىسى، نەۋرىسى بولمىسا چەۋرىسى... ھا-ھا-ھا! — رىسالەت مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋەتتى، — قانداق ھولمېس قارىم؟

رىسالەت تېرىككىنىمنى كۆرۈپ، تېخىمۇ كۈلگىنىچە «پەرت» قىلىپ قاچتى.

— خەپ!

رىسالەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدىم. توۋا، بۈگۈن نېمە بولدۇم، رىسالەتنى قوغلاپ تۇتالمىدىم. ئەتىگەن «جىن»دىن قورقۇپ قېچىپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىغان ئوخشايدۇ. ئەمما ئوغۇل بالىغۇ مەن ئاخىر. بار كۈچۈمنى يىغىپ يۈگۈردۈم. رىسالەتنى تۇتۇۋالاي دېگەندە، قار كۆمۈپ قويغان مۇزدا تېيىلىپ، ئوڭدامغا يىقىلىپ كەتتىم.

— ھا-ھا-ھا!

رىسالەتنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكىسى قۇلاقلىرىمدا جاراڭلاپ كەتتى.

### 2. ئالاھىدە ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدىم

قار سەۋەبىدىن ئىستۇلبىلار ئۆرۈلدىمىكىن، مەكتەپتە توك يوق، قاراڭغۇ سىنىپتا تەكرار قىلغىلى بولمىغاچقا، ئەتراپ تولۇق يورۇغىچە دەرس ئۆتۈلمىدى. بۇمۇ ياخشى بولدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قار ئېتىشىپ، قاردا چىرماق سىيلىپ يىقىتىشىپ، كىم يىقىلسا ئۈچىگە قار تىقىشىپ راسا ئويناشتۇق. رىسالەت تۆۋەن يىللىقتىكى بالىلارنى تەشكىللەپ مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تازىمۇ يوغان قار بوۋاي ياسىدى. قار بوۋاي مەكتىپىمىزنى تولىمۇ يېقىملىق قىلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاپتاپ چىقسا تېخىمۇ زوقىمىزنى قوزغاپ كېتەر. رىسالەت ئۇلار بىلەن

قول تۇتۇشۇپ قار چۆرگىلەش ئويۇنى قويدى.

— قار ياغدى لەپ-لەپ،
توشقان كەلدى سەكرەپ...

باللار رىسالەت باشلىغان ناخشىنى تەكرارلايتتى:

— قار ياغدى لەپ-لەپ،
توشقان كەلدى سەكرەپ...

رىسالەت يەنە باشلايتتى:

— تەڭ ياسىدۇق قار بوۋاي،
يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ...

باللار ئەگىشەتتى:

— تەڭ ياسىدۇق قار بوۋاي
يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ...

مانا مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئويۇنلار بىلەن بولۇۋاتقىنىمىزدا پاتىمە مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ قالدى:

— ماۋۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئۈستىلىمنىڭ تۆۋەنكى تارتمىسىنى ئاچساڭ قوڭغۇراق بار. ئاچقىپ چېلىۋەت. دەرسنى باشلىۋالايلى، — پاتىمە مۇئەللىم كۈلدى، — يەنىلا «كۈچاننىڭ سوپۇنى ياخشى» دە. تولۇق بار يەردە قوڭغۇراقنى نېمە قىلىمىز دەپ تاشلىۋېتىدىغانغا تۇرۇپتىكەن، مەن ساقلاپ قوياي دەپ ئېلىۋالغانىدىم. بۇ قوڭغۇراق مەكتەپنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇنتۇلماس مىنۇتلارنىڭ گۇۋاھچىسى. نەچچە ئەۋلاد مەرىپەت ئېقىنىنىڭ ئۈزۈلمەس مېلودىيەسى.

پاتىمە مۇئەللىمنىڭ بۇ چۈشىنىكسىز گەپلىرىگە بېشىمنى قوڭغۇراقتەك گىلدىڭشىتىپ قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا يۈگۈردۈم. پاتىمە مۇئەللىمنى ئاپامدەك ياخشى كۆرىمەن. ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق ھە. ئاشۇ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى مېنى تېتىكلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ناۋادا باشقا بىرى مېنى بۇ ئىشقا بۇيرۇغان بولسا: «1 - سىنىپتىكى باللار چالسۇن» دەپ بويۇن تولغىغان بولاتتىم. ئەمدى باللار مېنى زاڭلىق قىلىدىغان بولدى - دە. «پاھ، ئاكتىپ بوپكەتكىنىڭنى قارا... ئەمدى سېنى ئەسئەت قوڭغۇراق دەپ چاقىرىمىز...» دەپ كۈلۈشۈپ كېتەر.

بوپتۇ، پاتىمە مۇئەللىم بۇيرۇدى ئەمەسمۇ.

پاتىمە مۇئەللىمنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا بېرىپ ئويلىمىغان بىر ئىشقا يولۇقتۇم. تارتمىنىڭ قۇلۇپى بۇزۇلغان، تارتمىدىكى ماتېرىياللىرى چۇۋۇلغان، مۇئەللىم دېگەن قوڭغۇراق ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

ئەھۋالنى يۈگۈرۈپ چىقىپ پاتىمە مۇئەللىمگە ئېيتتىم. ئۇ مەن بىلەن تەڭ ئىشخانىسىغا چاپتى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە ئىشتۇ بۇ؟

بۈگۈن بىر كۈن مەكتەپ مۇدىرىمىز خىزىر باشقا ھېچ ئىش قىلماي دەرستە ناچار، كەپسىز باللارنى ئىشخانىغا چاقىرتىپ چىقتى.

— سىز خېلى تۈزۈك ئوقۇغۇچى ھەم دادىڭىزمۇ ئالىم ئادەم، — دېدى مۇدىر ئادىتى بويىچە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — سىز ئاچقۇچ كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرگەندە تارتما قانداق تۇرۇپتۇ؟

ئاچچىقىم كېلىپ كۆزۈمگە ياش يامرىدى.

— تارتما پاتىمە مۇئەللىم كۆرگەندەك تۇرۇپتۇ.

جاۋابىمدىن ياندىكى ئىلمىي مۇدىر ئىچۋاتقان چېيىنى پۈركۈەتتى.

— كۈلمەڭ، — دېدى مۇدىر ئىلمىي مۇدىرغا ئالىيىپ ھەم شۇ قاتاردا ماڭىمۇ ئالىيىپ قويدى، — ھە، گەپ قىلىڭ ئەسئەت ساۋاقداش، مەسىلەن، پاتىمە مۇئەللىم سىزنى قوڭغۇراق ئاچىقىشقا بۇيرۇغان چاغ بىلەن سىز پاتىمە مۇئەللىمگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان چاغ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ياكى بولمىسا سىز مەكتەپكە سائەت نەچچىدە كەلگەن دېگەندەك...

— پاتىمە مۇئەللىم بىلىدۇ، — دېدىم مەن.

— نېمىشقا سىز بىلمەي، پاتىمە مۇئەللىم بىلىدۇ دەيسىز؟

مۇدىر كۆزەينىكىنىڭ ئۈستۈنكى گىرۋىكىدىن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى.

— چۈنكى، — بۇ گەپنى قىلىشىم بىلەن مۇدىر قولىغا قەلەم ئېلىپ سۆزۈمنى خاتىرىلەشكە تەمشەلدى. مەن گېپىمنى قىسقىلا دېدىم، — چۈنكى پاتىمە مۇئەللىمنىڭ قولىدا سائەت بار،

مەندە سائەت يوقتە.

ئىلمىي مۇدىر سۆز قاتتى:

— ھەي بەغەرەز، قوللىرىڭ قىچىشىپ، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان سوئالىنى ئىزدىگۈڭ كېلىپ قالدى شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس.

بۇ گېپىم ھەر ئىككىلەننى ئۇمىدلەندۈردىمۇ قانداق تەڭلا سوراشتى:

— ھە، ئۇنداق بولسا قانداق؟

— مېنىڭ بىر ئۈچكەم بار، بوينۇمغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويساڭ دەپ بەك جېدەل قىلاتتى، ئاشۇ ئۈچكەمنىڭ قىلغان ئىشىمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— سەن بىزگە ئاكتىپ ماسلاشمىدىڭ. بىزنىڭ قوڭغۇراق بىلەن كارىمىز يوق. مۇھىمى تارتمىنىڭ بۇزۇلغانلىقى بىلەمسەن، بۇ دېگەن ئوغرىلىق جىنايىتى. بۇ ئىشنى ساقچىلارغا دەيدىغان بولساق، ئوغرىلىق قىلغان كىچىك بالا بولسىمۇ قولىغا كويزا سالىدۇ، — دېدى ئىلمىي مۇدىر قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، — دېدىم مەن، — ساقچىلارغا دەڭلار، بۇ ئىشنى ساقچىلار ئېنىقلىسۇن، سىلەر بۇ دېلونى ئېنىقلاپ ئاۋارە بولماڭلار.

— ساقچىغا دېسەك، مەكتەپنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ، — دېدى مۇدىر ئۇھ تارتىپ.

— سېنىڭ گېپىڭ چوڭ تۇرىدۇ، — دېدى ئىلمىي مۇدىر ماڭا مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — سەن ئېنىقلىيالايدىغاندەك تۇرامسەن قانداق؟

— ئەگەر ماڭا تاپشۇرساڭلار، چوقۇم ئېنىقلاپ چىقالايمەن، — دېدىم تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئىلمىي مۇدىر ماڭا مۇلايىم قاراپ، — ئىمتىھانلار تۈگىسۇن. ئاندىن كېيىن بۇ ئىشنى سەنمۇ ئېنىقلاپ باققىن.

ئېچىمدىكى خاپىلىق بىراقلا خۇشاللىققا ئالماشتى. ئاندىن بايىقى قوپاللىقىم ئۈچۈن خىجىللىققا پاتتىم:

— بايامقى ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭلار.

مۇدىرلار باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇشتى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان رازۋېدكىچىلاردەك ھېسسىياتتا سىنىپقا قايتتىم. كاللامغا بۇ سىرنى چوقۇم يېشىمەن، دېگەن قەتئىي نىيەت مەھكەم ئورناشقانىدى.

### 3. قوڭغۇراق توغرىسىدا ئاجايىپ پاراڭلار

چۈشتە مەكتەپتىن رىسالەت بىلەن بىللە قايتتىم.

— قوڭغۇراقنى ئۈچكە ئەپقاچتى دېگەن گېپىڭىز چاقچاق ئەمەس جۇمۇڭ، — دېدى رىسالەت كۆزىنى يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا تىكىپ.

— ئۈچكە دېگەن چۆپ يەيدىغۇ، ئۇنى ئاندىن كېيىن بىز يەيمىز، ئۇنىڭ قولىدىن مەرەش كېلىدۇ، شۇ، — دېدى مەن ئەجەبلىنىپ.

— چاقچاق قىلمىدىم، چوڭلارنىڭ دېيىشىچە ئۈچكىدە جىنلىق خۇسۇسىيەت بارمىش، — رىسالەت ئاخىرقى گەپىنى خۇددى بىرى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پەس ئاۋازدا دېدى.

— ھە دەپ بېرىڭە، ئاڭلاي، — دېدىم مەن قەستەن چىرايىمغا ئەستايىدىل قىياپەت كىرگۈزۈپ، — توغرا، توغرا، مەنمۇ شۇنداقراق بىر گەپ ئاڭلىغان.

رىسالەت ئەنسىزلىك بىلەن ئىككى ياققا قارىۋېتىپ پەسرەك سۆز باشلىدى:

— ئىپار ئاغچا دېگەن پالچى خوتۇن بارغۇ، بىزنىڭ كوچىغا قايرىلغاندىكى ئوڭدىن سانىغاندا بىرىنچى قورۇدا تۇرىدىغان، ئاشۇ خوتۇننىڭ چوڭ بىر ئۈچكىسى بار، خەقلەر ئۇ ئۈچكىنى جىنكەن دەۋاتىدۇ، قوڭغۇراقنى شۇ ئۈچكە ئوغرىلىدى چوقۇم.

— پاتىمە مۇئەللىمنىڭ تارتمىسىنى مۇڭگۈزلىرى بىلەن قانداق ئاچقاندۇ ئۇ ئۈچكە؟

— ئۈچكە دېگەن جىنغا ئايلىنىۋالسا، مىڭ

خىل ئۆزگىرەرمىش.

كۈلۈپ كەتتىم:

— ئۆچكە ئەسلىي تاغدا ياشايدۇ. تاشلىق چوققىلاردا ئوتلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ئۇنى قوتاندا باققاچقا غەلىتە قىلىقلارنى قىلىدۇ. دادام ماڭا قاغا قاقىلدىغان، سېغىزغان شاراقلىغان، ھۇۋقۇش ھۇۋلىغان ھەممىسى نورمال ئىش. بىزدە خۇراپاتلىق ئېغىر. ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە دېگەن. جىن دېگەنمۇ ئەپقاچتى گەپكەن. مەن بۈگۈن ئەتىگەن بىر جىننى يەڭدىم.

— نېمە؟! جىن؟ — رىسالەت قورقۇپ كۆزۈمگە چەكچەيدى.

— ھەئە، ئىچىمدىكى جىن بىلەن ئېلىشىپ يەڭدىم.

— ساراڭ، — رىسالەت دومسايدى، — ئادەمنى قورقۇتۇپ...

— مە - مە - مە... — ئۆچكىنى دوراپ مەرىدىم.

— ساراڭ، — رىسالەت ئاچچىقلاپ دۈمبەمگە ئۇردى.

مەن كۈلۈپ يەنە مەرىدىم. بىز رىسالەتنىڭ كوچىسىغا قايرىلىدىغان ئېغىزغا كېلىپ توختىدۇق.

— تامغا قوناق شېخى دۆۋىلەپ قويغان ئاۋۇ قورۇ ئىپار ئاغىچا پالچىنىڭ قورۇسى شۇ. خەقلەر ئۇ خوتۇننىڭ جىنلىرى بولمىسا پال ئاچالامدۇ دەيدۇ. مەن ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭغاندا ئاشۇ قورۇدىن قورقۇپ ئۆتىمەن. ئىشىك ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئىككى ياققا قايرىلغان شېخى بارغۇ، ھە ئاشۇنىڭ ھەر بىر شېخىدا بىردىن جىن بارمىش. تامغا تىزىپ قويغان قوناق شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا كاۋاك بار. بالىلار ئۇ كاۋاكلارنى جىننىڭ ئۇۋىسى دەيدۇ، — رىسالەت توڭلىدىمۇ قانداق، بۇ گەپلەرنى تىترەپ ئارانلا دېيەلىدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆيىگە كىرەيلى، پال ئېچىپ مەكتىپىمىزنىڭ قوڭغۇرىقىنى تېپىپ بەرسۇن، — دېدىم مەن.

رىسالەت:

— كىرسىڭىز سىز كىرىڭ، ئىشقىلىپ مەن ئۇ قورۇغا كىرمەيمەن، — دېدى چىرايىمدىن راست گەپ قىلغانلىقىمنى بىلىپ.

— ھېچ بولمىسا ھويلىسىدىكى سىز دېگەن ئۆچكىسىگە قاراپ باقايلى، بويىندا قوڭغۇراق بولسا سىزنىڭ بايىقى گەپلىرىڭىزگە ئىشىنەي، — دېدىم رىسالەتنى ئىشەندۈرۈپ.

رىسالەت پالچى خوتۇننىڭ دەرۋازىسىغىچە كېلىپ بولغاندا ئارقىغا تارتىنىپ تۇرۇۋالدى.

دەل شۇ چاغدا ساقاللىرىنى قىرو باسقان بىر بوۋاي ھارۋا ھەيدەپ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى.

— چوڭ دادا! — دەپ چاقىردىم ھېلىقى بوۋاينى، — ماۋۇ تامدىكى قوناق شاخلارنىڭ ئارىسىدىكى كاۋاكلار نېمە؟

— ھۇششەررە، سورىغان ياخشى ئىش، — دېدى بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئاشۇنداق تۆشۈك ئېچىپ قويمىسا ئىچىدىكى شاخلىرى سېسىپ كېتىدۇ - دە.

— رەھمەت چوڭ دادا، — دېدىم مەن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، — رىسالەت ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

رىسالەت ئۈندىمىدى. ئەمما رايىشلىق بىلەن پالچى خوتۇننىڭ ھويلىسىغا سوڭدىشىپ كىردى.

ئىپار ئاغىچا ھويلىسىدىكى يالىڭاچ باراڭ تەكتىدە رىسالەت قورقىدىغان ھېلىقى ئۆچكىسىنى سېغىۋاتاتتى. ئۆچكىنىڭ بويلىرى ئېگىز بولۇپ، تولىمۇ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان سېرىق كۆزلىرى بىزگە قادالدى - دە، مەرەپ، ئىگىسىگە بىزنىڭ كىرگەنلىكىمىزدىن خەۋەر بەردى. پالچى خوتۇن بىزنىڭ كىرىدىغىنىمىزنى بىلىدىغاندەك بىزگە «لەپپىدە» قاراپ قويدى ۋە پەرۋاسىز ئۆچكىسىنى سېغىۋەردى، ئۆچكىنىڭ ئەمچىكىدىن ئاپپاق سۈت چىرتىلداپ چىقىپ، يەردىكى ئاق كورىغا چۈشەتتى، پالچى خوتۇن مېنىڭ كورىغا قاراۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىمۇ، كورا يۈزىدىكى ئاق كۆپۈكلەرنى يۇۋلەپ قويۇپ، كورىنى ئېتەك تەرىپىگە يوشۇرغان بولدى.

— ئەسسالام ئىپار ئاپا!

رىسالەتنىڭ سالىمىغا پالچى كۈلۈپلا قويۇپ ئۈندىمىدى.

مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆچكىنىڭ بوينىغا قارىدىم. ئۆچكىنىڭ بوينىدا قوڭغۇراق يوق ئىدى. مەن قورۇ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۈم. قورۇ كىچىك بولغان بىلەن، خېلى كۆپ كالا ئېغىلى، قوتان، لاپاسلار باراڭ ئارقىسىغا رەتلىك سېلىنغان، لاپاس تېگىدە قوناق مەدىكى بىلەن رەتلىك دۆۋىلەپ قويۇلغان، خالتا-خالتا كېپەك، كۈنجۈرلەر قاتار تىزىپ قويۇلغانىدى. هويلىدىن بۇغداي ئارزىگى ۋە قىزىلچا تىرىپىسىنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. ئۆگزىدىكى دۆۋە-دۆۋە چۆپ قېلىن قارغا چۈمكىلىپ تۇراتتى. ئېغىل ۋە قوتان تەرەپتىن كالا-قويلارنىڭ تىنىقلىرى هورغا ئايلىنىپ، سوغۇق هاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى.

پالچى بىزگە قاراپ ئېڭىكى بىلەن ئۆينى ئىما قىلدى. بىز بۇنى «مۇزلاپ كېتىپسىلەر، ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىپ تۇرۇڭلار، مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ كىرىمەن» دېگىنى دەپ چۈشەندۇق-دە، توڭغان قوللىرىمىزنى ئۇۋۇلاپ، پالچى كۆرسەتكەن ئۆيگە يۈگۈردۇق.

ئىپار ئاغىچا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قېشىمىزغا كىردى.

— مەكتەپنىڭ قوڭغۇرىقىنى بىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىزچە، ئۇنى كىم ئوغرىلىغاندۇ؟

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئوغرى يوق، — دېدى ئىپار ئاغىچا كورىدىكى سۇتنى مەشكە قويغاچ.

— قۇلۇپنى بۇزۇپ ئېپكېتىپتۇ، — دېدى رىسالەت پالچىغا تەلمۈرۈپ.

— قوڭغۇراق، قوڭغۇراق... — ئىپار ئاغىچا يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى تورۇسقا تىكتى، — بۇرۇنلاردا قوڭغۇراقنىڭ هۆرمىتى چوڭ ئىدى. باللار قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوڭ بولاتتى. مەكتەپتە مەخسۇس قوڭغۇراق چالىدىغان ئادەملەر بولاتتى. كوممۇنا ۋاقتىدا داڭ چېلىنىپ ئېتىز ئىشىغا چاقىراتتى. بۇرۇنقى زامانلاردا سودىگەرلەر قوڭغۇراق ئاسقان تۆگىلەر بىلەن يۇرتمۇيۇرت مال توشۇپ ساتاتتىكەن. تۆگىنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراق ئۈنىنى ئاڭلاپ خەقلەر ئۆي-ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشاتتىكەن. بايلار قوڭغۇراقلىق ئات هارۋىلاردا غادىيىشىپ جاهان كېزەتتىكەن. هال-كۈنى ياخشىلار قىزلىرىنىڭ پۇتىغا، قوزا، ئوغلاقلىرىنىڭ بوينىغا كىچىك قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ قوياتتىكەن. يەنە... — ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرۇۋالدى. ئاندىن سوزۇپ گەپ باشلىدى، — مەھەللىمىزنىڭ باش تەرىپىدىكى دۆڭلەر ناهايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قالتىس چوڭ شەھەر ئىكەنمىش. تاملىرى قورام تاشتىن ، ئىشىكلىرى مىستىن، تورۇسلىرى شەمشادتىن ئىكەنمىش. بۇ شەھەرنى ئايىيورۇق دەپ ئاتىشار ئىكەن. نېمىشقا شۇنداق؟ شەھەرنىڭ ئايدەك يورۇق، چىرايلىقلىقىدىن شۇنداق نام ئالغانمىش. پادىشاھ يورۇقخان بوز تۇلپارىنى ئوينىتىپ نۇرغۇن جەڭ قىپتۇ. دوستلىرىنى كۈلدۈرۈپتۇ، دۈشمەنلىرىنى زار-زار يىغلىتىپتۇ. ئۇ بوز تۇلپارىنى مىنىپ هەرقانداق جەڭگە چىقسا نۇسرەت قازانماي قالمايدىكەن. تۇلپارنىڭ ئېگەر-توقۇمى ئالتۇندىن، ئۈزەڭگىسى كۈمۈشتىن ئىكەن. تۇلپارنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن قوڭغۇرىقى جىرىڭلايدىغان بولسا، دۈشمەننىڭ ئاتلىرى پىتىراپ، ئات ئۈستىدىكى هەرقانداق باتۇرمۇ قورقۇنچ ئىچىدە غالىلداپ كېتىدىكەن. شۇڭا دۈشمەنلىرى بۇ قوڭغۇراقتا بىر سىر بار دېيىشىپ، هېلىقى قوڭغۇراقنى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا كىرىپتۇ. ئاخىر بىر ئوغرىنى ئايىيورۇققا قوڭغۇراقنى ئوغرىلاشقا ئەۋەتىپتۇ. ئوغرى ئېغىر ياتقۇدا تۇلپار باغلانغان ئېغىلغا تۇيدۇرماي كىرىپ، قوڭغۇراقنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى دۈشمەنلىرى يورۇقخاننى جەڭگە چاقىرىپتۇ. يورۇقخان بۇ جەڭدىمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. ئۇ دۈشمەن پادىشاھىنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن بىر دۈشمەن بوز تۇلپاردىن ئوغرىلىنىۋالغان قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپتىكەن،

بوز تۇلپار ئۆزىنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى سېزىپ قېلىپ، تۇيۇقسىز توختاپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يورۇقخان ئاتتىن يىقىلىپ ئۆزەڭگىگە پۇتى ئىلىشىپ قاپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يورۇقخاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. دۈشمەنلەر ئايىيورۇقنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپتۇ. شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە تىرىك قويماي ئۆلتۈرۈشۈپتۇ. ئاندىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ بەزمە قىلىشىپ، بىر ھەپتە هاراق-شاراب ئىچىشىپتۇ. بۇ قانخورلۇقنى كۆرگەن خۇدايىمنىڭ غەزىپى تېشىپ، توپا بالاسى بېرىپتۇ. ئاسماندىن كوركىراپ ئەت توپا يېغىشقا باشلاپتۇكى، يەتتە كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن شەھەر تاغدەك زور تۆپىلىككە كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يورۇقخاننىڭ ئېتىنىڭ قوڭغۇرىقى قاچانكى يەنە بىر جەرىڭلىسا، بۇ شەھەر ئەسلىگە قايتار ئىمىش... كىم بىلىدۇ، قوڭغۇراق ئوغرىلىرى مۇشۇ ئىشنى كۆزلەۋاتامدۇ...

بىز بۇ ھېكايىنى بېرىلىپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىلدۇق.

— ھە، دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، ئەمدى ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار.

ئىپار ئاغچا شۇنداق دەپ داس يېنىدىكى چۆگۈننى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. رىسالەت ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشتۇق.

چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە كېتىۋاتاتتىم، يولدا پاتىمە مۇئەللىم ئۇچراپ قالدى. بىز يوللاردا مۇئەللىملىرىمىزنى كۆرسەك، نېمىشقىكىن مۆكۈۋالاتتۇق. ئەمما مەن بۇ قېتىم ئۇنداق قىلمىدىم. يۈگۈرۈپ مۇئەللىمگە يېتىشىۋالدىم. پاتىمە مۇئەللىم خىيال بىلەن كېتىۋاتقان چېغى، يېقىنلاپ كېلىشىم بىلەن چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى-دە، مېنى كۆرۈپ «ئۇھ» دېگەنچە كۈلۈمسىرىدى:

— ھە سەنمۇ، ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىۋاتامسەن؟

— ھەئە.

بىز گەپ قىلماي ماڭدۇق. بىر ھازادىن كېيىن مەن گەپ قىلدىم:

— مۇئەللىم، تارتمىڭىزدا راستىنلا قوڭغۇراقتىن باشقا نەرسە ئوغرىلانماپتىمۇ؟

مۇئەللىمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى يەنە خىيالغا پاتتى:

— ئويلاۋاتىمەن، ئاختۇرۇۋاتىمەن، قوڭغۇراقتىن باشقا نەرسە يىتكەندەك ئەمەس.

— ئوغرى نېمىشقا قوڭغۇراقنى ئوغرىلايدىكىنا؟

— بۇمۇ ئاجايىپ ئىش، مەكتىپىمىزگە تۇنجى قوڭغۇراق ئورناتقاندىن باشلاپ بۇ مىس قوڭغۇراق دېرىزىدە توپا بېسىپ ياتقان، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئەمدى تارتمىغا سېلىپ قويسام، تارتمىنى چېقىپ ئەكەتكىنى قىزىق.

— ئۇ قوڭغۇراق بۇرۇندىن مۇشۇ مەكتەپتە بارمىدى؟

— مەن مەكتەپكە يېڭىدىن مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن يىللىرى ناھىيەدىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنغان، ئاۋازى ناھايىتى زىل، ئۆلچەملىك مەكتەپ قوڭغۇرىقىمىز بولىدىغان. كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى. بىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مۇشۇكەن-دە، دەپ يۈرسەك، ئىش ئۆلغىيىپ پېشقەدەم مۇئەللىملىرىمىزنى ئاچىقىپ، باشلىرىغا ئۇچلۇق قەغەز بۆكلەرنى كىيگۈزۈپ سازايى قىلدى. بوينىغا داس ئېسىپ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە تىللاتقۇزۇپ، كوچىمۇكوچا داڭ ئۇرغۇزدى. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنى مەيدانغا دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ كۆيدۈردى. بۇ پالاكەتتىن مەكتىپىمىزنىڭ قوڭغۇرىقىمۇ ئامان قالمىدى. ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى بىر كۈنى مەكتەپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ بىزنى بىر يەرگە

يىغىپ: «بۇ قوڭغۇراق — بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارشى ياڭرىغان ئەكسىيەتچىل سادا، بۇنى بىز مۇسادىرە قىلىمىز» دېيىشىدى چىدىيالماي قالدۇق. مەن ئۇ كاتىپباشقا سۆزلەپلا كېتىپتىمەن: «مەكتەپ قوڭغۇرىقى — مەرىپەت مارشى! ئىشچىلار گۈدۈك بىلەن ئىشقا چىقىدۇ. بىز ۋە ئوقۇغۇچىلار قوڭغۇراق بىلەن دەرسكە كىرىمىز. مۇشۇ سادا نەدە ياڭرىسا شۇ يەردە نادانلىق بولمايدۇ. بەخت بولىدۇ، يۈكسىلىش بولىدۇ، ئەقىل بولىدۇ، مەدەنىيەت بولىدۇ...» كاتىپباش قوڭغۇراقنى بېشىمغا ئاتتى. ياندىكى ئىسيانچى چاپارمەنلىرى قولۇمنى قايرىپ يەرگە ئېڭىشتۈردى. «سەن قوڭغۇراققا ئاشىق ئوخشىمامسەن؟» دېدى ھېلىقى كاتىپباش يېنىمغا كېلىپ. «شۇنداق، سەبىي قەلبلەرنى ئىلىم-مەرىپەتكە چاقىرىدىغان قوڭغۇراقنى كىممۇ ياخشى كۆرمەسۇن!» دېدىم مەن غەزەپ بىلەن. «ھە ياخشى گەپ، — دېدى كاتىپباش، — سەن بۇ گۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئەخلەتلىرىنى توشۇيسەن. مۇشۇ قوڭغۇراقنى ئۈيمۇئۈي جىرىڭلىتىپ خەقنىڭ ئەخلەتلىرىنى يىغىسەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن مەكتەپتىن ھەيدىلىپ، تازىلىق ئىشچىسى بولدۇم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» توگىگەندە ھەممە ئىشلار ئەسلىگە كەلدى. مەنمۇ ئەخلەتخانىدىن دەرس مۇنبىرىگە قايتىپ كەلدىم. مەكتەپكە قايتقاندا يەنە ھېلىقى قوڭغۇراقنى ئېلىپ قايتتىم. بۇ چاغدا ئۇ قوڭغۇراق بۇزۇلۇپ ئاۋازى تۈزۈك چىقماس بولۇپ قالغانىدى. مەكتەپنىڭ بىقىنىدا ئولتۇرۇشلۇق خان موماي مېنى ئىزدەپ كىرىپ: «قىزىم، بىزنىڭ ئۆيدە مەرھۇم ئېرىمدىن قالغان ئات قوڭغۇرىقى بار. ئاۋازى ناھايىتى ساز چىقىدۇ. ئېرىم بۇ قوڭغۇراقنى كۈنده بىر رەت سۈرتەتتى. لوپا ئەينەك بىلەن قوڭغۇراقتىكى غەلىتە سىزىقلارغا سىنچىلاپ بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتەتتى. سىزگە بۇ قوڭغۇراقنىڭ جىنى چاپلاشتىمۇ؟ دېسەم، ھەئە، بۇنىڭدا سىر تولا دەپ كېتەتتى. شۇڭا بۇنى مەكتەپكە تەقدىم قىلاي. بۇ قوڭغۇراق كۈنده مەكتەپتە جىرىڭلاپ تۇرسا، مەرھۇمنىڭ روھى خۇش بولغۇدەك. مەنمۇ مەرھۇمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك خۇش بولغۇدەكمەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ خان موماي بەرگەن قوڭغۇراقنى مەكتىپىمىزگە توك تارتىپ، توكلۇق چىراغ، توكلۇق قوڭغۇراق بېكىتكىچە ئىشلەتتۇق. بەزى نەرسىلەر قارىماققا ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئەمما ئەھمىيىتى شۇنداق زوركى، قەدىرلىگەن ئادەملەر ئۈچۈن تولىمۇ مۇقەددەس بولىدىكەن. ئەمما، قوڭغۇراقنى ئوغرىلاش — ھەقىقىي قەدىرلەش ئەمەس، بۇ بىر غەلىتە ئىش. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان غەلىتىلا بىر ئىش...

مەن ئاددىي بىر قوڭغۇراق توغرىسىدىكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، ئۆزۈممۇ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدۇم.

### 4. خان مومايىنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشى

پاتىمە مۇئەللىم بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن قالغىنىمىزدا، كىشىلەرنىڭ خان مومايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردۇق.

— نېمە بوپتۇ؟

— خان مومايىنى ئىس ئەكېتىپتۇ!

— ئۆزى ھاياتمىكەن؟

— دوختۇرخانىغا ئەكېتىشتى، خۇدىنى بىلمەي بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپلا كەتتىغۇ تاڭ.

— ھەي، يالغۇزلۇق يامان. بىرەر ھەمراھ بولغىنىدا بۇنداق ئىسمۇ ئەكەتمەس بولغىيتى.

— ھېلىمۇ تەلىيىگە بىزنىڭ ئاۋدۇن بىلگەندەك ئۆيىگە كىرىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ دېسە.

ئاۋدۇن ئاكا مەكتىپىمىزنىڭ كۆزەتچىسى ئىدى. مىجەزى كىچىك بالىدەك بولغاچقىمىكىن، بىز ئۇنى تولا ئەخمەق قىلاتتۇق. «ئاۋدۇنكا، دەرەخ ئۇچىدىكى ئاۋۇ لەگلەكنى ئېلىپ بەرسەڭ، بىر مو بېرىمىز» دېسەك، دەرەخكە مايمۇندەك يامىشىپ چىقىپ، ئىشتىنىنىڭ ئېغىنى يىرتىپ لەگلىكىمىزنى ئەپچۇشۇپ بېرىدۇ. بىز لەگلەك-

نى ئېلىپ: «بىر مو پۇلۇڭنى ئەتە بانكىنى ئاچقاندا ئېلىپ بېرەيلى» دېسەك، «ماقۇل، بانكىنىڭ پۇلى دېگەن يىپيېڭى، تاراق-تاراق قىلىدۇ» دەپ خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى كىچىك بالىدەك بولغان بىلەن، تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ. مەكتەپ ھويلىسىدىكى جىگدە، سېرىنگۈللەرنى ئاۋدۇنكام تىكىپ پەرۋىش قىلغان، قىشۇياز مەكتەپنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، چىنىدەك پاكىز قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ھەممىمىز ئامراق.

— ئاۋدۇن، يارايسىز! — دېدى پاتمە مۇئەللىم ياندا گاڭگىراپ تۇرغان ئاۋدۇنغا، — خان مومايىنىڭ ئىستا قالغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئاخشام خان مومامنىڭ ئۆگزىسىدە جىن كۆردۈم... جىن...

— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ بۇ گالۋاڭ، — خان مومايىنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئاۋدۇن كۈندە چۈشتە خان مومايىنىڭ ئۆيىدە قورسىقىنى تويغۇزىدۇ، شۇڭا بايقىغان گەپ.

«توغرا، توغرا» دېيىشتى قالغانلار بۇ گەپتىن رازى بولۇشۇپ.

— مۇڭگۈزى بار جىن... تۇرخۇنغا چىقىۋالغان جىن...، — ئاۋدۇنكام ئىلىشىپ قالغاندەك «جىن – جىن» دەۋەردى. بىز «پاراقىدە» كۈلۈپ كەتتۇق.

چۈشتىن كېيىنلىك تەكرار تۈگىدى. مەن ئەتىگەنكى ھېلىقى سىرلىق ئىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خان مومايىنىڭ ھويلىسىغا كىردىم. ئۇ ئاياغ ئىزى تونۇر تۆپىسىدىكى قاردا ئېنىق ساقلىنىپ تۇراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا كىمدۇر بىرى تونۇرغا چىقىپ، ئاندىن بۇ يەردىن ئۆگزىگە ياماشقاندەك قىلاتتى. مەن ھېلىقى ئاياغ ئىزىنى يانداپ دەسسەپ ئۆگزىگە چىقتىم. ئاياغ ئىزى تۇرخۇنغا كېلىپ توختىغان، تۇرخۇن ئالدىدىكى قارلارنى چەيلەپ چىگدىۋەتكەنىدى. مەن تۇرخۇنغا دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈردۈم. بۇ ئىچ تەرىپى ئىسلىشىپ، قارىداپ كەتكەن پاكار تۇرخۇن ئىدى. قولۇمنى تۇرخۇن ئىچىگە تىقىشىم بىلەن قولۇمغا يۇڭدەك بىر نەرسە ئۇرۇندى. مەن يېڭىمنى تۈرۈپ، تۇرخۇن ئىچىگە قولۇمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاتتىم. ئاخىر سىقىمداپ يۇڭدەك نەرسىنىڭ بىر بۆرجىكىنى تۇتۇۋالدىم. قولۇم قورقۇنچ ئىچىدە تىترەيتتى. بىرئاز توختاپ تولۇق نەپەس ئېلىۋالدىم-دە، كۈچەپ تۈرۈپ ئۇ نەرسىنى تارتتىم. ئاخىر ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالدىم. بۇ كىگىز پارچىسى ئىدى. «كىگىز پارچىسى قانداق قىلىپ تۇرخۇن ئىچىدە بولۇپ قالىدۇ؟» تۇرخۇنغا كىگىز كەپلەپ قويغاچقا ئىس تېشىغا چىقالماي، ئۆي ئىچىگە قايتىپ خان مومايىنى ئىسقا قويغان ئىكەن-دە، خان مومايىنى بىرى ئىستا تۇنجۇقتۇرۇپ نېمە قىلماقچىكىنا؟...

قورقۇپ كوچىغا چىقىۋالدىم. نەگە باراي؟ پاتمە مۇئەللىمنىڭ قېشىغا؟ ياق، ئۇ دېگەن مۇئەللىم، ساقچى ئەمەس. توغرا، ساقچىنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك. بىزنىڭ كەنتتە «ئەكرەم ساقچى» دەپ بىرلا ساقچى بار. تېلېۋىزورلاردا ساقچىلار ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كىيىنىشىدۇ، تاپانچا-كويزىلىرى، ئوق ئۆتمەس كىيىملىرى، ھەتتا ئاپشاركا ئىتلىرى، قاشقىسى چىرقىراپ، يېنىپ تۇرىدىغان ماشىنىلىرى بولىدۇ. كەنتىمىزنىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىسىنىڭ پەقەت شەپكىسى بار، ئاچقۇچلار بىلەن قوشۇپ بىقىنىغا ئېسىۋالغان كويزىسىدىنلا ساقچىلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىشتان-چاپانلىرى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى كىيىمى. ئەكرەم ساقچى مەھەللىدىكى قوشنىلار ئارا جېدەللەر بېسىقماي قالغاندا: «بولدى-ھە، ھېلى بىكار تۇتۇپ ئەكەتمەي» دەپ جېدەللەرنى بېسىپ قويىدۇ. بىر كۈنى ئىككى مەست ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ مەھەللىنى بېشىغا كىيگەندە، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆيىدىكى ئامبارغا بىر كېچە سولاپ مەستلىكتىن يېشىلگەندە قويۇۋەتكەن. مەيلى قانداقلا بولسۇن ئۇ دېگەن ساقچى، ئۇنىڭ قېشىغا باراي.

ئەكرەم ساقچىنى ھويلىسىدا قار تازىلاۋاتقان يېرىدىن تاپتىم.

— ئەكرەم تاغا، سىزگە دېلو مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

ئەكرەم ساقچى قولىدىكى كۇرەكنى قارغا تاشلاپ قېشىمغا كەلدى:

— ھە، يولدىن پۇل تېپىۋالمىغانسەن؟

— خان مومامنىڭ ئىستىن زەھەرلىنىپ دوختۇرخاندا يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟

— خەۋىرىم بار، ئوت قالىغاندىكىن بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ-دە!

— بۇ بىر قەست! سۇيىقەست...

— چوڭ بولغاندا ساقچى بولغۇڭ بار كەن-دە؟

— ئەستا...

تېرىكىپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— ئۆتكەندە، — دېدى ئەكرەم ساقچى قاردىكى كۇرەكنى قايتا قولىغا ئېلىپ، — سەن دېمەت ئىككى بالا بىر ئېشەكنى ئالدىمغا ئېلىپ كەپتۇ، «بۇ ئېشەكنى يولدىن تېپىۋالدۇق» دەپ. كەينىدىنلا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. «بۇ ئېشەك مېنىڭ. يولدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، دۇكاندىن نەرسە ئېلىپ چىقسام، بۇ ئىككى بالا ئېشەككە تەڭ مىنگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بالىلىرىم، ئېشەكتىن چۈشۈڭلار دېسەم، چۈشمەيمىز، بۇ ئېشەكنى تېپىۋالدۇق، ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز دەيدۇ. ئېشەك مېنىڭ، ماڭىلا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار دېسەم، ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك، مەكتەپ بىزنى لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ئېشەك تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىغان دەپ مۇكاپاتلايدۇ دەيدۇ. ئۇنداق بولسا بوپتۇ بالىلىرىم، دەپ ئارقىسىدىن تەڭ ئەگىشىپ قېشىڭىزغا كېلىشىم» دېدى. سەن ئۇنداق يالغان لېي فېڭ بولمەن دېمە جۇمۇ بالام، — ئەكرەم ساقچى شۇنداق دەپ كۇلدى، ئاندىن قوشۇمىسى تۇيۇقسىز تۈرۈلدى، — ھەر راست، كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— قاسىم ئىنژېنېرنىڭ بالىسى. ئىسمىم ئەسئەت، 5-يىللىق 2-سىنىپتا ئوقۇيمەن.

ئەكرەم ساقچى بىپەرۋا قىياپەتتىن ئەستايىدىل ھالەتكە ئۆتتى.

— ھە، نۇخان ئاپىمىزنىڭ نەۋرىسىكەنسەن-دە، داداڭ بىلەن مەن بالا ۋاقلىرىمىزدا مۇشۇ يېزىدا تەڭ پادا بېقىپ چوڭ بولغانمەن. داداڭ ئاجايىپ ئېسىل ئادەم ئىدى. مانا قاش-كۆزلىرىڭ داداڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرمامدۇ. بايام نېمە دېدىڭ؟ قايتا بىر دېگىنە.

مەن روھلىنىپ سۆزۈمنى قىلدىم:

— ئەتىگەن خان مومامنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئاياغ ئىزىدىن سەل گۇمان قىلغان. شۇڭا بايام ئاشۇ ئاياغ ئىزىدىن ئەگىشىپ مومايىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقسام، تۈرخۈنىغا كىگىز كەپلەپ قويۇلۇپتۇ. بىرى خان مومايىنى ئىستا زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى ئوخشايدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام؟ — ئەكرەم ساقچى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، باراڭغا ئېلىپ قويغان ساقچى قۇلاقچىسىنى كىيدى. ئاندىن بىقىنىنى سىلاپ قويۇپ، ماڭا «يۈر» دەپ تالانى شەرت قىلدى.

تۇۋا، خان مومايىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھويلا ئىچى، تونۇر ئۈستى، ئۆگزىدىكى قارلار پاك-پاكىز سۈپۈرۈلۈپ ھېلىقى گۇمانلىق ئاياغ ئىزى يوقىغان، تۈرخۈن يېنىدىكى كىگىز پارچىسىمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى.

مەن نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى ئۇقالماي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا، ئاۋدۇنكام ئۆيدىن چىقىپ قالدى، ئۇ بىزنى ئۆگزىدە كۆرۈپ، قورقىنىدىن قولىدىكى كۈل چېلەكنى تاشلىۋەتتى. ئۇ بىزگە بىردەم چەكچىيىپ قاراپ، بىرئازدىن كېيىن ئېسىنى تاپتى:

— ئەكرەمجان ساقچىكەنسىز-دە، جىن تۇتاي دەپ كەپسىز-دە، ۋاي خۇدايىم، جىنىنىڭ قولىغا كويزا سالغىلى بولامدىكەن؟

بىز ئۆگزىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردۇق.

— ئاۋدۇن، قارلارنى سەن تازىلىۋەتتىڭما؟ — ئەكرەم ساقچى سورىدى.

— ھەئە، خان ئاپام خۇش بوپ كېتىدۇ-دە،خان

ئاپام خۇش بوپكەتسە، مەن خۇش بوپ كېتىمەن. مەن خۇش بوپكەتسەم خان ئاپام خۇش بوپكېتىدۇ، ئاندىن كېيىن...

— ئۆگزىدىكى كىگىز پارچىسى قېنى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئۇ دېگەن جىننىڭ چېچى... — دېدى ئاۋدۇنكام قورقۇپ.

— ھە ئېيتە، كىگىزنى كۆرمىدىڭما؟ — ئەكرەمكام سورىدى.

— كىگىزنىما؟ ھە مۇنداق دېمەمسىلەر. كۆردۈم- كۆردۈم.

— قېنى كىگىز؟ — دەپ سورىدۇق ئەكرەمكام بىلەن تەڭلا.

— جۇرۇڭلار! — ئاۋدۇنكام بىزنى خان مومايىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. مەن ئەكرەمكامنىڭ ئالدىدا ئاخىر گېپىمنىڭ راست چىققانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۇھ دەپ يېنىك تىندىم.

ئاۋدۇنكام ئۆيدىكى سۇپىغا سېلىنغان چوڭ قارا كىگىزنى كۆرسەتتى:

— مانا كىگىز!

ئەكرەمكامنىڭ چوتكىدەك قاشلىرى تۈرۈلدى.

— ئەستا، كاللا دېسە پاقالچەك دەيدىغۇ مۇنۇ.

— بۇ كىگىز بولماي نېمە. مېنى كىگىزنى بىلمەيدۇ دەۋاتسىلەر-ھە. گىلەم دېگەن گۈللۈك بولىدۇ، كىگىز دېگەن تۈكلۈك بولىدۇ.

ئەكرەم ساقچى ئاۋدۇنكامغا ئەمەس، ماڭا ئالايدى.

— ئەسئەت بالام، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولساڭ، قۇلىقىڭنى ئۈزۈپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن جۇمۇ! — ئەكرەمكام شۇنداق دەپ ئىشىكنى «گۈپپىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى.

كەچتە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. قوڭغۇراقنىڭ ئوغرىلانغىنى ئېنىق، قوڭغۇراقنىڭ ئەسلى ئىگىسى خان موماي قەستكە ئۇچرىدى. بۇلارنى چوقۇم بىر ئادەم قىلغان. ئاددىي بىر قوڭغۇراق ئۇچۇن مۇشۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭ پالچى خوتۇن دېگەندەك يورۇقخانىنىڭ تۈلپارىغا ئاسقان سىرلىق قوڭغۇراق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئاۋدۇنكام دېگەندەك جىن قىلغان ئىشمىدۇ؟ ئاۋدۇنكام «مۇڭگۈزى بار جىن» دېگەن گەپنى قىلدى. بۇ ئىشنى رىسالەت دېگەندەك ئۆچكە قىلغانمىدۇيا؟ بۇ زادى قانداق قوڭغۇراق؟ توۋا، جىنغا ئىشەنمەيمەن دەپ يەنە مۇشۇنداق گەپلەرگە ئىشەنگىنىم نېمىسى...

## 5. ئاۋدۇن بىلەن خان موماي ئارىسىدا

ئۇھ، ئاخىر مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلىرىمىز تۈگىدى. ئەمدى قوڭغۇراق دېلوسىنى خاتىرجەم ئېنىقلايدىغان بولدۇم. بۇ ۋەقەنى ھەممىسى ئۇنتۇپ كەتكەندەك تۇراتتى. بازارغا ئاچىقىپ ساتسا بىر-ئىككى يۈەنگە يارايدىغان نەرسە، يىتسە كىم پەرۋا قىلىدۇ دەيسىز. بىراق مەن پەرۋا قىلىمەن. چوقۇم بۇ قوڭغۇراقتا بىر سىر بار. ئەمما، ھازىر يىپ ئۇچى ئۈزۈلدى، ئەكرەم ساقچىمۇ مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا مېنى: «كىچىك تۇرۇپ يالغان- ياۋىداق نەرسىلەرنى ئويدۇرغىنىنى قاراڭلار. چوڭ بولسا ئالدامچى بولغۇدەك» دەۋاتىدۇ.

— مىس قوڭغۇراق دېلوسىنى بىللە ئېنىقلامدۇق؟ — دېدىم رىسالەتكە بىر كۈنى.

— بىللە ئېنىقلايلى، — دېدى رىسالەت خۇش بولۇپ.

— بۇ دېلونى پاش قىلىشقا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ — رىسالەتكە ساقچىلاردەك سوئال تاشلىدىم.

— ئىشەنچىم يوق، — دېدى رىسالەت، — دېلو دەپكەتكۇدەك ئىشمۇ يوق.

— ئۇنداق بولسا نېمە دەپ قاتنىشىمەن دەيسىز؟ — دېدىم تېرىكىپ.

— تەتىلدە بىكارچىلىقتا ئىچىم پۇشۇپ كەتمىسۇن دەيمەن-دە.

— سىزگە بۇ ئىش ئويۇنكەن-دە، خەپ!

— بولدى تېرىكمەڭ خېيمەن، قېنى ھەرىكەتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

— نەدىن داۋاملاشتۇرىمىز؟ بارلىق يىپ ئۇچى-

نى ئاۋدۇن دېگەن كۆزەتچى كالۋا بۇزۇۋەتكەن تۇرسا.

— ئۇنداق بولسا تەكشۈرۈشنى ئاۋدۇنكامدىن باشلايلى.

رىسالەتنىڭ گېپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن، — مەن ئاۋدۇنكامنىڭ پېيىگە چۈشەي، سىز يېزا دوختۇرخانىسىغا بېرىپ خان مومام بىلەن كۆرۈشۈڭ.

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — رىسالەت بېشىنى لىڭشىتتى. بىز ئىشىمىزنى باشلىۋەتتۇق، مەن چانامنى سۆرەپ ئاۋدۇنكامنىڭ قېشىغا باردىم.

— چاناڭنى بىر ئوينىۋالاي، — دېدى ئاۋدۇنكام ماڭا تەلمۈرگىنىچە.

— تۆپىسىدىكى تاختىيىنى قېقىپ بەرسەڭ، يېرىم سائەت ئوينىساڭ ئوينا، — دېدىم مەن شەرت قويۇپ. ئاۋدۇنكام چانىنىڭ ئاجراپ قالغان تاختىيىنى كۆرۈپ:

— ۋاي ياشاپ كەت! بۇنداق ئىشلارغا مەن ئۇستا، — دېدى-دە، چانىنى سۆرەپ كۆزەتخانىغا ئەكىردى. مەنمۇ ئەگىشىپ كەينىدىن بىللە كىردىم. ئۇ جابدۇق ساندۇقىنى تېپىپ، ئىچىدىن بولقا، ئەتۋېركە، مىخ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىشقا تۇتۇندى.

— ئاۋدۇنكا، سەن جىندىن قورقامسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بولقا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— قورقمايچۇ، جىن دېگەن جاننى ئالىدىغان تۇرسا! — ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئۆتكەن قېتىم قار ياغقاندا بىر جىن ئالدىمغا ئۇچرىغان، چامپۇتلاپ يىقىتىپ بىقىنىغا تېپىۋېدىم، «ئاپا» دەپ يىغلاپ قېچىپ كەتتى. ساڭىمۇ شۇنداق جىن ئۇچراپ باققانمۇ؟ — دېدىم ئۇنى كولدۇرلىتىپ.

ئاۋدۇنكام يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاشۇ كۈنى ئۇ جىن باشتا خان مومامنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئاندىن ئۆگزىگە چىقتى. ئاندىن مەكتەپكە كىردى. قورقۇپ جېنىم چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى...

— سەن ئۇ جىننىڭ خان مومامنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى قانداق كۆردۈڭ؟

— تالادا تىۋىش ئاڭلاپ سىرتقا چىققان. قارىسام، ئاپپاق كىيىم بىلەن مۈڭگۈزلىرىنى ئوينىتىپ كېلىۋاتامدۇ ئۇ جىن. بۇلۇڭغا مۆكۈنۈۋېلىپ قاراپ تۇردۇم. خان ئاپامنىڭ دەرۋازىسىدىكى قۇلۇپنى سىلاپ تۇرۇپ ئېچىۋەتتى. ئاندىن خان ئاپامنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندەك قىلدى. بىر چاغدا قارىسام، ئۇ جىن ئۆگزىدە تۇرىدۇ. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مۇشۇ ئۆيگە كىرىۋالدىم. ھېلىقى جىن ئۇ يەردىن چىقىپ مەكتەپكە كىردى. ئاندىن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ كۆزۈمنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدىم. كۆزۈمنى شۇ يۇمغانچە بىرەر سائەتچە ئاچمىدىم. تاڭ سەل يورۇغاندا، مەكتەپكە بالىلار كەلدى. بالىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئاندىن تالاغا چىقتىم. ئېغىزلىرىمغا قارا، — ئاۋدۇنكام ماڭا كالپۇكلىرىنى كۆرسەتتى، — قوقاق چىقىپ كەتكىنى ئاشۇ جىندىن قورقۇپ بولغان ئىش.

— قوڭغۇراقنى شۇ جىن ئەپكېتىپتۇ-دە.

— شۇ، خىزىر شوجاڭغا دېسەم، ئىشەنمىدى ئەمەسمۇ.

ئاۋدۇنكام چانامنى رېمونت قىلىشنى باشلىدى، مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە رىسالەت قېشىمغا كەلدى. مەن ئاۋدۇنكامنىڭ قىلغان گەپلىرىنى دەپ بەردىم.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەرۋاھلار ئاشۇ قوڭغۇراقنى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەڭ ياخشىسى، جىن-ئەرۋاھلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايلى، — دېدى رىسالەت جىددىيلىشىپ.

— قاقۋاش ئوغرىلار خەقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قىلغان بىر نەيرەڭ بۇ، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن، — ھەرقانچە بولسىمۇ ھازىرقى جىنلار تەرەققىي قىلىپ تەنتەربىيە ئايىغى كىيمەس.

— خان مومامنىڭ قۇلۇپىنى سىلاپ ئېچىۋەتكىنىچۇ ئەمىسە؟

— ئۇ قۇلۇپنى مەنمۇ سىلاپ ئېچىۋېتەلەيمەن.

— قانداقسىگە؟ سىزنىڭمۇ سېھىر-ئەپسۇندىن خەۋىرىڭىز بارمۇ-يە؟

— ئۇ دېگەن تارتسا ئېچىلىپ كېتىدىغان بۇزۇق قۇلۇپكەن، خۇددى بىزنىڭ كۆمۈرخانىمىزنىڭ قۇلۇپىدەك، مەن بۇنى ئالدىنقى كۈنى سىناپ كۆرگەن.

— ۋاي توغرا! — توۋلىۋەتتى رىسالەت پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — ئۆتكەن ئايدا خان مومامنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەندە، خان مومام قۇلۇپنى قولى بىلەن تارتىپ ئېچىپ بىزنى هويلىسىغا باشلاپ كىرگەن.

— ئەمدى سىز كاللىڭىزدىكى جىن-پىن دېگەنلەرنى چىقىرىۋېتىڭ. هە دەڭا، خان مومامنىڭ قېشىغا باردىڭىزمۇ، ئەهۋالى قانداق تۇرۇپتۇ؟

— خان مومامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ناهىيەلىك دوختۇرخانىغا ئەپكېتىپتۇ، — رىسالەتنىڭ چىرايى مۇڭلاندى، — خان مومام چوقۇم ئۇ ئوغرىنى بىلىدۇ.

— توغرا، — دېدىم مەن، — جىن سىياقىغا كىرىۋالغان ئوغرىنىڭ خان مومامنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكى ئېنىق، ئاۋۇدۇنكام بۇنى كۆرگەن.

— بىراق، — رىسالەت ماڭا مەيۈس باقتى، — خان مومامنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ ئەمەسمۇ.

— توغرا، توغرا.

— ها-ها-ها! — رىسالەتنىڭ چىرايىنى بىردىنلا كۈلكە قاپلىدى، — خان مومام ئوغرىنى بىلىدۇ دېسەممۇ توغرا دەيسىز، ئۇ ئوغرىنى تونۇمايدۇ دېسەممۇ توغرا دەيسىزغۇ؟

— توغرا، تونۇمىغان بىلەن بىلىدۇ.

— هە، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— ناهىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىش كېرەك.

— پاھ، — رىسالەت هەيران بولدى، — ئاپتوبۇسقا چىققۇدەك پۇلىڭىز بارمۇ غوجام؟

— مەندە پۇل نېمە قىلسۇن. ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلىپ تېيىلىپ بارمامدۇق.

— ئادەمنى قورقۇتماڭە. بىزنىڭ سىنىپتىكى ئەكرەم ماشىنىغا ئېسىلىپ توكۇر بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ناهىيەگە باردۇقمۇ دەيلى، ئۇ يەردىكى دوختۇرخانىنى قانداق تاپىمىز، قانداق مېڭىپ قايتىپ كېلىمىز؟

— مەن ناهىيەدە تۇغۇلۇپ تاكى دادام تۇگەپ كەتكىچە شۇ يەردە تۇرغان، هەممە يېرىنى بەش قولدەك بىلىمەن، ماشىنىغا ئېسىلىپ ناهىيەگە بېرىۋالساقلا قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

— ۋاي بولدى. يېمەي-ئىچمەي يىغقان هېيتلىق پۇلۇمنى ئاچىقاي. ساۋاقداشلىرىم: «هەي، مۇشۇ ۋاقىتچە سېنىڭ پۇل خەجلەپ باققىنىڭنى كۆرمىدۇق» دەيتتى. مانا ئەمدى سىز خەجلىۋېتىدىغان بولدىڭىز ئاخىر. بوپتۇ خەجلىسەممۇ خەجلەي، بىكار سىنىپىمىزدا يەنە بىر مېيىپ بالا كۆپەيمىسۇن يەنە.

مېنىڭ مەقسىتىممۇ رىسالەتنى پۇل خەجلىتىش ئىدى.

— ئەمما، — دېدى رىسالەت چىقىمغا چىدىماي، — كېيىن پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىسىز.

— ئۇنداق ئىش يوق. مەن سىزگە يول باشلايدىغان تۇرسام، بۇنى بىكارغا قىلامدىم؟

— ۋاي بوپتىلا، پۇل مەندىن، يول باشلاش سىزدىن.

— هە، بۇ گېپىڭىز توغرا بولدى.

بىز ئاپتوبۇستا ناهىيە بازىرىغا ماڭدۇق. رىسالەت هەر ئىككىمىز بەكلا خۇشال ئىدۇق. ئۆزىمىزنى چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندەك هېس قىلاتتۇق. يېزىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل سەپەر قىلغانلىقىمىز ئىچ-ئىچىمىزدە سۆيۈنۈش پەيدا قىلاتتى. ئېتىز يۈزىدىكى ئۇيۇقا، تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن كۈمۈش قارلار چەمبىرەك نۇرلارغا قوشۇلۇپ كۆزنى چاقاتتى، شۇ تاپتا سۇزۇك كۆكتىكى كەپتەرلەر بىلەن تەڭ موللاق ئاتقۇمىز، ئاشۇ دالىدىكى يالتىراق قاردا دومىلىۋالغۇمىز كېلەتتى. چىرايىمىز سىرتتىكى ئوچۇق هاۋادەك، بىر-بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشەتتۇق. گويا ئۇزاق سەپەرگە چىققاندەك رىسالەت نان، كىشمىش دېگەنلەرنى ئېلىۋالغانىدى. يول ياقىسىدىكى يالىڭاچ تېرەكلەر ئاپتوبۇسنى قوغلاپ،

بىزگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

خان موماي ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ 2-قەۋىتىدىكى زالغا ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. زالدا ئۇيان-بۇيانغا ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە تىك تۆمۈر خادا بولۇپ، ئۇستىدە ئىككى ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسى قاپاقتەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرىدىن دورا سۈيۈقلۇقى مىسىلداپ تېمىپ، خان مومايىنىڭ بىلىكىدىكى بۆرتۈگەن تومۇرىغا ماڭماقتا ئىدى. مومايىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، كالپۇكلىرى قۇرۇشقان، كۆمۈشتەك چاچلىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، ئۆزى يوتقاننى چىڭ يېپىنچاقلاپ كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، بىچارە مومايىنىڭ تىنىقى بار ئىدى.

مەن دوختۇرلار ئىشخانىسىغا كىردىم. بۇ يەردە ئۈچ دوختۇر مۈكچىيىپ نېمىلەرنىدۇر يېزىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— سىلەر بىزنىڭ خان مومىمىزنى زالغا ياتقۇزۇپ قويۇپسىلەر، — دېدىم ئۇلارغا ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، — نامرات، يانچۇقىدا پۇلى يوق، سەھرالىق، دەپ شۇنداق قىلدىڭلار تايىنلىق. سىلەرنىڭمۇ خان مومامدەك ئاپاڭلار، موماڭلار بار بولغىيتى. دوختۇرخاناڭلارنىڭ تۆت كارىۋىتى بار بىرەر ئېغىز ئۆيىگە ئەكىرىپ قويساڭلار نېمەڭلەر كېتىدۇ سىلەرنىڭ... — يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىرىم ئېسىمدە يوق. ئىچىمدە يەنە دېگۈدەك گەپ قالمىغان چېغى، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىمچە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتىم. پۇتلىرىم ئۆزى بىلگەنچە كېتىۋاتاتتى، دادام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مەن مۇشۇ دوختۇرخانىدا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. شۇ چاغدا دادام مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتكەنىكەن، «خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە ئوغلۇمنى چەت ئەللەردە ئوقۇتىمەن» دەپ كېتىپتىكەن. دادامنىڭ ئۆمرى مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈشۈمگىمۇ يار بەرمەي قالدى. دادام مەن تۇغۇلغان مانا مۇشۇ دوختۇرخانىدا جان ئۈزگەنىدى...

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم، ناھىيەدە تۇرغان بۇرۇنقى ھويلىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئارقامغا ئۆرۈلدۈم، ئارقامدا رىسالەت تۇراتتى. ئۇ باياتىن ئارقامدىن ئۈنسىز ئەگىشىپ كەلگەنىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئورنىدا ئاپام ياكى مومام بولغان بولسا، ئېسىلىپ يىغلىۋەتكەن بولاتتىم.

— خاپا بولماڭ رىسالەت، — دېدىم بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، — سىزنى تاشلاپ قويۇپ...

— كەچۈرۈمنى مەندىن ئەمەس، دوختۇرلاردىن سورىسىڭىز توغرا بولىدۇ. خان مومامنى بىكارغا داۋالاۋېتىپتۇ. ئۇلار شەھەرگە چۈشۈپ بىر قانداق ئوكۇللارنى ئاچىقىپ سالغاچقا ئۆلۈمدىن ئامان قاپتۇ، — رىسالەت سىنىپ باشلىقىغا لايىق تەنقىد بىلەن مېنى قايىل قىلىۋەتتى.

— بۇ ئىشلاردىن باشقا ئەھۋاللارنى بىلدىڭىزمۇ؟ — دېدىم ئوڭايسىزلىقىمنى يېپىپ.

— خان مومام تاماق يېگۈدەك ھالەتكە كەپتۇدەك.

— بايا...

— يېڭىراق ئۇخلاپ قالغانىكەن.

— يۈرۈڭ، قايتا بارايلى.

— قايتا بارايلى دەيسىزغۇ، — رىسالەت تۇۋۇا دەپ ياقىسىنى چىشلىدى، — ئەمدى كىرسىڭىز دوختۇرلار چاپىناپ پۈركۈۋېتەر سىزنى. ھېلىمۇ ئاز تىللىمىدىڭىز ئۇلارنى.

— كىرمىسەم دېلونى قانداق پاش قىلىمەن؟ تىللىسىمۇ مەيلى، ئامال يوق.

— «پاش قىلىمەن» ئەمەس، «پاش قىلىمىز» دەڭ. يولنىڭ كىراسىنى كۆتۈرمەيمەن ھېلى بىكار. مەن سىزنىڭ مالىيەڭىز ئەمەس جۇمۇڭ.

— پاھ-پاھ، ماڭا ھەممىڭلار ئۈچ بولدۇڭلارمۇ نېمە. كۆڭلۈم يېرىم ۋاقىتتا مېنىڭدىن قۇسۇر ئىزدىمىسىڭىزچۇ.

مەن دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئارقامدىن رىسالەتنىڭ قاردا غاچىلداپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز زالدا خان مومايىنى، ھەتتا خان موماي ياتقان كارىۋاتنى تاپالماي قالدۇق. بەلكىم دوختۇرلارغا بايىقى گېپىم تەسىر قىلىپ

ياخشى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ، بايا كىرگەن ئىشخانىغا يەنە كىردىم.

— خان مومام قېنى؟ — دەپ سورىدۇم ئاۋزىمنى تۆۋەن قىلىپ.

— باياتىن شەھەردىكى تۇغقانلىرىڭلار كېلىپ «شەھەردە داۋالىتىمىز» دەپ ئەپكەتتىغۇ.

رىسالەت ئىككىمىز تېڭىرقاپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق.

— خان مومامنىڭ شەھەردە تۇغقانلىرى يوق، ئۆزى يالغۇز موماي، — دېدى رىسالەت ئالدىنقى شىرەدىكى دوختۇرغا چۈشەندۈرۈپ، — بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان ياردەمچىلىرى.

دوختۇرلار قەلەي تاختىلىق قەغەزگە قاراپ:

— بىمارنى ئىمزا قويۇپ ئەپكەتكەن كىشىنىڭ ئىسمى سۇلتانمۇرات، شەھەردىن ئىكەن، — دېيىشتى ۋە ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

بىز «سۇلتانمۇرات» دېگەن نامەلۇم ئادەمنى تېپىۋېلىشقا ئالدىراپ تالاغا يۈگۈردۇق. دوختۇرخانا ئالدى مىغ-مىغ ئادەملەرگە تولغان بولسىمۇ خان مومايىنى كۆرمىدۇق.

— ماشىنىغا سېلىپ ئەپكەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن.

— ماشىنا؟ — رىسالەت بۇ گېپىم بىلەن بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى، — بايا سىز دوختۇرخانىدىن يامانلاپ چىقىۋاتقاندا كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ چىقىپ، دوختۇرخانا ئالدىدا توختاي دەپ تۇرغان بىر پىكاپقا سوقۇلۇپ كەتكىلى قىل قالدىم. ماشىنا ئىگىسى دېرىزىدىن ماڭا: «ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ، قارىغۇ!» دەپ ۋارقىرىغان، كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدى. 40 ياشلار ئەتراپىدا، بۇرۇتلۇق، يېرىق كالپۇك، بۇرنىنىڭ ئوڭ يېقىدا يوغان مېڭى بار ئادەمكەن. تۇرقىدىن ئۆمرىدە كۈلۈپ باقمىغان ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

— پاھھۇي، ئەجەب ئېنىق دەپ بەردىڭىزغۇ؟

— تىللىغان تىلى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە چىرايى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە قاپتۇ. ئۇ بۇرۇتنىڭ ماشىنىسىمۇ كۆزۈمگە دۇ كۆرۈندى. كېتىۋېتىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ماشىنىسىغا ئۆچلۈك بىلەن قارىدىم، رەڭگىمۇ ئىگىسىگە ئوخشاش قارا ماشىنا ئىكەن.

— نومۇرىغا قارىدىڭىزمۇ؟

رىسالەت چېكىسىنى بىردەم سىلاپ ئاسمانغا قارىدى.

— ئېسىمگە كەلدى! 12125

— خاتا بوپقالمىسۇن يەنە، بىر سانىنى خاتا دەپ قويسىڭىز باشقا ماشىنا نومۇرى بوپقالىدۇ.

— يۈزدەيۈز توغرا!

— مەن ئەلاچى دەپ شۇنداق قىلىۋاتامسىز-يە!

— مېنى تولا تېرىكتۈرمەڭ ھە، — رىسالەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۆڭدى. ئۇ چىرايىمدىكى نامۇقۇللۇقنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە ئېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەلاچى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇ نومۇرنى تۇتۇۋالغان يېرىم يوق. مەن بۇ يىل 12 ياشقا كىردىم، سىزمۇ 12 ياشقا كىرگەنسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز 5-سىنىپتا ئوقۇۋاتىمىز. ماشىنا نومۇرى بىزنىڭ يېشىمىز بىلەن سىنىپىمىزغا توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق ئويلاپ ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم. ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، خان مومامنى ئېلىپ كەتكەن ماشىنا چوقۇم ئاشۇ شۇ!

مەن ئەسلىدە بۇ دېلونى ئېنىقلاشقا رىسالەتنى قوشماي دەپ ئويلىغانىدىم، مانا ئويلىمىغان يەردىن رىسالەتنىڭ ماڭا چوڭ ياردىمى بولدى.

— ئەمدى بىز شەھەرگە كىرسەك بولغۇدەك، — دېدىم مەن رىسالەتنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— شەھەر دېگەن ئادەم، ماشىنا دېڭىزى. خان مومامنى قايەردىن تاپىمىز؟

— شۇ ماشىنىنى تاپساق تاپىمىز.

— ئىككىمىزما؟ ياق، مەن بارالمايمەن. چوڭلار ئۇنىمايدۇ، — رىسالەت باش چايقاپ تۇرۇپ قالدى.

— پاتىمە مۇئەللىمگە دەپ باقايلى، مۇئەللىمىمىز بىللە كىرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— ھە، مانا ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ.

**6. شەھەرگە سەپەر**

پاتىمە مۇئەللىم بىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىمىزنى توستى.

— ئەنسىرىمەڭلار، خان مومايىنى ئەكەتكەنلەر راستىنلا شەھەردىكى تۇغقانلىرى بولسا كېرەك، سىلەر ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەن ئوخشايسىلەر. ئەڭ ياخشىسى بىرەر ھەپتە قاراپ باقايلى. سىلەر تەتىللىك تاپشۇرۇقۇڭلارنى ۋاقتىدا ئىشلەپ ئۆيدىن باشقا يەرگە بارماڭلار. مەن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ ماڭا، — سەن يوغانباشلىق قىلىپ ئۆز ئالدىڭغا شەھەرگە كىرمە ھە، — دەپ جېكىلىدى.

توۋا، مۇئەللىمنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغىنىنى دەيمەن-دە، مەن مۇئەللىمگە «ماقۇل» دەپ قويغىنىم بىلەن، ئىچىمدە يالغۇز شەھەرگە كىرىشنى پىلانلاپ قويدۇم. قوشنىمىز سەيدۇلكام شەھەردە تىرىكچىلىك قىلاتتى. مەن ئاپامغا:

— مۇئەللىم تەتىلدە بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ شۇنى ماقالە قىلىپ يېزىڭلار دېگەن، سەيدۇلكامغا ھەمراھ بولۇپ تىرىكچىلىك سودىسىنى كۆرۈپ باقسام، — دېدىم.

ئاپام ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. بىراق مومام:

— ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ، بوپتۇ، سەيدۇللام بىلەن بىرىپ كۆزىنى پىشۇرۇپ كەلسۇن، — دېدى ۋە ئۆزى قولۇمدىن يېتىلەپ قوشنىمىز سەيدۇلكامغا تاپشۇردى.

— چاتاق يوق، — دېدى سەيدۇلكام خۇش بولۇپ، — مېنىڭ بالامۇ مۇشۇ ئەسئەتتەك بولسا بولمامدۇ. قاچانلا قارىسام كىتابقا قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئەس-خىيالى كىتابتا. قايسى كۈنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ھەرىگە بۇيرۇسام ھارۋا سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ. ئاپىسى بازارغا سەيگە بۇيرۇسا قولىغا يېزىۋېلىپ بارىدۇ. پىيازغا بۇيرۇسا، سامساق، پەمىدۇرغا بۇيرۇسا لازا ئەكىرىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

سەيدۇلكامنىڭ تىرىلىرىنى كوزۇپلۇق كىچىك ماشىنىسىغا بېسىشىپ بەردىم. ئاندىن كابىنكىغا چىقىپ بىللە يولغا چىقتىم. ماشىنا دېرىزىلىرىنى ئاپئاق قىروۋ باغلىغان بولۇپ، كابىنكا ئىچى تالادىن بەكرەك سوغۇق ئىدى. ماشىنا قاردا ئاۋايلاپ كېتىپ بارماقتا. بىز سوغۇقتا تۈگۈلۈۋېلىپ جىممىدە ئولتۇردۇق. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ماشىنا ئىچى ئىسسىدى. سەيدۇلكامغا ئىسسىق خۇشيېقىپ، پارىڭىنى باشلىۋەتتى. سەيدۇلكامنىڭ گېپىمۇ ماشىنىسىدەك بولدى: گېپى ئۇزارغانسېرى شۇنچە ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، پارىڭىنىڭ ئاخىرى تېخىمۇ ئۆزىراپ باراتتى. خەقلەرنىڭ «سەيدۇللامغا خۇدايىم ئاغزىدىن بالا بېرىپتىكەن، نېمىدېگەن جىق سۆزلەيدىغاندۇ. تېرە ساتامدىغاندۇ، گەپ ساتامدىغاندۇ» دېيىشىدىغىنىنىڭ بىكارغا چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. سەيدۇلكام بىراۋنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان-سالمىغىنى بىلەن پەرۋايى پەلەك سۆزلەۋېرىدىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ تېرە سودىسى پاي چېكى بازىرىغا ئوخشايدۇ، باھاسى ھېلى چۈشۈپ، ھېلى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. كالىنىڭ تېرىسى پۇل بولمايۋاتىدۇ... دېگەندەك پاراڭلارنى قىلىپ بولۇپ، باشقا گەپ باشلاش ئۈچۈن قاچىسىدىكى چاينى ئوتلاپ قۇرۇغان گېلىنى نەمدىدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر سوئال سورىۋالدىم:

— سەيدۇل دادا، سىز شەھەردىكى چوڭ بايلارنى تونۇمسىز؟

— ۋاھ، تونۇمايزە، — سەيدۇلكام ماشىنىسىنى مەغرۇر ھەيدىگەنچە كېرىلىپ كۈلدى، — ئۇ بايلار ماڭا: «سەن ئەسكى چاپان، قوتا ماشىنىدا يۈرگىنىڭ بىلەن، بىزدىن باي جۇمۇ» دېيىشىدۇ. بايلارنىڭ توي-تۆكۈنلىرى بولۇپ قالسا ئاتايىن ماشىنىسىنى بىزنىڭ يېزىغا ھەيدەپ كېلىپ باغاقنى ئۆز قولى بىلەن ماڭا بېرىشىدۇ. «يۈزۈمنى قىلىپ بېرىپ قوي جۇمۇ» دەپ كېتىدۇ، خۇشياقسا تويلىرىغا بېرىپ قويىمەن، خۇشياقمىسا بارمايمەن.

— سۇلتانمۇرات دەيدىغان بىر باينى بىلەمسىز؟

— سۇلتانمۇرات؟ لەقىمى نېمە؟

— ۋايتاڭ، — دېدىم مۇرەمنى قىسىپ، — لەقىمى «باي»دۇ؟

— ھا-ھا-ھا! — سەيدۇلكام كۈلۈپ يۆتىلىپ كەتتى ۋە يۆتەل تەسىرىدىن ماشىنىسى يول قىرىدىكى ئېرىقىقا كىرىپ كەتكىلى قىللا قالدى. ئۇ چاقچاقانلىق بىلەن رولنى ئوڭشاپ «ئۇھ» دېدى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مانا مېنى خەقلەر «سەيدۇل كاسكا» دەيدۇ، ھەدەپ قويىمەن. بولمىسا مەن بەك ئاز گەپ قىلىمەن. نېمىشقا شۇنداق لەقەم قويۇشقىنىغا ئۆزۈممۇ ھەيران. ئاراتام قوشنام ماخمۇتنى خەق «ماخمۇت پاناق» دەيدۇ، ئۇقمىغانلار «بۇرنى پاناق بولسا كېرەك» دەپ ئويلىشار، كۆرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئىشىكتىن كىرىپ بولىدۇ. ئىشقىلىپ لەقىمى يوق ئەر، نامى يوق يەر بولمايدۇ. مەسىلەن: سېنىڭ داداڭ رەھمەتلىكنىڭ لەقىمى «كاۋا» ئىدى. بۇ سېنىڭ بوۋاڭدىن داداڭغا مىراس قالغان، كېيىن چوڭ بولساڭ بۇ لەقەم ساڭا قېلىشى مۇمكىن.

— ھە، ئەمدى بىلدىم، — دېدىم مەن تەڭ كۈلۈپ، — ئۆتكەندە بىر بوۋاي ئىشىك ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مومامغا مېنى كۆرسىتىپ: «بۇ قايىسى باراڭدىن چۈشكىنى؟» دەپ سورىغان، چۈشەنمەي ھەيران بولغانتىم، ئەسلي مېنى: «قايىسى بالىڭىزنىڭ بالىسى» دېگىنىكەن-دە.

— ھەببەللى، بوۋاڭ ياش ۋاقلىرىدا دۆڭگە كاۋا بارىڭى قىپتىكەن، كاۋىلار ئاپتاپتا بەك ئوخشاپ تەڭندەك-تەڭندەك چۈشۈپتۇدەك، بىلمىگەنلەر يىراقتىن: «ۋاي، بۇ كىمنىڭ كاۋىسى؟» دەپ سوراشسا، تونۇش-بىلىشلەر: «نۇرمەمەتنىڭ كاۋىسى» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ «كاۋا» سىلەرنىڭ جەمەتىڭلارنىڭ لەقىمى بولۇپ قاپتۇ... ھە راست، بايام كىمنىڭ ئىسمىنى دېدىڭا؟ — تەقى-تۇرقى، يېشى دېگەنلىرىچۇ؟

— 40 ياش ئۆپچۆرىسىدە، توشقان كالپۇك، چوتكا بۇرۇت، قارا يۈزىدە قاپقارا خالى بار سۇلتان مۇرات دېگەن ئادەم.

— مۇنداق دېمەمسەن. سۇلتانمۇرات دېسەڭ، كىمكىن دەپتىمەن، سۇلتان چاشقاننى دەۋاتساڭ كېرەك. كېپەن ئوغرىسى ئۇ! — سەيدۇلكام خوت تۇتقان قولى بىلەن مەڭزىنى چىمدىپ قويدى، — مانا بىزلەر تاغمۇتاغ، سەھرامۇسەھرا يۈرۈپ خەقنىڭ تېرىلىرىنى يالۋۇرۇپ سېتىۋېلىپ، بازاردا بىرەر تەڭگە قىممىتىگە تەستە سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىمىز. ئۇ دېگەن قەدىم زاماندىن قالغان قەبرىلەرنى چاشقاندەك كولاپ ئىچىدىكى زىبۇزىنىنەت، كوزا-پوزىلارنى ئوغرىلىقچە پۇل قىلىدۇ. بەش-ئون يىل بۇرۇن تاغدىن بۆكەن تۇتۇپ مۈڭگۈزلىرىنى كېسىپ ساتاتتى. تاغدىكى بۆكەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن چېغى، ئەمدىلىكتە كونا زاماندىن قالغان ئاپتۇۋا-چىلاپچا دەمدۇ، جىنچىراغ دەمدۇ، شايى تون، كونا گىلەم، ئەسكى پالاس دەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئاشۇنداق نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدۇ. بىر قېتىم «سۇلتان ئىككى-ئۈچ مىڭ يىللىق بىر قەبرىنى كولاپتىكەن، ئىچىدىن ئالتۇن چىقىپتۇ» دېگەن گەپ پۇر كەتتى، راست-يالغىنىنى بىلەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇيۇقسىزلا بېيىپ كەتتى. كاتتا ئىمارەتلەرنى سېلىپ، كاتتا ماشىنىلارغا مىنىپ دېگەندەك تېرىسىگە پاتمايلا قالدى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە بىزنىڭ مەھەللىمىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭدە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام بەش-ئالتە خىزمەتكارى ھەدەپ دۆڭ تۆپىسىدىكى بىر يەرنى كولاۋېتىپتۇ. ئۇ كولىغان يەر خاماندەك يۇملاقلاپ، ئىچىدىن تېشىغا تاش تىزىپ قويۇلغان كونا قەبرە ئورنىكەن. بىلسەڭ كېرەك، دۆڭ ئۈستىدىكى بىنەملىكتە ئۇنداق قەبرىلەرنى چوڭلار «ئۇۋۇل» دەيدۇ. ئۇ قەبرىلەردە بىز مۇسۇلمان ئەمەس ۋاقلىرىمىزدىكى بوۋىلىرىمىزنىڭ مېيىتى بار. نېمە بولسۇن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەرلىكىنى كولاپ روھىنى قورۇندۇرساق بولمايدۇ-دە، شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ھەي سۇلتان، يەنە چاشقانلىقىڭنى قىپسەن-دە، بولدى قىل، يامان بولىدۇ» دېدىم. سۇلتان: «سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، بۇ ئىشنى كۆرگىنىڭنى بېرىپ بىرەرىگە دەيدىـ

غان بولساڭ، مۇشۇ كولىغان قەبرىگە سېنى كۆ-
مۈۋېتىمەن» دەپ ئۆكۈۋاتىدۇ. قارىسام يېنىدىكى-
لىرى مېنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ماڭا ھۆرپە-
يىشىپ تۇرىدۇ. خەير، ئىچىمدە: «خۇدا جاجاڭ-
نى بېرەر» دەپ «غىپىپىدە» كېتىۋالدىم. ھە بۇ
چاشقاننى سەن قانداق بىلىسەن؟

— مەكتىپىمىزنىڭ قوڭغۇرىقى يىتىپ
كەتتى، شۇنى ئالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن.

— گۇمانىڭ توغرا، ناھىيەنىڭ مۇزېيىغا
ئوغرى كىرىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، شۇنىمۇ ئاشۇ
قىلغانمىكىن دەيمەن.

— ئۇنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟

— «گېنېرال ساراي» دېگەن يەردە دۇكان ئې-
چىپتۇ دەيدۇ، ئىچىدە تەيپىنەمنىڭ تەڭگىسى،
دەقيانۇسنىڭ تۇمىقى، مەختۇمسۇلانىڭ مارجى-
نى، ئادەمگە ئوخشايدىغان تاش، تاشقا ئۆزگىرىپ
قالغان دەرەخ، كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقى، قوچقار-
نىڭ كاللىسى... دېگەندەك نەرسىلىرى بارمىش.
باھاسى ئون- يىگىرمە مىڭ يۈەنمىش. ئۇنچىۋالا
پۇلغا كىممۇ ئالار دېسەڭ، سىرتتىن كەلگەن سا-
ياھەتچىلەر بۇلىشىپ، ھەتتا كىم ئەڭ ئاشۇرۇپ
باھا قويۇپ سېتىۋالسا، شۇ خۇش بولۇپ كېتەر-
مىش. بۇ يۇرتقا كەلگەن ھەرقانداق ساياھەتچى
ئۇنىڭ دۇكىنىغا بىر دوقۇرۇشۇپ ئۆتمەي كەت-
مەسمىش. دۇكىنىنى توم بىلەكلىرىگە يىلانلار-
نى چېكىۋالغان، قولتۇقى ئوچۇق مايكا كىيىش-
كەن، دېۋىدەك كۈچتۈڭگۈر ئىككى نوچى قوغ-
دايمىش، ھويلىسىدا ئىتقا ئوخشايدىغان
مۈشۈك، مۈشۈككە ئوخشايدىغان ئىتلىرى
بارمىش، ئىشقىلىپ ئۇ دېگەن بەك ئەسكى نېمە.
«قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇق-
ساڭ يالىسى» دېگەن گەپ بارغۇ ھە، ئىشقىلىپ
يېنىغا يېقىن يولاپ قالما، قولىدىن ھەر بالا كېلى-
دۇ... سەيدۇلكام بىردىن يول بويىدىكى چىراي-
لىق بىر ئۆينى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى، — قارىغى-
نە، نېمىدېگەن كەلتۈرۈپ سالغان ئۆي بۇ! 5 - ئاي-
غىچە يەنە ئازراق پۇل تېپىۋالسام، مەنمۇ ئاشۇن-
داق ئۆي سالىمەن.

سەيدۇلكام ئەمدى جاھاندىكى مىڭ ياڭزا
ئۆيلەر ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. مەن شەھەرگە
كىرىشكە ئالدىراپ تىت- تىت بولاتتىم، سۇلتان-
مۇراتنىڭ قوڭغۇراق ئوغرىسى ئىكەنلىكىگە ئى-
شەنچىم ئاشماقتا ئىدى! مەكتىپىمىزنىڭ مىس
قوڭغۇرىقى بەلكىم يورۇقخانىنىڭ تۇلپارىدىكى
ھېلىقى سېھىرلىك قوڭغۇراقنىڭ نەق ئۆزى
بولسا كېرەك...

## 7. قاپقان

سەيدۇلكام بىلەن تېرە بازىرىغا يېتىپ
كەلدۇق. بازار ئىچىگە تازىمۇ يوغان ھەم پويىز-
دەك ئۇزۇن بىر يۈك ماشىنىسى توختىتىپ قويۇل-
غان، كىشىلەر بەس- بەستە ھارۋا، ماشىنا، ۋېلى-
سىپىتتىكى تېرىلىرىنى ئاشۇ ماشىنىغا بېسىۋات-
قانىكەن. بىزنىڭ ماشىنىمىز كېلىشى بىلەنلا
بىرەيلەن يۈگۈرۈپ ئالدىمىزغا كەلدى. تەلىيى-
مىزگە بىر ئاياغ زاۋۇتى بازارغا كىرگەن تېرىلەر-
نىڭ ھەممىسىنى ئۆرە باھادا ئېلىۋاتقانىكەن.

— مانا سېنىڭ ئايغىڭ ياراشتى ئەمەسمۇ،
بىرگە بىر پايدا دېگىنە! — سەيدۇلكام خۇشلۇق-
دا يۈزۈمنى چىمدىپ ئاغرىتىۋەتتى، — مانا بۇ
سېنىڭ چاي پۇلۇڭ، مەن بىر يىلنىڭ ياقى بۇگۈن-
كىدەك چوڭ پايدا ئېلىپ باقمىغان، — ئۇ قولۇمغا
100 يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى.

— سەيدۇللام دادا، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز،
ھېلىقى سۇلتان دېگەن ئادەمنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ
كەلسەم، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۆتۈنگەن ھالدا.

— «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۆزۈڭنىڭ
بارىدا شە كۆ» دەپتىكەن. بوپتۇ بالام، بارساڭ بار.
مەنمۇ ماشىنامنىڭ تاراقشىغان يەرلىرىنى ئوڭ-
شىتىۋالاي. قانداق، ئۆزۈڭ بارالامسەن؟

— بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز
بولىدى.

— ئوغۇل بالىدە، مانا بازاردىن چىقىپ ئوڭغا
ماڭسەن، ئاندىن سولغا قايرىلسەن، ئاندىن
ئوڭغا ماڭسەن، ئاندىن سولغا قايرىلسەن،
ئاندىن ئوڭغا ماڭسەن...

بۇ گەپتىن گاڭگىراپلا قالدىم.

— نېمانداق جىق ئوك، سول؟

— ھا-ھا-ھا، سېنى سىناپ قويدۇم، سېنى بۇنداق قويۇپ بەرسەم، موماڭ ھاسىلىرىنى توكۇلدىتىپ كىرىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆزۈمگە كۆرسىتىۋەتمىسۇن يەنە، يۈرە ئۆزۈملا ئاپىرىپ قوياي.

بىز بازاردىن چىقىشىمىزدا بايا سەيدۇلكام بەرگەن پۇلغا ئاپامغا پوپايكا، مومامغا مەسە ئېلىۋالدىم. رىسالەتكە سوۋغات ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم، سەيدۇلكام دېگەندەك ماشىنا بىلەن «ئوڭغا، سولغا» مېڭىپ ھېلىقى دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

— مەن بۇ تىرىكتاپنى كۆرمەيلا قوياي. سەن بىرەر قۇر چۆرگىلەپ تۇر. مەن رېمونتخانىغا باراي. ئىشىم تۈگىگەندە مەن سېنى مۇشۇ يەردىن ئېلىۋالاي. توختا، توختا، مە ماۋۇ تېلېفونۇمنى سەن ئېلىۋال، يىتتۈرۈپ قويما، ئوغرىغا ھېزى بول. مەن ساڭا تېلېفون قىلىپ سېنى تېپىۋالىمەن، — سەيدۇلكام شوينا بىلەن بىقىنىغا چىگىۋالغان يانفوننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. كەينىمىزدە بىر قانچە ماشىنا «يول بوشات!» دېگەن مەنىدە سىگنال قىلىۋەرگەچكە، سەيدۇلكام مېنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئالدىراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

«گېنېرال ساراي» 12 قەۋەتلىك ئىمارەت ئىكەن، يەنى مېنىڭ يېشىم بىلەن قەۋەت سانى تەڭ ئىكەن. 1 - قەۋەتتە ئەينەكلىك بىر قاتار دۇكانلار بولۇپ، ئىچى يورۇق ھەم پارقىراق ئىدى. قار قېلىن، قىش سوغۇق بولسىمۇ، دۇكانغا كىرىپ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەڭ چەتتىكى دۇكان ئالدىدا «12125» نومۇرلۇق قارا ماشىنا تۇراتتى! مەن كۆزۈمگە ئىشەنمەي ھېلىقى ماشىنىنىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتىم، خۇددى ماشىنا ئىچىدە خان موماي باردەك قارا ئەينەكىدىن ماشىنا ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدىم.

— ھەي ياغاچ قۇلاق نېمە قىلىۋاتىسەن؟

چۆچۈپ كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. ئارقىمدا ھېلىقى سۇلتانمۇرات دېگەن كىشى تۇراتتى، كۆرۈمسىز چىرايىدىن بىر ئىشقا پەرىشانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇششاق باللىنىڭ ماشىنامدا نېمە ئۆچى باركىنا، سىرىنى نەچچە قېتىم جىجىۋېتىپتۇ. ماشىنامنى جىجاۋاتقان گۈي سەنمۇيا؟

قورقۇپ كەتتىم، لېكىن چاندۇرمىدىم.

— مەنمۇ مۇشۇنداق ماشىنا ئالايمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدىم ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

— پاھ، ئالدىغىنىڭ مۇشۇنداق «بېك»مۇ ياكى ئويۇنچۇق ماشىنىمۇ؟

— بىزنىڭ ھويلىدا ئوقيا كۆتۈرۈپ بۇغا-جەرەنلەرنى قوغلاۋاتقان، يەۋاتقان ھەر خىل ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى ئويۇلغان قارا سۈزۈك تاش بار، ئىككى-ئۈچ ئادەم ئاران مىدىرلىتالايدۇ، ئاشۇ تاشقا مۇشۇنداق ماشىنىدىن بىرسى كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمە-نېمە دېدىڭ؟ قا-قانداق تاش ئۇ؟

سۇلتانمۇرات كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— بوۋام ئۇ تاشنى 30، 40 يىل بۇرۇن مەھەللىمىزنىڭ تۆپىسىدىكى «قارنى يورۇق»تىن تېپىۋېلىپ ھويلىغا ئەكىلىۋالغانىكەن. ئۆي سالغاندا ئۇل قىلىپ تامغا باستۇرۇۋېتىپتىكەن، ئۆتكەن يىلى مەھەللىدىكى ئۆي-پۆيلەرنى قىيان بۇزۇۋەتكەندە ئۆيىمىزنى قايتا سالدۇق. شۇ ۋاقىتتا بۇ تاشنى ھويلىمىزغا ئەكىرىۋالغانتۇق. بىر كۈنى ئۇ تاشقا سۇ چاچسام ئىچىدىن بايىقى مەن دېگەن نەرسىلەر كۆرۈنگىلى تۇردى. تاشقا ئەتىگەندە سۇ چېچىپ قارىسا بىر خىل، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر خىل، كەچقۇرۇندا يەنە بىر خىل، ئاينىڭ يورۇقىدا يەنە بىرخىل رەسىملەر كۆرۈنىدۇ...

— ئۇ نېمەڭنى ساتقىلى كەپسەن-دە، — سۇلتانمۇرات گېپىمنى ئۈزۈپلا سورىدى، — ئۇ تاشتا ئاشۇنداق رەسىملەر بارلىقىنى خەق بىلەمدۇ؟

— داداممۇ بۇنى ئۇقمايدۇ. پەقەت سىزگىلا دەۋاتىمەن. دادامغا بۇ تاشنى تاشلىۋېتەيلى دېسەم،

بوۋاڭنىڭ روھى قورۇنىدۇ، دەيدۇ.

سۇلتانمۇراتنىڭ يانفونى جىرىڭلىدى.

— ئالو، ھە، مۇخبىر دېدىڭىزما؟ مەن ھازىر باراي.

سۇلتانمۇرات تېلېفوننى ئۆچۈرۈپ، دۇكان ئالدىدا تۇرغان بىرەيلەننى شەرەت قىلىپ چاقىردى. 20 ياشلاردىكى ئورۇق بىرەيلەن تايغاندەك تاقلاپ كەلدى-دە، ماشىنا ئىشىكىنى ئاچتى.

— سەن ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇر، سېنى بىر يەرگە ئاپىراي، — دەپ مېنى ماشىنىسىغا باشلىدى. مەن قورقۇپ تۇرساممۇ چاندۇرماي ماشىنىسىغا چىقتىم، ھېلىقى ياردەمچىسى ماشىنىنى ھەيدىدى.

— بۇ يۇرتنىڭ مەن كەزمىگەن بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى قالمىدى. ھازىرقى ئادەملەر ئالسام، يېسەملا دەيدۇ، — سۇلتانمۇرات گېپىنى قىرىپ گەپ باشلىدى، — بۇرۇنقىلار ئەۋلادلىرىمىز باي بولسۇن دەپ كۆپ نەرسىلەرنى ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە تىقىپ قويغان. مەن شۇ نەرسىلەرنى تېپىشقا ئامراق. ھازىرغىچە كۆپ نەرسىلەرنى بايقىدىم. يەر ئاستىدىن ئاجايىپ نەرسىلەر چىقىدۇ، بەزى نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە بىز ئۇقمايدىغان بەلگىلەر بار. ئاشۇ بەلگىلەر بايلىق يوشۇرۇنغان جاينىڭ مەلۇماتى ياكى خەرىتىسى بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئۇچراتساڭ قىشىمغا ئەكىر، داداڭ 20،30 يىلدا يەر تېرىپ تاپالمىغان پۇلنى مەن ساڭا بىر مىنۇتتىلا تېپىپ بېرەلەيمەن. كونىلارنىڭ «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگىنى بىكار گەپ ئەمەس. مەن يېقىندا سىلەرنىڭ سايىڭ تۆۋىنىدىن تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بىر كۆتەكنى تېپىۋالدىم. ھېلىقى كۆتەكتە پالتا چاپقان ئىز باركەن، بىر خىرىدار بۇنى ئەرزان سوراپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «تاشقا ئايلانغان دەرەخنى ساڭا شۇ سورىغان باھادا بەرسەم مەيلىتى. قارىمامسەن، بۇنىڭدا پالتىنىڭ ئېنىق ئىزى تۇرمامدۇ. بىر دەرەخ تاشقا ئايلىنىش ئۈچۈن نەچچە مىليون يىل كېتىدۇ. تاشتىكى پالتىنىڭ ئىزى نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى ئىنسانىنىڭ ياشىغانلىقىنىڭ دەلىلى. بەلكىم بۇ ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنىڭ پالتىسىنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن» دېۋىدىم، ئۇ تاشقا سىنچىلاپ قاراپ، دەرھال 1 مىليون يۈەنگە سورىدى. ساتمىدىم. كەلگۈسىدە 100 مىليون يۈەنگە سېتىشىم مۇمكىن. سەن دېگەن تاش «يادا تاش» دەيدىغان يامغۇر ياغدۇرالايدىغان سېھىرلىك تاش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

ماشىنا شەھەردىكى چوڭ بىر دوختۇرخانىدا توختىدى. دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا مۇخبىرلار بىزنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇشقانىكەن، بىز ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز بىلەن، «دۇررىدە» ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار سۇلتانمۇراتنى چۆرىدەپ سوئال ياغدۇرۇۋەتتى:

— قارىغۇچىسى يوق بىر ناتونۇش مومايغا 10 مىڭ يۈەن خەجلەپ كۆزىدىكى ئاقنى ئالدۇرۇپسىز. مومايىنىڭ دېيىشىچە كۆزىگە ئاق چۈشۈپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىگىنىگە بەش يىل بولغانىكەن. موماي سىزنى ماڭا قايتا يورۇقلۇق ئاتا قىلغانلىقىغا مىڭ رەھمەت دەيدۇ، خەلقىمىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزدىكى سەۋەب نېمە؟

— سىزنى بەزىلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەيدىكەن. سىز قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشىڭىزنى خەير-ساخاۋەت بىلەن يوشۇرۇۋاتامسىز، قانداق؟

سۇلتانمۇرات مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا قاپىقىنى ئاچماي جاۋاب بەردى:

— خان مومايىنىڭ ئېرى ئارخېئولوگىيە ساھەيمىزدە تەسىرگە ئىگە شەخس ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇۋالچىلىقتا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن بۇ زاتقا بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ...

خان موماي!؟ بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپلا قۇلىقىمغا باشقا گەپ كىرمىدى، مەن خان مومايىنى شەھەرنىڭ قايسىدۇر بىر بۇلۇڭىدا قاراڭغۇ ئۆيگە قاماقلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. سۇلتانمۇراتنىڭ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ كۆزىنى

داۋالاپ ساقايتقانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيتتى.

قوڭغۇراق ئوغرىسى باشقا بىرىمۇ يا؟

— مانا-مانا، خان موماي چىقتى!

خەقلەرنىڭ قىيا-چىياسىدىن خىيالىم بۆلۈندى. سۇلتانمۇراتنىڭ شوپۇرى سېستىرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا خان مومايىنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئاچىقىقانىكەن. خان مومايغا قارا كۆزەينەك تاقاپ قويۇلغان ئىكەن، بەلكىم بۇ ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقتا يىللاپ تۇرغان كۆزىنىڭ تالادىكى كۈچلۈك نۇردا زەخىم يەپ قېلىشىنى ساقلاش ئۈچۈن قىلىنغان بولسا كېرەك. خان موماي كۈلۈمسىرەيتتى ۋە ياش تۆكەتتى. بىردىن كۆزۈم سۇلتانمۇراتنىڭ شوپۇرىنىڭ پۇتىغا چۈشتى. شوپۇر پۇتىغا ئاق تەنتەربىيە ئايىغى كىيىۋالغانىدى. مانا، خان مومامنىڭ ئۆيىگە، مەكتەپكە كىرگەن، خان مومايىنىڭ مورىسىغا كىگىز كەپلەپ قويغان ئوغرى دەل مۇشۇ. سۇلتانمۇرات ئۇنى شۇ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىكەن-دە... سۇلتانمۇرات چاقلىق ئورۇندۇقتىكى مومايىنىڭ قېشىغا كەلدى. خان موماي غولىچىنى كېرىپ سۇلتانمۇراتنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ پېشانىسىگە سۆيدى. سۇلتانمۇرات مومايىنى چاقلىق ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماشىنىغا سالدى. ئەتراپتىكىلەر چاۋاك چېلىشتى، ياش تۆكتى، ئاپپاراتلار چاراسلاپ يېنىپ بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى رەسىمگە تارتىشتى.

ماشىنا قوزغالدى، دوختۇرخانا ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەر قول پۇلاڭلىتىپ قالدى.

— خان ئاپا، كۆزلىرى تولۇق ساقىيىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتانمۇرات.

— خۇدايىم مېنى بالىلىرىمدىن ئېيتىمىغان بىلەن، كىشىدىن ئېيتىپتىكەن، — دېدى خان موماي ئۆكسۈپ، — شۈكرى بالام، جاھانغا قايتا كەلگەندەك بولدۇم، ھەممە نەرسىنى بىر ئوبدان كۆرۈۋاتىمەن، يەيدىغان رىزقىم باركەن مانا، سىزگە قانداق رەھمەت بىلدۈرەيكىن بالام؟

— ئاڭلىسام، يولدىشىڭىز قۇددۇسكام، ئاييۇرۇقتىن كوزا، ئاپتۇۋا دېگەندەك نەرسىلەرنى قېزىپتىكەن. كېيىن ئۇ نەرسىلەرنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن. شۇ نەرسىلەر ھازىرمۇ بارمۇ؟ — سۇلتانمۇرات مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سورىدى.

— ۋاي راست، دېمىسىڭىز ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن. باللارنىڭ دادىسى دۆڭدىن ئاشۇنداق نەرسىلەرنى تاپىقان. ئۇ چاغلاردا «تۆت كونا» دەپ خەقلەر قەدىمىي نەرسىلەرنى بۇزۇپ چېقىۋاتاتتىقا، دادىسى رەھمەتلىك بىر ياغاچ ساندۇققا شۇ نەرسىلەرنى سېلىپ ئالمىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن ئىدى. كېيىن ئىسيانچىلار دۆڭدىن تاپقان نەرسىلىرىڭنى تاپشۇر دەپ، ئۇرۇپ چىشلىرىنى تۆكۈۋەتتى. بىراق دادىسى دېگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. بىر كۈنى، دادىسىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ ئۆيىمىزگە تاشلاپ بەردى. مەن يىغلاپ ئۇنىڭغا: «نېمە قىلىسىز ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئۇ ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرگە جېنىڭىزنى سېلىپ بەرگىچە بېرىپىلىۋېتىپ قۇتۇلمامسىز» دېسەم، دادىسى: «ئۇلارغا بەرسەم بۇزۇپ-چېقىپ يوق قىلىۋېتىدۇ. بۇ نەرسىلەر بىباھا يادىكارلىق. كەلگۈسىدە جاھان ئوڭشالغاندا ئۆز قولۇم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. بۇ نەرسىلەر يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ئۈچۈن بەك كېرەك، جاندىن مۇھىم» دېگەنىدى. تاياق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن چېغى بىرىم كېچىدە مېنى ئويغاتتى: «ئاپىسى، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، بەك قان قۇسۇپ كېتىۋاتىمەن، ھېلىقى نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالما. جاھان ئوڭشالغاندا مۇزېيغا تاپشۇرۇۋەت» دېدى، ئاندىن تاڭغا يېقىن تۈگەپ كەتتى...

— شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلدىڭىز؟ — سۇلتانمۇرات ئالدىراپ سورىدى.

— قېرىغاندا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىنى قارىمامسىز بالام، ئاخشام دادىسى چۈشۈمگە كىرىپتىكەن، قارىسام ياش ۋاقلىرىمىز ئىكەن. مەن دەريا بويىدىكى باغدا مەھەللىمىزدىكى قىزلار بىلەن بىدە كۆكى تېرىۋاتقۇدەكمەن، بىر چاغدا دادىسى قېشىمغا كېلىپ ئېتىكىمدىكى كۆكنى تېپىپ چېچىۋەتكۇدەك، «ۋاي، نېمە

قىلغىنىڭىز بۇ؟» دېسەم، «مەن ۋەدەمدە تۇردۇم، سەن نېمىشقا ۋەدەڭدە تۇرمايسەن» دەۋاتقۇدەك، مەن قايسى ۋەدەمدە تۇرماپتىمەن دەپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەسلي مۇشۇ ئىشكەن-دە.

— ئۇ ساندۇقنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى سۇلتانمۇرات تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — مۇزېي دېگەن ئورۇمچىدە. سىز بېرىپ بولالمايسىز، مەن ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي.

خان موماي ئۈندىمەي جىممىدە تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا شوپۇر گەپ قىستۇردى:

— مانا كۆردىڭىز، بىزدە ماشىنا بار. ئورۇمچىگە ئۆزىمىز «غىررىدە» يەتكۈزىمىز.

خان موماي بىردىنلا شوپۇرغا ۋارقىرىۋەتتى:

— مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى تونۇدۇم. ھېلىقى كۈنى سەن ئۆيۈمگە كىرىپ، «مەن جىن، يادىكارلىق نەدە؟» دەپ مېنى قورقۇتقان ئوغرىغۇ سەن! ھە ئەمدى بىلدىم، «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپ، سەنلەر مېنى ئالداۋېتىپسىلەردە! ماشىناڭنى توختات!

سۇلتانمۇرات ئالاقزادىلىككە چۈشتى.

— خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسىز، بۇ ئۇنداق قىلىدىغان يىگىت ئەمەس.

— مەن بۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇدۇم، خاتا ئەمەس، بولدى، كۆزۈمنى ئەسلىگە ئەكەپ قويۇڭلار. تۆت كۈنلۈكۈم قالغاندا ھارامدىن بېيىغانلارنىڭ داۋاسى ماڭا سىڭمەيدۇ. قارىغۇ يۈرسەممۇ مەھەللەمدىكىلەر ياخشى قاراپ، قىينالغىنىم يوق!

سۇلتانمۇراتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن شوپۇرنىڭ بېشىغا نوقۇدى:

— سەن كالۋا داۋاملىق ئىشنى بۇزىسەن. مانا ئىشنى بىر چىرايلىق ئوڭشىسام يەنە سەن بۇزدۇڭ! ئۆتكەندە...

— ئۆزىڭىز ئىشنى پاكىز قىل دېدىڭىز، قارىسام بۇ قېرى جەددال بايلىق بار يەرنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. يەنە تېخى «سەن مېنى مەن جىن دەپ قورقۇتالمايسەن. ئاۋازىڭنى تونۇۋالدىم. ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەيدىغان بولسام» دېدى.

ئىستا سارالڭ قىلىۋېتەي دەپ شۇنداق قىلدىم، — دېدى شوپۇر غۇتۇلداپ.

— ھۆي كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دېگىنە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، بۇ قېرىغا ئۇيقۇ دورىسى بېرىپ ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىپ قويىمىز، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ ئالما تۈۋىدىكى ساندۇقنى كولاپ ئېلىۋالىمىز شۇ.

ئىككىيلەن بىزنىڭ ماشىنىدا بارلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇساتتىن سۇلتانمۇرات مېنى كۆرسەتتى:

— ما شۇمتەكنى نېمە دەپ ماشىنىغا سېلىۋالغاندىمەن. ھەممە سىرىمىزنى بىلىۋالدى دېسە. ئەمدى بۇنى قانداق قىلىمەن؟

— بۇنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئاسان، — شوپۇر كۈلدى، — ئىچكىرىگە سېتىۋېتىمىز. يانچۇقچى بوپ كېتىدۇ دەڭلا.

سۇلتانمۇراتنىڭ چىرايى ئېچىلدى:

— ھەببەللى، بۇ مەسلىھەتىڭ بولىدۇ، — سۇلتانمۇرات ماڭا بۇرۇلدى، — يانچۇقچىلىق دېگەن ياخشى كەسىپ. كېيىن مەندىن خۇش بولۇپ قالىسەن.

— مەيلى، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، — دېدىم مەن قورقۇپ تۇرساممۇ كۈلۈپ، — بەربىر ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. مېنىڭ ئەمدى بارىدىغان يېرىممۇ يوق.

— سۇلتانكا، بۇ شۇمتەك بولامدۇ نېمە. ئىچكىرىگە ئەۋەتمەي ماڭا شاگىرتلىققا بەر. ماڭا مۇشۇنداق بىرى لازىم. بالا ئوغرى بەك ئەسقاتىدۇ. بىز پاتمىغان يەرگە بۇلار پاتىدۇ. بىز چىقالمىغان يەرگە بۇلار چىقالايدۇ، قانداق شۇمتەك، ماڭا شاگىرت بولامسەن؟

شوپۇر ماڭا قاراپ قويدى. مەن چاۋاك چالدىم:

— ئەجەب ياخشى. پۇل بەرسەڭلار ئوغرىلىق دېگەننى گۈل كەلتۈرۈۋېتىمەن.

— سەن نوخاننىڭ نەۋرىسى ئەسئەتتەك قىلىسەنغۇ، — خان موماي ماڭا ۋارقىرىدى، — مانا ئا-

ۋازىڭدىن تونۇدۇم ! سادىغاڭ كېتەي، ئۇنداق يامان خىياللاردا بولما، ئىگىسى راۋا كۆرمەيدۇ. سەن دېگەن ياخشى خەقنىڭ بالىسى. داداڭ رەھمەتلىك بىزنىڭ يېزىدىن چىققان ئالىم ئىدى، ئۆمرى كوتا بوپقالدى. داداڭنىڭ ئىزىنى بېسىپ ياخشى ئوقۇيمەن دە بالام...

سۇلتانمۇرات ماڭا يەۋەتكۇدەك ئالايدى. ئاندىن گەجگەمدىن تارتىپ ئېڭىكىمدىن كۆتۈرۈپ قويدى:

— پاھ، پاھ ، ماڭا قىلتاق قۇرۇپسەن - دە، شاكىچىك، نېمىشقا شۇنداق قىلىسەن؟

مەن جىممىدە تۇرۇۋالدىم. سۇلتانمۇرات بېشىغا «پاققىدە» ئۇردى.

— بىلدىم، بىلدىم، سەن مەكتىپىڭدىكى قوڭغۇراقنى ئىزدەپ كەپسەن - دە. ئۇ قوڭغۇراقنى مەكتىپىڭلاردىن ئەكىلىپ لوپا ئەينەكتە كۆزەتسەم، ئۇستىدە قەدىمىي يېزىق باركەن. لۇغەت ئاختۇرۇپ قوڭغۇراقتىكى خەتنى ھەجىلەپ ئوقۇپ چىقتىم. نېمە دەپ يېزىپتۇ دېمەمسەن، «باتۇرلۇق يۇرىكىڭدە — يورۇقخان» دېگەن گەپلەركەن. بۇ مىس قوڭغۇراق ئانچە جىق پۇلغا يارىماس، شۇنداق بولسىمۇ سەل پاكىزلاپ ساتاي دەپ لاتىدا سۈرتسەم، ۋال-ۋال پارقىراپ كەتتى. ئىچىمگە بىر گۇمان چۈشۈپ قالدى. بۇرۇن مېنىڭ قوچقار بوۋام ئېگەرچى ئىكەنتۇق. ئېگەرچىلىك بىلەن ھال- كۈنى ئاران- ئاران ئۆتەتتىكەن. بىر كۈنى بىرەيلەن تاغدىن كېلىپ، بىر مىس تاۋاقنى بېرىپ، مۇشۇ تاۋاقنىڭ مىسىنى ئىشلىتىپ ماڭا ئېگەر ياساپ بېرىڭ دەپتۇ. بوۋىمىز ئۇنىڭ دېگىنىچە ئېگىرنى پۈتكۈزۈپتۇ. بوۋامغا يەنە بىر مۇنچە مىس ئېشىپ قاپتۇ. ئۇنىمۇ باشقا ئېگەرگە ئىشلىتىپتۇ. ھېلىقى مىسنىڭ قىرىندىلىرى قالغاندا، بىر زەرگەر دوستى كەپ قېلىپ ھېلىقى قىرىندىلارنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، «ۋۇي، بۇ ئالتۇنكەنغۇ» دەپ توۋلىۋېتىپتۇ. مېنىڭ نادان بوۋام ئالتۇننى تونۇماي قالغىنىغا بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە ئۆتكەنىكەن، شۇڭا مەن قوڭغۇراقتىن ئازراق قىرىۋېلىپ زەرگەرگە كۆرسەتتىم. زەرگەر دېدىكى...

سۇلتانمۇرات گېپىنى توختىتىپ ماڭا قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىگە چەكچەيدىم.

— زەرگەر دېدىكى، بۇ ساپلىقى يۇقىرى ئالتۇنكەن. مانا قولۇمدا ئالتۇن قوڭغۇراق بار. ئۇنىڭدىن بايلىق جىرىڭلاپ تۇرىدۇ. «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەن شۇ. ھەرقايسىڭ مېنىڭ يولۇمنى توسۇشما. مەن ئۇنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ ساتماقچى. ئۇ يەردە پادىشاھتەك ياشاپ ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرمەكچى، — سۇلتانمۇرات شوپۇرىغا بۇيرۇق قىلدى، — كاللامغا باشقىچە ئامال كەلدى. ماشىنىنى شەھەر سىرتىدىكى ئىسكىلاتىمغا ھەيدە. بۇلارنى شۇ يەرگە سولاپ قويايلى!

## 8. جىرىڭ - جىرىڭ قوڭغۇراق

سۇلتانمۇرات بىزنى ئورمانلىقتىكى يالغۇز قورۇغا ئەكىرىپ قاراڭغۇ، سوغۇق ئىسكىلاتقا سولاپ قويدى - دە، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ كېتىپ قالدى. كېتەشىدە ماڭا: «مەن مۇشۇك - چاشقان ئويۇنىغا بەك ئامراق. ساڭىمۇ قوڭغۇراقنىڭ جېنى چاپلىشىپتۇ. شۇڭا بۇ قوڭغۇراقنى بىر كەچ ئويناپ تۇر، ئارمانسىز كەتمە يەنە» دەپ ھېلىقى قوڭغۇراقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

خان مومام ئىككىمىز بىر- بىرىمىزنى قۇچاقلاشقىنىمىزچە قاراڭغۇدا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق. قاراڭغۇلۇق دېگەن ئەجەبمۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولىدىكەن، خۇددى يوغان بىر مەخلۇق ھاپ ئېتىپ يەۋېتىدىغاندەكلا. مەن بۇ ئىشلار يالغاندەك خىيالغىچە ھاڭۋېقىپ تۇردۇم. خان مومايىنىڭ «ئىگەم بار» دەپ دۇرۇت ئوقۇشلىرىدىن بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلدىم. بىر ئازدىن كېيىن تولۇق ئەسلىمگە كەلدىم، قورقۇشلىرىمۇ ئازراق بېسىقتى. مەن ئىشىك ئالدىغا تىمسىقلاپ بېرىپ، تامدىكى ساڭگىلاقلىق شويىنىنى تاپتىم. شويىنىنى تارتىشىم بىلەن چىراغ پاللىدە يېنىپ ئىسكىلات ئىچى يورۇدى. ئامباردا ھەر خىل چوڭ- كىچىك ساندۇقلار تام ياقىلىتىپ

قويۇلغانىدى. بۇلۇڭدا بىر سىم كارىۋات بولۇپ يېنىدا تۇنۇكىلىك چوڭ مەش تۇراتتى، مەن خان مومامنى يېتىلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدۇم.

— نېمانداق سوغۇق بۇنىڭ ئىچى. ھەرقانچە بولسىمۇ ئوت قالاپ قويسا بولمامدۇ بۇ خەق، — خان مومام كاسىلداپ تىترىگىلى تۇردى.

مەن مەشنىڭ يېنىدىكى كورۇپكا ئۈستىدىن چاقماقنى تاپتىم.

— خان موما، مەن سىزگە ئوت قالاپ بېرەي، بىردەم چىداپ تۇرۇڭ.

مەن يېنىمىزدىكى نېپىز تاختاينى، مىخ بىلەن قېقىپ كىرىشتۈرۈپ ياسالغان ياغاچ ساندۇقلارنى دەسسەپ سۇندۇرۇپ بىر دۆۋە ئوتۇن تەييارلىدىم. ئاندىن مەش ئىچىگە كارتون پارچەسى ۋە ئوتۇننىڭ ئۇششاق شىنالىرىنى قويۇپ چاقماق يېقىپ ئوت تۇتاشتۇردۇم. ئوت تۇتۇشۇۋالغاندىن كېيىن چوڭراق ئوتۇنلارنى تۆپلەپ قويۇپ ئوتنى ئۇلغايتتىم.

— خويمۇ قولى ئەپلىك بالا بوپسەنا، — دېدى خان موماي يايراپ، — مەشنىڭ راھىتى دېگەن باشقا گەپتە، ئۆيۈمدىكى مەشنى ئەجەبمۇ سېغىندىم، ئەجەبمۇ سېغىندىم.

مەن خان مومايىنى خۇش قىلغۇەتكىنىمگە سۆيۈندۈم. ئاۋدۇنكامنىڭ «خان ئاپام خۇش بوپكەتسە، مەن خۇش بوپ كېتىمەن...» دېگەنلىرى قۇلاق تۈۋۈمدە قايتا جاراڭلىدى.

— بايام مەن گەپ قىلمىغان بولسام، قىل قالغانتىڭ ئاشۇ يامانلارغا قوشۇلۇپ ئوغرى-يانچۇقچى بوپكەتكىلى، ھەرگىز ئۇنداق يامانلىقنى ئويلىما جۇمۇ بالام.

— خان موما، مەن ئاشۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ ئەشەنچىسىگە ئېرىشۋالسام، سىزنىمۇ قۇتقۇزۇلايتتىم ئەمەسمۇ! — خان مومامغا گەپ قىلغۇتەپ يىغلاپ تاشلىدىم، — ئىشنى بۇزغان سىز. مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ، ئۇلار بىزنى ئامباردا توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى!

— بوپتۇ بالام يىغلىما، — دېدى خان موماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — مانا ئىسسىق ئولتۇرمامدۇق. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، توپا كىرەر كۆزىگە» دەپتىكەن، رىزقىمىز بولسا يەنە ياشارمىز، بەندە دېگەننىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى بالام.

توۋا، ماۋۇ خان مومامنىڭ بىغەملىكىنى، ھاياتىمىزنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتامدىكىنا؟

— سىز قورقمىدىڭىزمۇ خان موما؟

— ئېرىم رەھمەتلىكمۇ مۇشۇ يادىكارلىق دېگەن نەرسىلەرنى دەپ تۈگەپ كەتكەن، مەنمۇ شۇنداق بولىدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا مەيلى دەۋلتىمەن، سەن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەت، خۇدايىم ئۆمرۈڭنى بەرسۇن بالام.

خان موماي مېنىڭ ئامانلىقىم ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

— دېرىزىسىمۇ يوق بۇنداق جايدا قوشىمۇ قېچىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلدۇ، ھېلىقى تېلېفون دېگەن نەرسە بولسىدى. شۇ ئەسقاتاتتى - دە.

تېلېفون! ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، سەيدۇلكام ماڭا يانفوننى بېرىپ قويغان ئەمەسمىدى! مەن قوينۇمدىكى يانفوننى ئالدىم. يانفوننىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى سىلاشتۇرۇۋېدىم، يانفون ئېكرانى «ۋاللىدە» يورۇدى. مەن ئۇنىڭ كۇنۇپكىلىرىغا قارىدىم. بىردىن يانفون جىرىڭلىدى. قايسى كۇنۇپكىسىنى باساي، يېشىلىنمۇ؟ قىزىلىنىمۇ؟ كوچا چىرىغى قىزىل يانسا ماشىنىلار توختايدۇ، يېشىل يانسا ماشىنىلار ماڭىدۇ. يېشىل كۇنۇپكىنى باساي، يېشىل كۇنۇپكانى بېسىشىم بىلەن سەيدۇلكامنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قانداق دېگەن يوغان باش نېمىسەن ! ئادەمنى نېمانداق ئەنسىرتىسەن؟ نېمىشقا تېلېفوننى ئېتىۋالىسەن؟!

— مەن ئېتىۋالمىدىم، ئۆزى ئېتىلىكەنغۇ.

— نەدە سەن بەغەرەز ؟!

— خان موماي ئىككىمىزنى سۇلتانمۇرات سولاپ قويدى. كېلىپ بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

— مانا مەن دېمىدىممۇ، ئەسكى نېمە ئۇ، يېقىن يولىما دەپ. ھە مانا خوپ بولدىمۇ، —

سەيدۇلكام خېلى تېرىككەندەك قىلاتتى، — ھە، ئېيتە، نەدە سەن؟

— ئورمانلىقتىكى سۇلتانمۇراتنىڭ ئىسكىلاتىدا.

— ئورمان دېگەن تولاپ گەپ، سەن جىددىيلەشمەي ئۇ يەرگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىڭنى دەپ بەر.

— شەھەردىن چىقىپ دەريا بويىغا ماڭدۇق، ئاندىن كۆۋرۈك بىلەن دەريادىن ئۆتتۇق.

— قايسى كۆۋرۈك، كونىسىمۇ، يېڭىسىمۇ؟

— ۋاي تاڭ، تۆمۈر چىۋىقلىرى بار كۆۋرۈككەنغۇ.

— ھە ياشاپ كەت، يېڭى كۆۋرۈككەن، ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئالدىمىزغا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ بىر ئەسكى يولغا كىردۇق. شۇ ماڭغانچە خېلى مېڭىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق...

— بولدى، بولدى، قورقما مەن ھازىرلا...

يانفون «تې ... تىت» لاپ سەيدۇلكامنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. يانفوننىڭ ئېكرانى ئۆچتى، يانفوننى ياندۇردۇم، يانفون ئازراق يېنىپ يەنە ئۆچۈۋالدى.

— خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن بالام، دېۋىلەر تۇرغان كۇھىقاپتىن ئادەملەرنى قۇتقۇزغان باتۇر شاھزادىدەك ئىش قىلدىڭ، — خان موماي خۇش بولۇپ پېشانەمگە سۆيدى، — مەن ساڭا ئاشۇ باتۇر شاھزادىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بۇرۇنقى زاماندا...

— خان موما، خۇش بولۇپ قالاي، مېنىڭ ھېكايە-چۆچەك ئاڭلىغۇم يوق. ئۆيىڭىزگە بارغاندا ئېيتىپ بېرىڭ ماقۇلمۇ؟

— ئاڭلىمىساڭ بوپتۇ، كېيىن ئاڭلايمەن دېسەڭمۇ ئېيتىپ بەرمەيمەن، — خان موماي كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتماقچى بولدى. ياستۇق بولمىغاچقا ماموق چاپىنىمنى يېشىپ، بېشىغا قويۇپ بەردىم. خان موماي پۈتىنى ئۇزارتىۋېدى، «جىرىڭ» قىلىپ قوڭغۇراق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن قوڭغۇراقنى ئېلىپ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە قارىدىم. قوڭغۇراق چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك پارقىراپ تۇراتتى. قوڭغۇراققا شوڭغۇپ چۈشۈۋاتقان شوڭقارنىڭ سۈرىتى ئايلاندۇرۇپ ئويۇلغانىدى. گىرۋەكلىرىدە نەقىش ۋە ئاللىقانداقتۇر خەتلەر بار ئىدى. كۆز ئالدىمدا چاپچىپ تۇرغان تۇلپار، دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرى باتۇر سىياقىغا تېخىمۇ ياراشقان يورۇقخان، يورۇقخان قىيادىكى بۆرىدەك «قارنى يورۇق» دېگەن دۆڭدە يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرماقتا. تۇلپار ئالدى پۇتىنى تىككىدە كۆتۈرۈپ ھېلى ئۈچۈپ كېتىدىغاندەك ئاتلىنىشقا تەمشەلمەكتە. بوينىدىكى ئالتۇن قوڭغۇراقتىن ئالتۇن نۇرلار چېچىلماقتا. خان مومايىنىڭ ئېرى قوڭغۇراقنى سۈرتۈپ، لوپا ئەينەكتە كۆرمەكتە. مۇئەللىملەر مۇشۇ قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ باللارنى مەكتەپكە يىغماقتا... پاتىمە مۇئەللىم قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ ئۆيلەردىن ئەخلەت يىغماقتا. سۇلتانمۇرات بىردىنلا چاشقانغا ئايلىنىپ قوڭغۇراقنى سۆرەپ قاچماقتا. توۋا، ئۆز زامانىسىدىكى يورۇقخاننىڭ قوڭغۇرىقىنى ئوغرىلىغان ئادەم مۇشۇ سۇلتانمۇراتمۇ تېخى، ياق، ئۇنداق غەلىتە ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— بالام، — دېدى خام موماي ئويچان كۆزلىرىنى قوڭغۇراققا تىكىپ، — قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقىنە، خويمۇ سېغىنىدىمغۇ بۇ ئاۋازنى، مەكتەپنىڭ ھازىرقى توكلۇق قوڭغۇرىقىنى پەقەت ياقتۇرمايمەن. تۈيۈقسىز چىرقىراپ يۈرەكنى يەيدۇ، قوڭغۇراق دېگەن يەڭگىل، لەرزان جىرىڭلاپ تۇرسا قانداق ياخشى - ھە...

مەن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتىم. ۋاھ، نېمىدېگەن يېقىملىق ئاۋاز بۇ. چىرايلىق مۇزىكىنىڭ ئۆزىغۇ. گۈگۈم ۋاقتىدىكى بۈككىدە تېرەكلىك مەھەللىلەرنى، سايدا ئېقىۋاتقان سۇلارنى، بىنەم تۆپىسىدىكى شىۋاق پۇراپ تۇرغان غۇر-غۇر شاماللارنى، ئەتىيازدا جەنۇبتىن قاقىلداپ قايتىپ كېلىۋاتقان قاتار قاقىرلارنى ... يەنە شۇنداق يېقىملىق نەرسىلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا ئەكەپ قويىدىكەن دېسە. قوڭغۇراقنى توختىماي چالدىم، گاھى

ئاستا، گاھى ئىتتىك، گاھى بوش، گاھى چىڭ چالدىم. چالغانسېرى مەكتەپنى، پاتىمە مۇئەللىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى، رىسالەتنى سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. خان مومايمۇ قوڭغۇراق ساداسىدا گويا ئەللەي ناخشىسى ئاڭلاۋاتقان بوۋاقتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەندى. بىردىن ئىسكىلات ئىشىكىنىڭ «گوم - گوم!» ئۇرۇلۇشى بىلەن، قولۇمدىكى قوڭغۇراق يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— سەن ئەسئەتمۇ!

— ھەئە، سىز كىم؟! كىمنى ئىزدەيسىز؟ ۋۇي راست، سەيدۇللا دادامۇ؟

— شۇنداق بالام، ھە قېنى ئىشىكنى ئاچ!... ما كاللامنى، سىلەرنى سولاپ قويغان تۇرسا دەۋاتقان گېپىمنى. بولدى. ماشىنامدىكى بولقام بىلەن قۇلۇپنى «ئاكا»لا دېگۈزىمەن.

بىر ھازا ئۆتۈپ سەيدۇلكامنىڭ قۇلۇپنى زەرب بىلەن ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇلۇپ چېقىلغان چېغى، ئىسكىلات ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلدى. سەيدۇلكام يۈگۈرۈپ كىرىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى، ئاندىن باش - كۆزۈمنى سىلاپ «ھەر نېمە بولسا ساقكەنسەن» دەپ يېنىك ئۇھ تارتتى، خان موماممۇ ئورنىدىن تۇردى:

— سەيدۇل بالاممۇ سەن. ئەجەب ياخشى قىپسەن كېلىپ، رەھمەت بالام.

— سېنىڭ مېڭەڭ داداڭدەك ئىشلەيدىكەن جۇمۇ، — دېدى سەيدۇلكام يولدا كېلىۋاتقاچ، — مەن سىلەرنى ئىزدەپ ئورمان ئىچىگە كىرگەندە ئېزىقىپ قالدىم. سەللا نېرىدىكى يەر تۇماندا كۆرۈنمەيدىكەن، ئۇياققا ماڭىمەن، بۇياققا ماڭىمەن. ئاپلا دەيمەن. بىر ۋاقتا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى قوڭغۇراق ئاۋازى چىققان تەرەپنى تىڭشاپ مېڭىپ، سىلەر سولاقلىق يەرنى تېپىۋالدىم.

— ئوتنىمۇ بىر ئوبدان قالاپ مېنى توڭدۇرۇپ قويمىدى بۇ ئالتۇن، — دېدى خان مومايمۇ مېنى ماختاپ. مەن خۇشلۇقۇمنى چاندۇرماي دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدىم. يول يېرىملاشقاندا:

— بۇ ئىشنى نېمىشقا ساقچىغا خەۋەر قىلمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم سەيدۇلكامدىن.

— بۇ ئەسكىلەردىن قۇتۇلغانغا خۇش بولە بالام. بۇلار بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولمىدىغان. مانا قوڭغۇراقنىمۇ قايتۇرۇۋاپسەن. بولدى، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇلار جاجىسىنى يەيدۇ. «يامانلىق ھەركىمنىڭ ئۆزىدىن ئاشماس» دەيدۇ. مانا ئارا مەھەللىدىكى سانىيەم دېگەن خىزمەتچى خوتۇن كىچىك ۋاقلىرىمىزدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتسەك بىز دېھقان باللىرىنى بىكاردىن - بىكارغا «ۋۇي، پەس ئوغرىلار» دەپ تىللاپ كېتەتتى. توۋا دەيسەن، كېيىن ئۇردۇن دېگەن ئارزۇلاپ باققان بالىسى ئوغرىلىق بىلەن مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتتى، سانىيەخان بالىسىنىڭ دەردىدە چاچلىرى ئاقىرىپ، تىلىمۇ گەپكە كەلمەس بولۇپ قالمىدىمۇ...

سەيدۇلكام يامانلىقى ئۆزىگە قايتقانلار توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭغا چۈشتى. خان مومام شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرگەن كىچىك بالىدەك ئەينەكتىن سىرتقا تويماي قارايتتى. خۇشاللىقىدا «پاھۇي ما جاھاننى، ئالەم قەۋەت ئۆزگىرىپ كېتىپتا. كۆزى كۆرگەن قانداق ياخشى!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتەتتى.

## 9. چاشقانغا قاپقان

يېرىم كېچە. خان مومايىنىڭ ھويلىسىدا ئىككى قارا كۆلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇلار قار كېچىپ ئالما دەرىخى تۈۋىگە كېلىپ قولىدىكى جوتۇ بىلەن ھەدەپ يەرنى كولاشقا باشلىدى.

— يەر توڭلاپ كېتىپتۇ. جوتۇ ئۆتمەيۋاتىدۇ.

— تولا كوتۇلدىماي، ئاۋازىڭنى پەس قىلىپ كولىشىڭنى بىل، تاڭ ئاتقۇچە ۋاقىت دېگەن بار.

— بۇ قېتىم پايدىسىنى جىقراق ئايرارسەن.

— گەپنى ئاز قىلىپ كولا.

بىردىن ھويلىدىكى ئامبار ئىشىكى غىچىرلاپ، ئىچىدىن ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكلىك بىر موماي چىقتى ۋە ئۇدۇل ئۇ ئىككىيلەننىڭ قېشىغا يەڭگىل دەسسەپ يېتىپ كەلدى. ئاي نۇرىدا مومايىنىڭ چىرايى يورۇپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككىيلەن قورقىنىدىن ئالما ياغىچىنى چىڭڭىدە

قۇچاقلىۋالدى - دە، «سۇف - سۇف» دەپ ئاق كىيىملىك مومايغا ھۆردى.

— ھارماڭلار، بالىلىرىم، ھارماڭلار.

— ھوي، بۇ خان مومايغۇ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— نەق شۇ! سوغۇق ئىسكىلاتقا سولاپ قويغانتۇق. بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ بۇ موماي؟

— توغرا! — دېدى ئاق كىيىملىك موماي، — مەن سىلەرنىڭ ئامبىرىڭلاردا بايام توڭلاپ ئۆلۈپ قالدىم. ئۆلۈكۈم شۇ يەردە قالدى. مۇشۇ ئالما تۇۋىدىكى ساندۇقتا ئېرىمنىڭ روھى ساقلىنىپ ياتىدۇ، سىلەر ساندۇقنى ئاچساڭلار ئېرىمنىڭ روھى بىلەن قول تۇتۇشۇپ باقىي ئالەمگە ئۇچۇپ كەتمەكچى...

ھېلىقى ئىككىيلەن «چىرىرىدە» چىرقىراپ تالاغا قاچتى. ئۇلارنىڭ چىرقىراشلىرى مەھەللە ئىتلىرىنى بەس-بەستە قاۋىتىۋەتتى.

— قانداق بولدىمۇ؟

خان موماي ئۆيگە كىرىپ رىسالەت ئىككىمىزدىن سورىدى.

— قالتىس ئوخشاتتىڭ خان موما، — دېدى رىسالەت پىخىلداپ كۈلۈپ، — مەنمۇ دېرىزىدىن ماراپ قورقۇپ كەتتىم.

— سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كىرمىسەم بوپتىكەن، — دېدى خان مومايىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — نېمىلا بولسۇن كۆزۈمنى ئاشۇ بالا داۋالاتقانتى ئەمەسمۇ.

— خان موما، ھېلىمۇ ئۇلارنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرمىگىنىمىزمۇ يېتەر، — دېيىشتۇق بىز.

* * *

مۇزېيدىن ئادەم كېلىپ خان مومام ساقلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىرمۇبىر تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ناھىيەنىڭ ھاكىممۇ بىللە كېلىپ خان موماي بىلەن رەسىمگە چۈشتى. خان موماي سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى رىسالەتتەك بىر مۇنچە تەقدىرنامە قەغەزگە ئېرىشكەندى. بىز بۇ تەقدىرنامىنى خان مومايىنىڭ تېمىغا چاپلىدۇق. «ھاي، قىبلە تەرەپكە چاپلىماڭلار، ئاۋۇ تامغا چاپلاپ قويۇڭلار» دەيتتى خان موماي. مەكتىپىمىز ھېلىقى قوڭغۇراقنىمۇ مۇزېيدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر يېزىمىزدىن كېتىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ مۇزېي مەكتىپىمىزگە بىر ھەيكەل ئەۋەتىپتۇ. بۇ ھەيكەل ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا. ئاجايىپ ئىش، ھەيكەل چۈشۈمدە كۆرگەننى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرگەندى: مانا چاپچىپ تۇرغان تۇلپار، تۇلپار ئۈستىدە دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى باتۇر سىياقىغا تېخىمۇ ياراشقان يورۇقخان، يورۇقخان قىيادىكى بۆرىدەك يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرماقتا. تۇلپارى ئالدى پۇتىنى تىككىدە كۆتۈرۈپ ھېلى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئاتلىنىشقا تەمشەلمەكتە. بويىنىدىكى ئالتۇن قوڭغۇراقتىن ئالتۇن نۇرلار چېچىلماقتا... مەن ھەيكەلگە تولا قارايتتىم. رىسالەت كۈلۈپ: ‹ئىپار ئاغىچىنىڭ قوڭغۇراق ئاسقان ئۆچكىسىنى ھەيكەل قىلغان بولسىچۇ› دەپ مېنى تېرىكتۈرۈپ قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى يەنە شۇنداق ھەيكەلگە قاراپ تۇرسام:

— بوينۇڭ قېتىپ قالمىسۇن ئەمدى. ئەجەبمۇ قاراپ كېتىپسەنغۇ، — دېدى پاتىمە مۇئەللىم قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن قىزغىن كۈلۈپ.

— چۈشۈمدە كۆرگەندەك تونۇش چىراي ... — دېدىم مەن راست سۆزۈمنى قىلىپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى پاتىمە مۇئەللىم، — قايسى ھەيكەلتىراش ياسىدىكىن، يورۇقخاننىڭ چىرايى نەق مەرھۇم داداڭنىڭ چىرايى...

مۇئەللىمنىڭ گېپى بىلەن كەينىمگە داجىپ يورۇقخان ھەيكىلىگە قارىدىم. توۋا، ئات ئۈستىدە سۆيۈملۈك، مەرھۇم دادام ئولتۇراتتى.

(ئاپتور شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**




## كاپكاپ گۈلى

سۈپسۈزۈك قەددىڭدە باھار يالقۇنى،
ئېچىلىپ كېتىسەن زېمىننى سۆيۈپ.
ئىنتىلىپ بىر ساڭا قەلبىم يانغىنى،
لاۋالار چاچماقتا ھۆسنۈڭنى كۆرۈپ.
ئېرىقتا لايقىنىپ ئاققان سۇلاردەك
تەلپۈنۈپ يۈرىكىم ئاقىدۇ ساڭا.
قۇياشتىن تۆكۈلگەن سېرىق نۇرلاردەك
يەنە بىر شەپەقنى ئۇزاتتىڭ ماڭا.
شامالغا ئايلاندىم ئاپتاپتا كۆيسەڭ،
ھەر دەقىق مەن سېنى سۆيدۇم قۇچاقلاپ.
شەبنەمگە ئايلاندىم گەر مېنى سۆيسەڭ،
بەرگىمنىڭ قېتىدا كۈلدۇم قاقاقلاپ.
ھەر باھار مەن ساڭا كۆيۈپ قالىمەن.
شۇ گۈزەل تۇرقۇڭنى سۆيۈپ قالىمەن.

## ياۋا گىياھ

سەن نېچۈن كەلمەيسەن باغلار قوينىغا،
بۇ يەردە يوق دەمسەن تاغنىڭ شامىلى.
كۆيسەن باھارنىڭ ئوتلۇق ھىدىدا،
ئۈستۈڭدە تۈيغۇمنىڭ يېشىل رومىلى.
بورانىنى سۆيسەن تاشلار باغرىدا،
چۆللەرنى گۈللەيدۇ يۇمران بىخلىرىڭ.
پۈرلىشىپ كەتمەيسەن يامغۇر ئالدىدا،
بار سېنىڭ جىسمىڭدا ئۆتكۈر تىكىنىڭ.
كۈيلەرگە قاتىسەن ئاسمان-زېمىننى،
قۇشلارغا ئەگىشىپ كۈي-غەزەل ئوقۇپ.
گۈللىرىڭ لەرزىگە سالدى جېنىمنى،
شامالغا ئەگىشىپ لىرىكا توقۇپ.
ياۋا ئوت مېنى سۆي، مېنى ئەركىلەت،
جىسمىمدا پارلىسۇن يۈكسەك پەزىلەت.

## سېرىق ئەترگۈل

ھەر كۈنى كېلىمەن كۆلنىڭ بويىغا،
ئاخىرقى شەپەققە تولغان گۈگۈمدا.
شۇ تاپتا شامallلار شېرىن خىيالدا،
بىر سېرىق ئەترگۈل يانار تۈيغۇمدا.
ئۇ خىلۋەت بىر ھېستا كۈلىدۇ مەغرۇر،
تەۋرەنسە مۇڭ بىلەن يېشىل ياپراقلار.

ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە گۈزەل سۆيگۈدۇر،
ئۇنى دەپ چاقنايدۇ ئۇلۇغ ئارمانلار.
ئۇچقاندا ساپسېرىق يۇمران بەرگلەر،
كېتىدۇ ئاستىلاپ قۇياشقا تىنىپ.

پاك تۇيغۇ ئىلكىدە سۇزۇك شەبنەملەر
سۆيىدۇ قەلبىمدەك ئۇلارنى قېنىپ.
ئاھ سېرىق ئەتىرگۈل خىيالىڭدا مەن،
كۈلىسەن ھەر يىلى باھارىڭدا سەن.

## يېشىل يوپۇرماق

ئۇچماقتا يېشىللىق قەلبىم كۆكىدە،
كۈلمەكتە شاخلاردا يېشىل يوپۇرماق.
بۇ يۈرەك، بۇ تىنىم باھار ئىلكىدە،
بويۇمنى ئورايدۇ بىر خۇشبۇي پۇراق.
باغلارغا قارايمەن ئورمانلارغا ھەم،
سۆيىمەن شۇ گۈزەل يېشىل ياپراقنى.
يېلىنجاپ يانىدۇ يۈرەكتە غايەم،

ياپراقتەك سۆيىمەن ئانا تۇپراقنى.
باھارغا ئەگەشكەن يۇمران ئىستەكتە،
شاخلارنىڭ قوينىدا جۇلالايدۇ ئۇ.
جان بەدەل بىر بۈيۈك ئېسىل خىسلەتتە،
ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدۇ ئۇ.
كۈز كەلسە تۇپراققا تۆكۈلەر ئاستا،
مەنمۇ بىر ياپراق بوپ قالسام شۇ تاپتا.

## كاككۇك

ئاۋازىڭ مۇھەببەت كۈيىگە تولغان،
ھەر باھار ئاڭلايمەن تېرەكلىكتە مەن.
زەينەپتەك ئۈمىدكە تولىدۇ ئارمان،
يۈرىسەن قايسى شاخ، دەرەخلەردە سەن.
چېچەكلەر ئېچىلغان گۈزەل باغلاردا،
ئاڭلىسام ئۈنۈڭنى مۆڭلىنار يۈرەك.
زەينەپتەك بوپ قالار بەزى چاغلاردا،

مەلەمدە كۆكەرگەن شۇ قاپاق تېرەك.
ۋىسالغا تەلپۈنگەن چاغلارنى ئەسلەپ،
ئەگىشىپ كەتكۈم بار بەزىدە ساڭا.
يامانلىق كەلمىسۇن بەختىمنى قەستلەپ،
سەن قونغان تاللاردىن يىرەمسەن ماڭا.
بار مېنىڭ قولۇمدا كاككۇك قونغان تال،
ۋىساللىق مۇھەببەت يۈرىكىمدە قال.

## گۈل بەرگى

ئۇچىسەن بىر نازۇك تىۋىش قوينىدا،
شامالغا ئايلانغان خىيالىڭ بۇ دەم.
تىترەيسەن نېمىشقا تۇيغۇم قولىدا،
جان بەرسە سەن ئۈچۈن ئوتلۇق ئەقىدەم.
تۇزۇساڭ ناۋادا يۈرىكىمگە چۈش،
خىيالىم پاكلىنىپ گۈلگە ئايلانسۇن.
كەچ كۈزمۇ كەپ قالدى دېمىگىن سەن خوش،

سەن بىلەن ھەم رىشتىم مەڭگۈ باغلانسۇن.
سەن شەپەق پارچىسى قۇياشتىن تامغان،
ئۇچىسەن زېمىننىڭ كۆكسىنى سۆيۈپ.
سەن ئاينىڭ بالىسى ئايدىڭدا يانغان،
كېتىسەن ئاسماننى يۇلتۇزغا كۆمۈپ.
لىرىكام باغرىدا چۈشەپ قال مېنى،
مىسرالار باغرىغا قوندۇراي سېنى.

## چېچەك

باھارنىڭ ساداسى نۇرى سەن چېچەك،
شاخلاردا ھۆپپىدە تولۇپ ئېچىلغان.
سەن ھايات باغرىدا نۇرلۇق كېلەچەك،
بەختكە بەختلەر مەھكەم چېتىلغان.
جاھاننى بىر ئالغان گۈلگۈن ھېسىڭدىن
قۇياشقا تۇتىشار بىر لىرىك دۇنيا.
باھارغا قانىدۇ سېنىڭ قەددىڭدىن
چېچەك بوپ قالغاندەك يۈرىكىم گويا.
پىداكار قەلبىڭنى شاخلاردا قويۇپ،
سەن مەغرۇر روھ بىلەن توزۇپ كېتىسەن.
بىر ئۇلۇغ ھېكمەتنى يۈرەككە ئويۇپ،
مۇرادۇ مەقسەتكە ئاندىن يېتىسەن.
مەن سەندەك ھاياتتا ياشايمەن شۇنداق،
چىدايمەن مۇشەققەت كەلسە ھەر قانداق.

## مەجنۇنتال

سەن سالام بەرگەندە، يەرگە ئېگىلىپ،
ياپيېشىل تاللىرىڭ سۆيەر زېمىننى.
قۇياشمۇ قارايدۇ ساڭا تىكىلىپ،
نۇرلىرى سەن ئۈچۈن بېرىپ جېنىنى.
تاللىرىڭ يېشىل نۇر چاچار ھەر يانغا،
ئوينىشار ئۆستەڭدە سۇلار سەن بىلەن.
تاللىرىڭ ئايلىنىپ گۈزەل ئارمانغا،
كېتىدۇ خىيالغا گاھى مەن بىلەن.
بەزىدە شۇ تال-تال چېچىمغا ئوخشاش،
يەلپۈنۈپ كېتىسەن بەخت كۈيىدە.
بەزىدە قىلىقىڭ ماڭا ئوخشاش شاش،
دولقۇنلاپ كېتىسەن ئۆستەڭ سۈيىدە.
ئېگىلسەم زېمىنغا سەندەك ھۆرمەتتە،
ئىنسانغا ئوخشايمەن قەدىر-قىممەتتە.

## نورۇز بۇلاق

لىرىكا پۈتىمەن ھەر باھاردا مەن،
بويۇڭدا ئولتۇرۇپ جور بولۇپ ساڭا.
مىسرايىم قېتىدا، كۈيلىرىمدە سەن،
سۈپسۈزۈك سۈيۈڭدە ھېسلىرىم مانا.
بېرىسەن باھارنىڭ گۈزەل قەدرىنى
ياپيېشىل كۆكەرسە شۇ ھاي-ھاي تېرەك.
دۇنياغا تونۇلغان ئالىم ئەجرىنى
مېھنەتكەش ئەل بىلەن قىلىسەن كۆرەك.
تامچاڭغا ئايلانغان نەزم-قوشاقلار
ئاقىدۇ قەلبىمگە ئىلھاملار بېرىپ.
باغرىڭدا تەۋرەنسە يېشىل باشاقلار،
ئەمگەكنىڭ قوينىدا كېتىمەن ئېرىپ.
مەن يازدىم بىر شېئىر نورۇز بۇلاققا،
مەرھابا دەپ ئەزىز ئانا تۇپراققا.

## باھار شاملى

سىلايسەن زېمىننى ئىللىق قولۇڭدا،
سىلايسەن يۈزۈمنى، كىرپىكىمنى ھەم.
چېچەكنىڭ بەرگىسى ئۇچار يولۇڭدا،
ياپراقلار سۆيىدۇ سېنى دەممۇدەم.
گاھىدا بىر مۇڭلۇق كۈيگە ئوخشايسەن،
تەۋرىتىپ خىياللار قوينىدا مېنى.
دەپ بەرگىن سەن زادى نەدە توختايسەن؟
بىر تاتلىق ئۈمىدتە كۈتىمەن سېنى.
گاھىدا كېلىسەن شۇنچىلىك لەرزان،
ئېتىزلار باغرىدا يەلپۈنەر مايسا.
باھارغا ئەگەشتىڭ سەن ھەر بىر زامان،
دۇنياغا تارتىپ بىر گۈزەل سادا.
ئاھ شامال ئېلىپ كەل چېچەك بەرگىنى،
مەن چىقتىم خوش بولۇپ ئۈنى تەرگىنى.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 181-قورۇدا)

ئوبۇلتالىپ سادىر



# بالام ئۈچۈن

(ھېكايە)

— ئا... بولدى، بولدى! تولا داڭقان پۈتى گەپ قىلماي ئازگالدىن چىقسىلا چاقان، بۇ خىشلارنى باشقا ئادەم تېپىپ قويغۇزاي! — ۋارىس باي كۆك سارجا ئىشتىنىغا پاتماي قالغان قورسىقىنى تېخىمۇ ئالدىغا چىقىرىپ، داۋۇتاخۇنغا ھۆرپەيدى.

— ئۇكام ئۇنداق دېمىسىلە، لايىنى بەلەن پىشۇرۇپ چىرايلىق قۇيۇپ بېرەي...

— بولدى، بولدى. تولا كاپشىماي يىتسىلە كۆزۈمدىن. ھېلى باكا... — ئۇ دىقماق، كالتا قوللىرىنى داۋۇتاخۇنغا شىلتىدى.

— ئەمسە تۈنۈگۈنكىنىڭىزى قۇيغان خىشلارنىڭ پۇلىنى ... — ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن تەسلىكتە گەپ قىلىۋاتقان داۋۇتاخۇن تىزىغىچە لايغا پېتىپ كەتكەن پۇتىنى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ تەستە يۆتكەپ، ئادەم بويى كەلگۈدەك لاي ئازگىلىدىن مۆدۈرۈپ-يىقىلىپ قىينىلىپ چىقتى.

— قايسى پۇل، ھە قايسى پۇل؟! مۇشۇنداق مايماق قۇيغان خىشلارغا پۇل بېرىمەنما تېخى؟! — ۋارىس باي داۋۇتاخۇننىڭ بىچارە تۇرقىغا ئىچمۇ ئاغرىتماستىن شالىنى چېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— بوپتۇ ئۇكام، خۇدا راۋا كۆرسە بەرمىسلى مەيلى، — ئۇ پەشتاما ئورنىدا چىگىۋالغان، لايغا مىلىنىپ كەتكەن ئوغۇت خالتىسىنى بېلىدىن يېشىپ، شاللىرى ئاجراپ چۇۋۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان قېلىپىنى خالتىغا سېلىپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئۆيگە قايتىشقا تۇتۇندى.

— خۇدا يەتتۈرگۇ مۇناپىق! تۇنۇگۈن خىش قۇيغىلى تۇرسام مولۇندەك تۇراتتى بېشىمدا. مانا ئەمدى 1000 دىن كۆپرەك خىشنى قۇيۇپ بولغاندا مايماق-جىتاق دەپ، ئېۋەن تاپىدۇ يا تېخى. خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر! — ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆزگە ئۆزى غۇدۇڭشىدى.

6-ئاينىڭ ئاخىرلىرى. زېمىنغا تىك چۈشۈۋاتقان قۇياش ئەتراپنى تونۇرغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. قىرلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك غورىگىل تۇرمۇشتىن قەددى خېلىلا پۈكۈلگەن داۋۇتاخۇن ھاۋىسى تەڭشەلمىگەن تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان توپىلىق يولدا قەدەملىرىنى ئاستا ئالماقتا ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقان سۆۋادان تېرەكلەر ھارارەتلىك قۇياشنىڭ تەپتىنى توسالمىغىنىدىن ئۇيالغاندەك، يوپۇرماقلىرىنى قورۇۋالغانىدى.

— ھەي قىرلىق! ياش چاغلىرىم بولغان بولسا، لايىنى بىر قانچە قېتىم كۆپرەك ئۆرۈپ ئەتكەن بولسام، قۇيغان خىشىمۇ چىرايلىق چىقار بولغىيتتى. ۋارىساخۇنمۇ مېنى ھەيدىۋەتمەستى. ھەنم بولسا «قۇيۇپ بولغان خىشنى ئازگالغا ئەكېلىپ توپىغا ئايلاندۇرۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋالمىدى. ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغان بولسا قانداقمۇ قىلار بولغىيتتىم. خۇدايىم ھېلىمۇ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپتۇ بۇ ناكەسنىڭ، — داۋۇتاخۇن كىر دەستىدىن ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان ئاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈپ، يۈز-كۆزى، ئاپپاق چۇپۇر بېسىپ كەتكەن بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى دوپپىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، سوپۇن تەگمىگىلى ئۇزاق بولغان قىچىشىپ تۇرغان بېشىنى قېنىپ-قېنىپ قاشلىۋالغاندىن كېيىن، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— پاتەمخان، ھو ... ي پاتەمخان! بىر نوگاي سۇ ئاچىقىپ بېرىڭلار ماڭا. ئەجەب ئىسسىپ كېتىپ بارىدۇيا بۇ جاھان، — داۋۇتاخۇن ھويلىسىغا كىرىپ كەتمەن بىلەن قېلىپنى تۆت-بەش يېرىگە ياماق چۈشكەن، توپا بېسىپ كەتكەن ئىككى پارچە گۈللۈك كىگىز سېلىنغان سۇپىنىڭ تۈۋىگە قويۇپ، خىرقىراق ئاۋازى بىلەن پاتەمخاننى توۋلىدى.

— ما ئادەم شورپا ئىچكەن قازاقتەك تەرلەپ كېتىپتۇ - يا. ماقۇل، ماقۇل. جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇڭلار، — پاتەمخان يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن بېشىدىكى رەڭگىدىن كەتكەن چىلان رەڭ لېچەكنى لەپپەڭشىتىپ كۆپ يېنىغا ماڭدى.

— ئۇھ!خۇداغا شۈكرى، جاننىڭ راھىتى-دە سۇ دېگەن. خۇدايىم مۇشۇ سۇنى ھەجەپىي ئۇلۇغ يارىتىپتىكەن، — داۋۇتاخۇن بىر نوگاي مۇزدەك سۇنى غورتۇلدىتىپ بىر يۇتۇممۇ قالدۇرماي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ساقال-بۇرۇت بېسىپ كەتكەن ئېغىزىنى لاي قوللىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. تېرەك شېخى بىلەن يېپىلغان بۇ كىچىككىنە چەللە ئۇنىڭغا شاھنىڭ ئايۋان-قەسىرىدەك بىلىنىپ، ھۇزۇر ۋە سالقىنلىق ئاتا قىلىۋاتاتتى.

— قورسىقىڭلارمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ ھەقەچان؟ ئاشمۇ ھازىر پىشىدۇ. ۋارىساخۇنغا قۇيۇپ بېرىدىغان خىشلارنى قۇيۇپ بولدۇڭلىما دادىسى؟

— قۇيۇپ بولدۇم ئانىسى، قۇيۇپ بولدۇم.

— نېمبولدى؟

— نېمە بولاتتى، بىرەر 1000دەك خىشنى قۇيۇپ بولغاندا مايماقكەنىەي-جىتاقكەنىەي دەپ بىر مۇنچە ئېۋەن چىقىرىپ، بېغىدىن ھەيدىۋەتتى مېنى. ئىككى كۈننىڭ كىرىزى قىلغان ئىشلىرىممۇ باكا بولدى ئەينا.

— بىر موچەنمۇ بەرمەي ھەيدىۋەتتىما؟

— بارمىسامۇ بولاپتىكەن ئۇ باداڭنىڭ ئۆيىگە.

ــ بۇ جاھان نېمە بولاپ كېتىپ بارىدىغاندۇ
خۇددى؟ قانداق قىلامىز پۇلنىڭ ئىشىنى؟ بىچارە
بالا ئۇرۇمچىدىن كىپلەلمەي بوينىنى قىسىپ
قالارمۇ؟ ــ پاتەمخان خۇنى كەتكەن كۆزلىرىگە
ئىسسىق ياش ئالدى، ــ مەن بىر بېرىپ باقاي ۋا-
رىساخۇننىڭ ئۆيىگە. قىلغان ئىشىڭلىنىڭ پۇلى-
نى بولىسىمۇ بەرسۇن، ــ ئۇ لېچىكىنىڭ بۇرجى-
كىدە يېشىنى سۈرتكەچ، يالىڭاياغ پۇتىغا داۋۇتا-
خۇننىڭ قىش كۈنلىرى تاھارەت ئالغاندا كىيىدى-
غان ئاياغ ئىسكەتى قالمىغان قارا لاتا خېيىنى
كىيىپ سىرتقا ماڭدى.

ــ بولدى قىلىلىمىكى پاتەمخان، ئۇ مۇناپىق-
نىڭ ھارامدىن قاچمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم
بىلىدۇ، گەپ يېمەسمىكى ھەقىچان. ئىت ئۇر-
غۇچىسىغا ئامراق دېگەندەك، مەنمۇ ئاشۇ گەل-
دەڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىمەن ئەينا ئىزدەپ-
سوراپ. باغدىكى ئۆرۈكلەرمۇ ئالا بولغان چېغى-
ۋا، شۇنى سېتىپ پۇل غەملەيمىزمىكى ئەمدى؟

ــ شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ باقاي، يېرىمىنى
بولسىمۇ بېرە، ــ پاتەمخان بىقۇۋۇل، مىسكىن
كۆزلىرىنى قادىراخۇنغا تىكتى.

ــ داۋۇتىكام ئۆيدە بارمۇ؟ ــ بۇ كەنت بوغال-
تىرى سادىقنىڭ ئاۋازى ئىدى. پاتەمخان سىرتقا
چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ بىلەن بوسۇغىدىلا
ئۇچرىشىپ قالدى.

ــ بار ئۇكام، بار. ماڭىسىلا ئۆيگە كىرىلى، ــ
پاتەمخان ئۇنىڭ يەنە قەرز سۇيلەپ كەلگەنلىكى-
نى پەملەپ، چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ
ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

ــ ئۆيگىمۇ كىرەمىز. داۋۇتىكامنى چاقىرى-
ۋەتسىلە، ئازراق ھېساب بار ئىدى قىلىشىدىغان.

ــ دادىسى ! سادىقاخۇن كەپتۇ، مايەرگە چى-

قىڭلار.

ــ ھە مانىكا، ھازىر چىقىمەن. ئوغىنىڭ
كەينىدىن غوغا كەپتۇ دېگەندەك، يەنە شۇ پۇل
گېپىدۇ ھەقىچان؟ ــ داۋۇتاخۇن ئىككىلا تىزىغا
ياماق چۈشكەن توپا رەڭ ئىشتىنىنىڭ ئىككى غې-
رىچچە ساڭگىلاپ قالغان ئىشتان بېغىنى بېلى-
گە قىستۇرۇۋېتىپ، كىرى پىشىپ قالغان ئاق
خەسە يەكتىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ،
ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

ــ سۇ ھەققىنى يىغقىلى كەلگەن ئىدىم داۋۇ-
تىكا، دەپتىرىمدە زاڭغا چىققان سۆكەكتەك سى-
لىنىڭ ئىسمىلىرىلا ئاق قالدى ئەينا! ــ سادىق
كۆك تاشلىق قىلىن دەپتىرىنى ۋاراقلاپ بىر نې-
مىلەرنى يېزىپ بولۇپ، تاز قاشلىرى ئاستىدى-
كى چېقىر كۆزىنى داۋۇتاخۇننىڭ ئولتۇرۇشقان،
ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە تىكتى.

ــ ئۇكام، ئون كۈننىڭ ئالدىدا تۆلىگەنغۇ
سۇ ھەققىنى...

ـ ئا... ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك گەپ قىل-
مىسىلا داۋۇتىكا! ئۇ دېگەن ئەتىياز پەسىللىك،
ھازىر دەۋاتقىنىم ياز پەسىللىك سۇ ھەققى.

ــ خاپا بولماڭ ئۇكام. بىلمىگەندىكىن دەپتى-
مەن ئەمدى، ــ داۋۇتاخۇن كوماك چىشلىرىنى چىقى-
رىپ خىرقىراپ كۈلگىنىچە گەدىنىنى قاشلىدى.

ــ ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ئۇكام، بالىمىز ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىن بېرى قولىمىز سەل
قىسقا بولۇپ قالدى. سۇ ھەققىنى كۈزىچە
كېۋەز ساتقاندا بەرسەك بولماسمۇ؟ ــ داۋۇتاخۇن-
نى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پا-
تەمخان سۆز قىستۇردى.

ــ بولمايدۇ! ئېتىزغا سۇ قۇيىدىغان ۋاقىتتا
ئىت قوغلىغان گاچىدەك يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەڭ
ئالدىدا ئېچىقنىڭ بېشىغا مىنىسىلە، ئەمدى پۇل
تۆلەيدىغان ۋاقىتتا... بالاڭلارنى ئوقۇتماڭلار
دېسەم نىزەمبىللا ئۇنىمىدىڭلار. باشقىلارنىڭ
نېمىشقا سىلىگە «داۋۇت گەلدەڭ» دەپ لەقەم
قويۇپ قويغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. «ھالىڭغا
بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت» دې-
گەننى ئاڭلاشمىغانما ھەرقايسىلىرى؟! ھە مانا
دېگىنىم كەلدىمۇ؟ مۇشۇنداق پۇل تۆلەيدىغان ۋا
قىتتا قەلەندەرنىڭ پايتىمىسىدەك سۆرىلىپ تۇر-
غىنىڭلا تۇرغان. ئاۋۇ ئۆرۈكلەرنى شەگە ئەكى-

رىپ ساتمايمىزمۇ مۇنداق، ئەسكى چاپانغا يۆگنىپ «يوق، يوق» دەپ تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالماي، — سادىق تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتتى. داۋۇتاخۇننىڭ لەقىمى گەلدەك ئىدى. لەقەم دېگەن شۇ ئادەمنىڭ ئىش-ئەمىلىگە، چىراي-تۇرقىغا، كەسىپ-ئوقىتىگە قاراپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، ھەم داۋۇتاخۇن لەقىمىگە يارىشا ئۆزىنى «گەلدەك»لەرگە ئوخشاش ھېس قىلالمىغاچقا، ئۇ بۇ ناباب لەقىمىدىن نارازى ئىدى. لەقىمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى-يۇ، يەنە چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرۇتتى.

— ماقۇل ئۇكام، شۇنداق قىلىلى، — داۋۇتاخۇن پادىشاھ ئالدىدىكى گۇناھكاردەك تۆۋەن ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

— چاققان بولىشالا! ئىككىنچى قېتىم كېلىپ قالماي ئىشىك ئالدىلىرىغا، — سادىق تەۋەررۈك دەپتىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، غادايغان پېتى ئىككىيلەننىڭ ئالدىدىن ئۆزاپ كەتتى.

— ھە... ي! قانداقمۇ قىلامىز ئەمدى؟ ساتا-ساتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى بالىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن سېتىپ بولدۇق. چىچقاق پاقلىنىمىزدىن بىرەرسى بولسىچۇ كاشكى، غاچىلا ساتساق بۇنداق خىجالەتچىلىكتىمۇ قالماستۇق، — داۋۇتاخۇن ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەن پاتەمخانغىمۇ قارىماستىن ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى. پاتەمخان ۋارىس باينىڭ ئۆيىگە بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، باغ تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان ئوچاققا كېۋەز شادىسىنى سېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوتنى پۈۋلەشكە باشلىدى. «گۇپ» قىلىپلا ئوت ئالغان ئوچاق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۈل سورۇۋەتتى. ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتكەن پاتەمخاننى كۆرگەن داۋۇتاخۇن خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ما خوتۇننىڭ يامانلىقىنى، ئوچاقنىڭ ئوتى بىلەن چېلىشقىلى تۇردىڭلىمۇ نېمە؟ نماندىق يۇمىلاپ يۇرىسلە ساراڭدەك؟

— ھە شۇنداق قىلغىلى تۇردى. «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتسام ما ئادەمنىڭ كۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈڭلا تېخى! — پاتەمخان داق يەردە ئولتۇرۇپلا كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. داۋۇتاخۇن كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا پاچىقىنىڭ قويۇق تۈكلىرىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان قۇرۇپ كەتكەن لايلارنى ئورۇق قولىدا تاتىلاپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئېشەكنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېغىل تەرەپكە ماڭدى.

* * *

كۆك بىلەن بوي تالاشقان بىنالار، تۈپتۈز ئاسفالت يوللار، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان ئارچا ۋە مەجنۇنتاللار، ئاشخانا، بەزمىخانا ، ئۈن-سىن دۇكانلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇلاق-مېڭىنى يەيدىغان ئەبجەش ناخشا-مۇزىكىلار، كۆزنى غەلەت قىلىپ ياندىن غىپپىدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان كىچىك ماشىنىلار، ئالىيېشىل كىيىنىپ نېمىگىدۇر ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر... بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇتاخۇن ئۈچۈن يېڭىچە بىر دۇنيا ئىدى، ئۇ ھەيرانلىقتىن ئۇلارغا قاراپ-قاراپ تويمايتتى. ئۈچ سېۋەت ئۆرۈك بىلەن داۋۇتاخۇننى ئاران سۆرەپ كېتىۋاتقان ئاۋاق بوز ئېشەكنىڭ قۇم-توپىدا مېڭىپ كۆنۈپ قالغان تۇياقلىرىغا قاتتىق ئاسفالت يول ياقمىدىمۇ ياكى پۈتۈن بىر كېچە يول يۈرۈپ ھالىدىن كەتتىمۇ قەدىمىنى ئاستا ئالاتتى. داۋۇتاخۇن تاياق بىلەن ئۇچۇقداپ تۇرمىسا توختاپمۇ قالاتتى. ئۇ ياماق سېلىنغان قارا لاتا ئاياغ كىيىۋالغان پۇتىنى ئېشەكنىڭ مېڭىش رىتىمىغا كەلتۈرۈپ مىدىرلىتىپ، ئېشەكنىڭ يېغىر دۈمبىسىگە ئۇچلۇق تايىقىنى پات-پات نىقتاپ قوياتتى. قىز بالا بولسا كېرەك، ۋىلىقلاپ كۈلگەن بىر ئاۋاز داۋۇتاخۇننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ كۈلكە ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدى. قارىدىيۇ، ھەيرانۇ ھەس بولۇپ، قورقۇنۇچتىن چالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ تەرەپتىن چېچىنى ساپسېرىق بويىۋالغان بىر نەچچە قىز كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەۋرىتىنى ئاران ياپقان يوپكىسى، ئاق كوپتىسىنىڭ ئالدىدىن كۆ-

رۇنۇپ قالغان كۆكسى ئۇلارنى داۋۇتاخۇننىڭ كۆزىگە باشقىچىلا كۆرسەتتى.

— خۇدا يا تـوۋا! كۇپكۇندۇزدىمۇ كۆزۈمگە جىن كۆرۈنۈۋاتىدۇ يا مېنىڭ. خۇدا ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن ! جىن چاپلىشىۋېلىپ بولغىچە ئىتتىكرەك كېتىۋالاي بۇ نەس كوچىدىن، — داۋۇتاخۇن ئىچىدە شۇنداق شىۋىرلاپ، يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن مونچاق-مونچاق تەرلىرىنى سۈرتۈپ، رەھمەتلىك بوۋىسى ئۆگىتىپ قويغان جىن-شاياتۇنلارغا ئۇچراپ قالغاندا ئوقۇيدىغان «ئايەتەل كۇرسى» ئايىتىنى ئىچىدە ئوقۇپ، ئېشىكىگە زەردە بىلەن تاياق سالدى. ئېشەك داۋۇتاخۇن بىلەن قېرىشقاندەك شۇنچە ئۇرسىمۇ ماڭمىغىلى ئۇنىماي، تۆكى قالمىغان قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پاكىز كوچىغا تېزەكلەپ قويۇپ، ئاندىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

— هەي توختا، توختا دەيمەن! — داۋۇتاخۇن قوپال ئاۋازنى ئاڭلىدى-يۇ، پەرۋا قىلماي مېڭىۋەردى.

— پوق ساقال ئوغرىنىڭ ئاتىكاچىلىقىنى كۆرۈڭا تېخى! ماۋۇ چىچقاق ماداڭنىڭ تېزىكىگە جەرىمانە تۆلىۋېتىپ ماڭمامسەن مۇنداق!؟ — قاسقان شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان ئىككى بالا هارۋىنىڭ ئالدىنى توسۇپ داۋۇتاخۇنغا تىل سالدى. داۋۇتاخۇن فورما كىيىۋالغان بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن قولاشمىغان چاقچاقلىق بىلەن هارۋىدىن چۈشتى.

— ئۇكىلىرىم، مەندە بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى؟ — ئۇ بۇ ئىككىيلەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قولى هاۋادا لەيلەپ قالدى.

— ئىشىڭلار بارمىدى دەيدىيا تېخى، 50 كوي جەرىمانە تۆلەپ ئاندىن ماڭ!

— مەن چۈشىنەلمەيلا قالدىمغۇ، مېنى خاتا تونۇپ قالدىڭلارمۇ نېمە ئۇكىلىرىم؟ مەن نېمىگە جەرىمانە تۆلەيمەن؟ — داۋۇتاخۇن ئېسەنگىرەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكتى.

— كىم ساڭا ما كوچىدىن ئېشەك هارۋىسى هەيدەپ ماڭسۇن دېدى؟ ماۋۇ مەرەز قوتانىڭ تېزىكىگە، ما يولدىن ماڭغىنىڭغا جەرىمانە تۆلەيسەن! — داۋۇتاخۇن بۇلارنىڭ قىغدىن سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. داۋۇتاخۇن كېۋەزگە چۈشكەن قۇرت-پىتلارنى يوقىتىپ بولالمىغىنى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەپ باققان؛ كۆزگى بۇغداينى قەرەلىدە تېرىيالمىغاندا، ئېتىز بېشىغا قىغ ئاچىقىپ بولالمىغاندا، ئوبدان ئەي بولماي قۇرۇپ قالغان شاپتۇل كۆچىتىگە جەرىمانە تۆلەپ باققان، لېكىن ئېشەك تېزىكى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيدىغانىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— خاپا بولماڭلار ئۇكىلىرىم، ئەمدى هايۋان بولغاندىكىن ئۇنىڭ تېزەكلەيدىغان كۆتىنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدىكەن، مەن ئۇنى پاكىز ئادالىۋاتاي.

— تېزەكنىمۇ تازىلايسەن، جەرىمانىنىمۇ تۆلەيسەن! — ئېشەكنىڭ نوختىسىغا ئېسىلىپ تۇرغان يەنە بىرىمۇ هەمراھىنىڭ يېنىغا كېلىپ داۋۇتاخۇنغا هۆرپەيدى.

— ئۇكىلىرىم يېنىم سەل بوش ئىدى، ماڭا بىر كەڭچىلىك قىلىۋېتىڭلار ئەمدى. خۇدايىممۇ خۇش بولۇپ قالا سىلەردىن، — داۋۇتاخۇن مىسكىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۇلارغا يېلىندى.

— قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويماي ساڭا يانا، تولا گەدەنكەشلىك قىلماي جەرىمانىنى تۆلە! — داۋۇتاخۇن ئەسلىدىمۇ بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپلا قانۇن ساقچىلىرىمىكىن دەپ قالغانىدى، بۇلارنىڭ ئاغزىدىن «قانۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن ئارقىسىغا تىرىكىدە ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— غوجام باللىرىم، يېنىمدا ئاران مۇشۇ بەش موچەنلا بار ئىكەن، مۇشۇنى بىر ئالغاچ تۇرۇڭلا، — ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ، كونىراپ كەتكەن بەش موچەن پۇلنى ئېلىپ، ئۇلارغا تىترەپ تۇرۇپ ئۇزاتتى.

— بۇ بەش موچەن پۇلغا جاڭگىلىڭدىكى ئەر ئالمىغان قىزىڭغا ئوسما ئەپ بېرەسەن دوڭغاق

ئوغرى! نېمە ئادەمنى ئەخمەق قىلىدۇ بەش موچەن تەڭلەپ! — ئۇلاردىن پاكارراق كەلگىنى داۋۇتاخۇننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— ئۇكىلىرىم خاپا بولماڭلا، بولمىسا ماۋۇ ئۆرۈكنى... — داۋۇتاخۇن ئۇلارغا بىچارىلىك بىلەن يالۋۇردى.

— ما گېپىڭ جايىدا، ئۈچ سېۋەت ئۆرۈكۈڭ سېۋەتنى قوشۇپ 45 كوي، بوپتۇ قېرىغان ئادەمكەنسەن، بەش كوينى كەچۈرۈم قىلىۋېتەيلى، — پاكىنەك داۋۇتاخۇنغا تۇيدۇرماي ھەمراھىغا ھەييارلىق بىلەن كۆز قىستى.

ئۇھ! خۇداغا شۈكرى. يېزىمىزنىڭ كاتتىبېشى 100 مىڭ كوي خەجلەپمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەن بالىسىنى سولاقخانىدىن ئەپچىقالماپتىكەن، ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلىدى، ما ئىككى ئاچپاقنى ئۈچ سېۋەت ئۆرۈك بىلەن ئاسانلا ئاني قىلىۋالدىم. يانچۇقۇمدىكى بار-يوقى بەش موچەننى تەڭلىگىچە، ئۆرۈكلەرنى بۇرۇنراق بەرسەم بوپتىكەن بۇ قاغدالمىلارغا! شەلىك دېگەنمۇ ھەجەپبي ئامراقكەنيا شۆپۈك-شالتاقا. چاققانراق كېتىۋالاي بۇ كوچىدىن، گېپىدىن يېنىۋالمىسۇن يەنە. داۋۇتاخۇن ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ، ئۆرۈكلەرنى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتقا بېسىپ ئەكىتىۋاتقان بۇ «قانۇن ئىجراچىلىرى»غا كەينىدىن كۆلۈپ قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى چوڭ بالاغا گىرىپتار قىلغىلى تاسلا قالغان قوتۇر ئېشىككە غەزەپ بىلەن تاياق سالدى.

قىزىم ئوقۇش پۇتكۈزۈۋالسىلا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوقتى. ھەنېمە بولسا بۈگۈنكى پېشكەلچىلىكتىن ئاسانلا قۇتۇلۇۋالدىم. ما ئىككىسىنىڭ ئۈچ سېۋەت ئۆرۈككە مېنى قويۇۋەتكىنىگە قارىغاندا ئۆرۈك باھاسىمۇ خېلى ئۆرە ئوخشايدۇ بازاردا؟ كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەندەك، ئۈچ سېۋەت ئۆرۈكتىن ئايرىلىپ قالغىنىم بىلەن، باغدا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى يەنە بار ئەمەسمۇ تېخى... ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ياندىن ئاڭلانغان زەئىپ بىر ئاۋاز چالغىتىۋەتتى:

— ئاكا، مېنى ھارۋىلىرىغا چىقىرىۋالسىلا بوپتىكەن، بۇ تار-كوچىغا يا ماشىنا كەلمەيدىكەن. مىجەزىم يوق ئىدى... — كەينىنىشىدىن باي-غەنىيلىكى چىقىپ تۇرغان، چىرايى سارغايغان، كۆك رەڭلىك سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر يىگىت داۋۇتاخۇنغا ئىلتىجا قىلدى.

— چىقىۋېلىڭ ئۇكام. ئەممازە، كىيىملىرىڭىز توپا بولۇپ قالىدىغان بولدى، — داۋۇتاخۇن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ رازىلىق بەردى. بۇ يىگىت ھارۋىغا سېلىنغان ئۆڭۈپ كەتكەن پالاس ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىدىن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاكا، ھارۋىنى توختىتىپ تۇرسىلا، مەن تەرەت قىلىۋالاي، — ناتونۇش يىگىت چوڭ يولغا چىقىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە سومكىسىنى ھارۋىدا قويۇپ، قورسىقىنى تۇتقىنىچە يول ياقىسىدىكى ئەسكى تاملىقنىڭ ئارقىسىغا يۈگۈردى. ئاللاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، يىگىتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ تار كوچىدىن سېسىق-قاڭسىق پۇراق تارقىلىپ داۋۇتاخۇننىڭ دىماقلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، باشقا كىشىلەر بۇ پۇراققا كۆنۈپ قالغاندەك پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەتىگەن پاتەمخان بەرگەن زاغرىنى بەلبېغىدىن يېشىپ، ھېلىقى يىگىتنى ساقلىغاچ قوۋۇزىغا تولدۇرۇپ قىينىلىپ چايناشقا باشلىدى.

ھە... ي! ھېلىمۇ خۇداغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، ساڭدىكى تاغار-تاغار بۇغدايلىرىمنى ئاشۇ بىچارە يالغۇز بالامنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يوقىلاڭ پۇلغا سېتىۋەتمىگەن بولسام، ھازىر قاتتىق زاغرىنى يەپ ئولتۇرمايتتىم. شۈكۈر قىلاي، مەندىن كۈپۈرلۈق ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، داۋۇتاخۇن كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ تۇرغان پەيتتە، ھېلىقى يىگىت كەتكەن ئەسكى تاملىق تەرەپتىن ۋەھىملىك قىيا-چىيا ئاڭلاندى. ئۇ چايناپ بولغان ناننى تەستىرەك يۇتۇۋېتىپ ھارۋىدىن چۈشۈشكە، بۇ كوچىنى بىردەمنىڭ ئىچـ

ـده قوراللانغان ساقچىلار قورشىۋالدى. ئۇ قورقۇنچتىن لاغ-لاغ تىترەپ تۇرسىمۇ، ئېشىكنى باغلاپمۇ قويماي ھارۋىدىكى سومكىنى ئېلىپ، ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە يۈگۈرۈشۈۋاتقانلارنىڭ توپىغا قېتىلدى. داۋۇتاخۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ساقلاۋاتقان ناتونۇش يىگىتنىڭ جەستىنى ئىككى ساقچى بىر يېزىنت زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

— ئۆلگەن ئوخشايدۇ، قاراڭلار ئېقىۋاتقان قاننىڭ كۆپلۈكىنى!

— ياش بالىكەن تېخى، كىممۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇ بۇ بالىنى؟

— ھە... ي، كىشىلەر ھازىر پۇلنى دەپ نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيسىز؟

— بۇ بالىنى ئاق ساتىدىكەن دەيدىغۇ؟!

— يۇرۇڭلار، كېتەيلى بۇ سېسىقچىلىقتىن... — توپلاشقانلار ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىپ تارقىلىشقا تۇتۇندى.

ۋاي ئىسىت، ما كېلىشمەسلىكنى! بۇ يىگىتنى كىممۇ ئۆلتۈرگەندۇ؟ خۇدايا تووۋا، شە دېگەن ھەجەپبىيكەنيا؟! بىر سائەتنىڭ ئالدىدا ساق تۇرغان تېخى. خۇدا غېرىب كەپەمدىن ئايرىمىسۇن مېنى. ئەمدى شەگە كىرىش تۇگۇل، ئالدىمنى قىلماسمىنا! تاس قالدىم ئەتىگەن ئىت يوق يېمەستە تۇرمىگە كىرىپ قالغىلى. ئەمدى ھارۋامغا چىقىرىۋالغان يىگىتنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھە... ي تووۋا... داۋۇتاخۇن ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ، ھارۋىنىڭ قېشىغا باراي دەپ تۇرۇشىغا، چوڭ يول تەرەپتىن ئۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر نەرسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئېشەك ھارۋىسىنى توختىتىپ قويغان يەرگە كەلدى. لېكىن ئېشەك ھارۋىسى يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ تۆت تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، بىر مۇنچە ئادەم توپلىشىۋالغان چوڭ يولغا يۈگۈرۈپ كەلدى. كەلدىيۇ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ قوتۇر ئېشىكى ئۆز ئىگىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغاندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاسفالت يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قان ئىچىدە ياتاتتى، ھارۋىسىمۇ پارە-پارە بولۇپ كەتكەنىدى.

— كىمنىڭ ئېشىكىدۇ بۇ؟ ماشىنىدىكى مال ئۇزاق تۇرۇپ قالسا بولمايتتى، — ئېشەك ھارۋىنى سوقۇۋەتكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى بولسا كېرەك، تىت-تىت بولغىنىدىن سائىتىگە قاراۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئېشىكىم ئىدى ئۇكام. بۇ مەينەت قوتا ئادەم ھەيدىگەندە ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ، بىر يەردە توختىتىپ قويسا تېخى جىم تۇرمايدۇ. مانا ئەمدى جاجىسىنى يەپتۇ، — داۋۇتاخۇن توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئېشىكىنى شوپۇرغا داتلىغىلى تۇردى.

— ئاكا، مەنمۇ ئاستا ھەيدىگەن بولمىسا. ئېشەكلىرى بۇ تار كوچىدىن ماشىنامنىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالدى. ماۋۇ 1000 كوينى يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، قاتناش ساقچىلىرىغىمۇ خەۋەر قىلىپ يۈرمەيلى، — شوپۇر يول ياقىسىغا توختىتىلغان ماشىنىسىغا قاراپ قويۇپ، داۋۇتاخۇنغا بىر تۇتام پۇلنى تەڭلىدى.

— بۇ يىگىت جايىدا گەپ قىلدى. ئالسىلا ھە!

— شۇنداق قىلسىلا! ھېلىمۇ ياخشى سوقۇۋېتىپلا قېچىپ كەتمەپتۇ بۇ بالىمۇ.

— بۇ ئادەممۇ ئېشىكىنى باغلاپ قويسا بولىدۇ، سەھرالىق دېگەنغۇ ئاشۇنداق ھاڭۋاقتى، گالۋاڭ خەق!

— ئۆزىغۇ ياۋاش ئادەمكەن بولمىسا... — تاماشىچىلار بۇ ۋەقەگە قارىتا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشماقتا ئىدى.

— ئۇكام، سەھرالىقنى ئۇنداق ئۇششۇق كۆرۈپ قالمىسىلا جۇما! مەن ئېشىكىمنىڭ ئۆلۈكىنى سىلىگە پۇلغا ساتسام قانداق بولىدۇ؟! بۈگۈن بۇ ئەبگا قوتانىڭ ئەجىلى توشۇپتىكەنمۇ نېمە؟ بولدى، كېتىۋەرسىلە! — داۋۇتاخۇن ئەتراپتىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنى بېسىپ كەتكۇدەك ئاۋازدا شۇنداق دەپ، شوپۇرنىڭ پۇل تەڭلىگەن قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ئاكا، بۇ... سىلى بۇ پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتامىلا؟ — شوپۇر يەنە يانچۇقىنى كولاشقا تۇتۇندى.

— ياق ئۇكام، مەن پۇللىرىنى ئاز كۆرۈۋاتقىنىم يوق، ئىشكىمنىڭ ئەجىلى شۇنداق ئوخشايدۇ. مەنمۇ گالۋاڭلىق قىلىپ ئىشەكنى باغلاپ قويماپتىمەن ئەمەسما؟ ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، ھارۋىدا مەن بولۇپ قالغان بولسام ... شۇنىڭغىمۇ مىڭ شۈكرى. سىلىمۇ ھەنىم بولسا بىر نېمە بولماپلا. جان دېگەن تەنگە ئامانەت، سىلى ياكى مەن ئۆلۈپ قالغان بولساقمۇ ھېچ نېمە دېگىلى بولمايتتى، ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى يوللىرىدىن قالمىسىلا ئۇكام، ماشىنىلىرى ساقتۇ؟

— ماشىنامغۇ ساق. لېكىن... — شوپۇر بۇ كۆرۈمسىز گەۋدىنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك، ئەپۇچان ئىكەنلىكىنى خىجىللىق بىلەن ھېس قىلماقتا ئىدى.

— ھەر ئىككىلىسى ساراڭكەن بۇ نېمىلەرنىڭ! دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئەخمەق ئادەملەر باركەن. شوپۇر ئېشەك ھارۋىسىنى سوقۇۋېتىپلا قېچىپ كەتسە، بۇ قېرى دوڭغاسلاپ يۈگۈرۈپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن قوغلىيالامتى؟ بۇ سەھرالىق، شوپۇر بەرگەن 1000 كوينى ئالمىدى، مەن بولسام «10 مىڭ كوي بەر» دەپ مەھكەم تۇرۇۋاللاتتىم، — كىمدۇر بىرى شۇنداق دەپ غودۇڭشىدى. بۇ ئىككى «ساراڭ» مەغرۇر قەدەملەر بىلەن «ساق كىشىلەر» توپىدىن ئايرىلىپ ئىككى تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى.

داۋۇتاخۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. خۇدايىم مېنى ھەجەپىي تەلەيلىك يارىتىپتىكەن، ھەنىم بولسا ھارۋىدا يوق بولۇپ قاپتىمەن. ناۋادا بۈگۈن بەندىچىلىك قىلغان بولسام بىچارە پاتەمخان قانداق قىلا بولغىيتتى؟ ئوقۇشى پۈتەي دەپ قالغان ئالتۇن بالام يېتىم قالاتتى ھەقىچان. ئۇھ، بىردەم ئولتۇرۇۋالاي. قورساقمۇ كورۇكراپ كەتتى، — ئۇ ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلىگەچ ھېلىقى يىگىت ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەن كۆك سومكىنى يېنىغا قويۇپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن يول ياقىسىدىكى ئېگىز بىنانىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، 18 ياشلار چامىسىدىكى قاراقاش بىر بالا بىر نان بىلەن بىر موچەن پۇلنى داۋۇتاخۇنغا تەڭلىدى.

— رەھمەت-بالام، مېنىڭ يېگىلى نېنىم، خەجلىگىلى پۇلۇم بار. بۇ نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېرىڭ، — داۋۇتاخۇن ساخاۋەتچىگە يېقىملىق كۈلۈپ شۇنداق دېدى. ساخاۋەتچى ۋىللىدە قىزىرىپ تېز-تېز قەدەم بىلەن بۇ يەردىن ئۇزاپ كەتتى.

بۇ يەردىن چاقىقانراق كېتەي، بىردەم ئولتۇرسام خەقلەر مېنى سەدىقىگە كۆمۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئايىغىنىڭ يىرتىقلىرىدىن كىرىۋالغان توپىلارنى ئايىغىنى سېلىپ قېقىۋېتىپ، تەستىرەك ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىنى قولىغا ئالدى. ئۇ سومكىنىڭ سىيرىتمىسىنىڭ يېرىم غېرىچچە يېرىلىپ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئېغىر سومكىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگۈسى كەلدى-دە، سىيرىتمىنى كەينىگە ياندۇردى. ئاسمان گۈمبىزىدىن تىك چۈشۈۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى لىپمۇلىق بىر سومكا باغلام. باغلام 100 يۈەنلىك پۇل ئۈستىدە ياللىدى. بوۋاي بۇنى كۆرۈپ قورقۇنچتىن كەينىگە ئۈچۈپ كەتكىلى قىل قالدى.

— ئاللا ئىگەم، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن! تېزىنىڭ كەينىدىن مېزى چىقىپتۇ دېگەندەك، بۇ كىلىشمەسلىكلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ماڭا كېلىۋەرگىنىنى ئەمدى. بۇ ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن يىگىتنىڭ پۇلىكەن-دە، ۋاي ئىسست! ئۇ بۇنچە كۆپ پۇلنى تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقان بولغىيتتى؟ بىچارە تاپقان پۇلىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيلا كۆز يۇمۇپتۇ-دە. توغرا، ئۇمۇ يالغۇز ئەمەستۇ، ئاتا-ئانىسى ياكى بىرەر ئۇرۇق-تۇغقىنى باردۇ؟ مەن بۇ پۇللارنى شۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەي. ئۇ بۇ پۇلنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپقىنىدىن ئۆزىچە خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

* * *

— ۋارىساخۇن، تۈگەپ كەتكەن بالا سىلىنىڭمىتى؟ سەۋر قىلىڭلا ئۇكام، ئۆلۈم دېگەن ھەممە بەندىنىڭ بېشىدا بار، ئۆلگەن بىلەن تەڭ ئۆلگىلى بولمايدۇ. خۇدايىم

رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن. بۇ پۇلنىڭ سىلىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام سىلىنى بىسەرەمجان قىلماي، ئۆيۈڭلارغىلا ئاپىرىپ بېرەكەنمەن ئىگەكىم. بۇ ھېلىقى 11 يېشىدا كۆلىغا كىرىپ كەتكەن بالاڭلا شۇ ئوخشايدۇ ھە؟ خۇنى كەتكەن بۇ كۆزۈم بىلەن بالاڭلىنىمۇ تونۇماپتىمەن ئەينا. چوپچوڭلا يىگىت بوپ كېتىپتىكەن ئىسىت! مېڭىڭلا ئۇكام، بالاڭلىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۈزىتىلى. ئەتىلىككە بالاڭلىنىڭ تۇپراق بېشىدا قۇرئان ئوقۇپ بېرەي... — داۋۇتاخۇن ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋارىس بايغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋارىس باي دورداي كالپۇكلىرىنى ئۆمچەيتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

— رەھمەت سىلىگە ئاكا! ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى پۇل، مال- دۇنيا بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە سىلىدەك خىزىر سۈپەت، ئېسىل ئادەمنىڭ تېپىلمىقى ھەقىقەتەن قىيىن، مەن ساقچىخانىمىز ۋە بۇ پۇلنىڭ ئىگىسى بولغان ۋارىس مەمەت نامىدىن سىلىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن... — ساقچى باشلىقى داۋۇتاخۇننىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغاندى. ئۇ داۋۇتاخۇننىڭ ئەتىسىز، ئەمما خىسلەتلىك قولىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيۋاتقاندەك مەھكەم سىقىمدىۋالغاندى.

— مەن سىلىگە رەھمەت دېسەم بولىدۇ بالام. ھەنىم بولسا پۇلنىڭ ئىگىسىنى ۋاقتىدا تېپىپ بەردىڭلار، بولمىسا ئۇيقۇم-ئۇيقۇ، يېگىنىم-يېگەن بولمايتتى مېنىڭ ... — داۋۇتاخۇننىڭ گېپى تۈگىمەستىلا ئۇنىڭ بۇ كۆرۈمسىز ئەپتىنى مۇخبىرلار چاراسلىتىپ سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى. داۋۇتاخۇننىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن پۇلىنىڭ سانى غايەت زور كۆپ بولغاچقا، بۇ ئىش بۇ شەھەر ۋە ۋىلايەتنىڭ ئىچى-سىرتىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەندى.

— داۋۇتاخۇن ئاكا، بۈگۈن شەھەرگە نېمىشقا كىرگەنتىلە؟

— بالام ئۈچۈن.

— سىلى بۇ پۇللارنى ساناپ باققانمۇ؟ تاپشۇرۇپ بەرگەن پۇللىرىنىڭ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكىنى بىلەمتىلە؟ سىلى بۇ پۇلنى نېمىشقا تاپشۇرۇپ بەردىلە؟

— بالام ئۈچۈن.

— ئاڭلىساق سىلىنىڭ ئېشەك ھارۋىلىرىنى چۈشتىن بۇرۇن ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ، ئەمما شوپۇرنىڭ بەرگەن تۆلەم پۇلىنى ئالغىلى ئۇنىماپىلا، سىلى نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا؟

— بالام ئۈچۈن.

— ئېنىق ۋە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، — مۇخبىر قىز تىت- تىت بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئون يىللىق مۇخبىرلىق تارىخىدا بۇنداق جاۋابنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاندى. زىيارەت نەق مەيداننى سۈرەتكە ئېلىۋاتقان ئوپېراتورمۇ جىلە بولغىنىدىن ھېلى بۇ ئىقتىدارسىز مۇخبىرغا ئالايسا، ھېلى شەرەپنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان مۇنۇ قېرىنى يەپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ساقچىخانىغا بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئادەملەر توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى بىردىنبىر ئىستىكى بۇ شەھەردىكى «گالۋاڭ سەھرالىق»نى كۆرۈش ئىدى. لېكىن، داۋۇتاخۇن ئىز- دېرەكسىز غايىب بولغاندى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن شەھەر باشلىقىمۇ بۇ غەلىتە ئىشتىن ئەجەبلەنمەي قالمىدى. «داۋۇت گالدەڭ» ئەسلىدە، ھېلىقى ساقىلى يوقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن، كوچىدا يالىڭاچ يۈرگەن جىن- شاياتۇنلارنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن ئۇپۇق قوينىغا ئالدىراپ سىڭىپ كەتكەندى...

(ئاپتور يەكەن ناھىيە قوشئېرىق يېزا نېپىچى كەنتى 1- مەھەللە 067- نومۇرلۇق قورۇدا)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**

ئابلىكىم ئەبەيدۇللا



# 46 ھەسسىلىك تاماشا

(ھېكايە)

«شەھەر قەھرىمانى» دېگەن يوغان، نەپىس ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار شەھەرچىسى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاۋات شەھەر مەركىزىدە پەيدا بولدى. پائالىيەت ئۈچۈن رەڭگارەڭ شارلار ئېسىلىپ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىدىغان يالتىراق قەغەزلەردە بېزىلىپ، ھەشەمەتلىك ياسالغان مەخسۇس سۇپا، قۇلاقنى يارغۇدەك غەربچە مۇزىكا كىشىلەرنى بۇ يەرگە بىردەمدىلا خۇددى چۇمۇلە توپىدەك يىغىۋەتتى. چاچلىرىنى ھەر خىل رەڭدە بويىۋالغان، ئاۋاقلىقىدىن كىيگەن كىيىملىرى خوپلا چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان رىياسەتچى يىگىت تەرجىمانىنىڭ ياردىمىدە جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— يۇرتداشلار، قېرىنداشلار، كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر! ھەرقايسىڭلارنىڭ قوللىشى بىلەن مۇشۇنداق ئالتۇن پەسىلدە بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار شەھەرچىسىنى بۈگۈن رەسمىي ئاچتۇق، ئاكا-ئىنىلەرنىڭ، ھەدە-سىڭىللارنىڭ بەھۇزۇر ئويناپ چىقىپ كېتىشىڭلارنى، ئويۇنمىساڭلارمۇ بىر كۆرۈپ قويۇشۇڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، تۇنجى كۈنى بولغاچقا تەڭگە ھەقسىز تارقىتىلىدۇ! — رىياسەتچى يىگىت شۇلارنى دەپ بولۇپ، ئۇزۇن پەرەنجە كۆڭلىكىنىڭ يان تەرىپىدىن ئاپپاق يوتىسى غىلپال كۆرۈنۈپ قالىدىغان مۇلازىمەتچى قىز يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېلىپ چىققان بىر پەتنۇس كۈمۈش رەڭ مېتال تەڭگىنى سىقىملاپ ئېلىپ، تۆۋەندە تەمە بىلەن قاراپ تۇرغان ئادەملەر توپىغا چېچىشقا باشلىدى. يالتىراق مېتال تەڭگە ھەر قېتىم چېچىلغاندا كىشىلەر خۇددى ئاسماندىن ئالتۇن ياغقاندەك ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. ئۇششاق باللاردىن تارتىپ چوڭ ئادەملەرگىچە، ھەتتا خېلى چوڭ ياشتىكى ئاياللارمۇ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ئاشۇ ھەقسىز تەڭگىنى كۆپرەك تېرىۋالماقچى بولاتتى. بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇرغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق شەھەرچىسىنىڭ خوجايىنى رازىمەنلىك بىلەن بېشى

نى لىگشتتى. ئۇ كۆڭلىدە، بۇگۈن مۇشۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق بولغان يەردە، بۇنىڭدىن كېيىن ھەسسىلەپ پايدا ئېلىشىمدا، تارتقان زەيىنىمنى ئۆزاقىقا قالمايلا تېرىلدۇرۇشۇمدە گەپ يوق، كاتتا بايغا ئايلىنىدىغان بولدۇم، بۇنداق بولارىنى، ئادەملەرنىڭ مۇنچە كۆپ يىغىلىشىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار شەھەرچىسىنى ئېچىپ خاتا قىلمىغان ئوخشايمەن، ماڭا ھازىردىن باشلاپلا تەڭرىم مەدەت بېرىۋاتىدۇ، نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، ئويۇنخۇمار، قىزغىن خەق بۇ! دەپ ئويلىدى. سېمىزلىكىدىن بەئەينى پۇۋلەپ ئېتىلىپ كېتەي دېگەن شارغا ئوخشاپ قالغان بۇ خوجايىن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كۆجە ياقتى. چاقچۇقتىن ياسالغان بۇدساتۋانىڭ ھەيكىلى خۇددى ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى دەرھال روياپقا چىقارماقچى بولغاندەك ئاغزىنى يېرىم ئاچقان ھالدا كۇلۇمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. خوجايىننىڭ تىلىكى خۇددى تېزلا ئىجابەت بولىدىغاندەك، شۇ كۇنىلا خىلمۇخىل ئادەملەر بۇ كەڭرى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار شەھەرچىسىگە كىرىپ، بەس ـ بەس بىلەن ئويناپ، ئۇتقانلىرىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۇتالمىغانلىرىنىڭ قاپاقلىرى باراڭغا ئېسىلغان قاپاقتەك ساڭگىلاپ، كېيىنكى نۆۋەتتە قىساسىنى ئېلىشقا نىيەت قىلىپ قايتىشتى. شۇ كۈنى ئويۇنچۇق ماشىنىلىرى كۆپرەك ئۇتتۇرۇپ بېرىدىغانغا تەڭشەلگەچكە، بۇ يەرنىڭ سودىسىدا پايدا كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئادەملەر تويۇقسىزلا ئېرىشىپ قالغان ئامەتلىرىدىن مەست بولۇپ، ئەتە يەنە كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى.

— خوتۇن مانا قارا، ئەتىگەن: «ئۇنداق قالايمىقان يەرلەرگە بارماڭ» دەۋاتاتتىڭ ، نەدە ئۇنداق بولىدۇ، قالايمىقان يەر ئەمەس، پۇل تاپىدىغان يەركەن ئۇ، — مامۇت خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بىر باغلام پۇلنى قويۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي سۆزلەشكە باشلىدى، — مانا قارا، 300 يۇەن پۇل بىلەن كىرىپ ئويناپتىكەنمەن، تەلىيىم كېلىپ بۇ پۇل 3000 يۇەن بولۇپ قالدى، ھېلىقى پىل دەمدۇ، تىمساھ دەمدۇ، قانداقلا تىكسەم كېلىۋېرىدۇ، خۇددى تىللا ساڭگىيدىغان ئېشەكتەك، بولۇپمۇ ھېلىقى تىمساھ دېگىنى، نەچچىلىكتى ؟... ھە توغرا، 46 ھەسسىلىك تىمساھ، ھە ئەڭ چوڭى شۇكەن، شۇنىڭغىلا كېلىدۇ، 46 ھەسسىلەپ بېرىۋېرىدۇ، خوجايىنمۇ ئاشۇ تىمساھ كەلسە كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. تەلەيمۇ ئاجايىپ نېمىكەن...

مامۇت ھاياجاندىن كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېقىۋاتقان چاپاق ئارىلاش يېشىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يەنە بىر مۇنچە سۆزلىدى. يەنە قانداقتۇر يولۋاس، مۇشۇكئېيىقنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇلارغا كېلىپ قالسا ئۇتتۇرىدىغانلىقىنى، بەك كىچىك ھەسسىلەيدىغان بولغاچقا دو تىككەن پۇلمۇ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئەزۋەيلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— مەن سىزنىڭ ئىت، مۇشۇك دېگەنلىرىڭىزنى چۈشەنمەيمەن، بىراق ئۇ يەرگە بېرىشىڭىزغا قارشى.

— ئەستا، ما خوتۇننىڭ دۆتلۈكىنى، ئىت، مۇشۇك ئەمەس، تىمساھ دە، تىمساھ، گەپنىمۇ ئوڭشاپ دېيەلمىگەن، نەدە ئىت دەپ باركەن؟

— ھە بوپتۇ، نېمە بولۇشى بىلەن كارىم يوق، ئىشقىلىپ مەن ئۇ جاينى ياخشى كۆرمىدىم.

— سەن بېرىپ باقمىغاندىكىن بىلمەيسەن، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن ئۇتۇپ كەلگەن پۇلنى خەجلەشنىلا بىل بولدى، جاپا تارتىپ كىرا ماشىنىسى ھەيدىگىچە ئاشۇ يەردىلا پۇل تاپاي، قاراپ تۇر، ئۇزاق قالماي بانكىغا ئۆي ئالىمىز دەپ قويۇپ قويغان 50 مىڭ يۇەن 100 مىڭ بولمىسا ھېساب ئەمەس!

— بىزگە ھارام ياراشمايدۇ مامۇت، مېنىڭچە ئەمدى ئۇ يەرگە بارماڭ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە قىماردىن ھېچقانداق پەرقى يوقكەن ئەمەسمۇ، — مامۇتنىڭ ئايالى گۇلھەجەر جىلە بولغان ھالدا ئۇنىڭغا يەنە نەسھەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدىغا قويۇلغان

پۇلغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، مامۇتنىڭ
مەيدىسىگە مۇشتلاپ دېگەن سۆزلىرىگىمۇ قـ
ـزىقمىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى جاپا تارتىسمۇ
هالال پۇل تېپىش ئىدى. ئەمدىلا ئىككى ياشقا
كىرگەن قىزى بولسا بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئا-
نىسىنىڭ چېچىنى تارتىپ ئويناماقتا ئىدى.

— هەي گۇلهەجەر، سەن نېمىنى بىلىسەن،
خوتۇن كىشى دېگەننىڭزە، چېچى ئۇزۇن، ئەقلى
قىسقا دەپ بىكار ئېيتىلمىغان ـ دە! هارام بولۇپ يا
بىز بىرسىنى بۇلىۋالمىساق، يا بىر يېتىم ـ يېسىر-
نىڭ هەققىنى يەۋالمىساق، قىمار كەن دەيسەن،
ئويلاپ باقە، تۆت ئوشۇقنى «دەتتىكام!» دەپ ئاتسا
ئاندىن قىمار بولىدىغاندۇ؟ بۇ دېگەن ئەقىل ئىشلـ
ـتىپ پۇل تاپىدىغان ئىش، ئەجىر قىلىپ تاپقان پۇل
بۇ!— ماموت يەنىلا خوتۇنىغا چۈشەندۇرۇشكە باشـ
ـلىدى،— ئويلاپ باقە، 3000 يۈەننى مۇشۇ يارىيار
هارۋىدەك بولۇپ كەتكەن ئەبجەق كىرا ماشىنىسى
بىلەن، سېنىڭ ساتقان ئاشۇ ئىككى توك ـ توك راڭـ
ـپىزاڭ بىلەن تاپىمىز دېسەك ئىككى ئاي ۋاقىت كېـ
ـتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن كېچە ـ كۈندۈز
ماڭىسام بولىدۇ، خاتىرجەم بول، ئۆينىڭ بىر تىيىن
پۇلىنى خەجلەپ كەتمەيمەن!

گۇلهەجەر ئېرىنىڭ تەرسا مىجەزىنى بىلـ
ـگەچكە باشقا گەپ قىلمىدى، يەنە بىرنەرسە
دېسە ئۇنىڭ بىلەن قىزىرىشىپ قېلىشى تۇرغانلا
گەپ ئىدى.

ماموت تۇرۇپلا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئېرىـ
ـشىپ قالغان بۇ ئامەتتىن مەست بولۇپ، ئولتۇرساـ
ـقوپسا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارنى ئويلايدىـ
ـغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ هېلىقى 46 هەسسـ
ـلىك تىمساھ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. توۋا،
مەن نېمە بولغاندىمەن؟— ئويلىدى ئۇ،— تىمساھ
دېگەن شۇنداق بەتبەشىرە بىر مەخلۇق تۇرسا، ماڭا
نېمانچە يېقىملىق كۆرۈنىدىغاندۇ، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ پۇتۇن چىراغلىرى يورۇپ، 46 هەسسىلـ
ـگەندە ئېلىپ كېلىدىغان خۇشاللىقنى دەيمىنا،
قايسى كۈنى هەممىدىن كۆپ ئۇتتۇۋاپتىكەنمەن،
بىراق تۇنۇگۈن تەلىيىم تەتۇر كېلىپ، يانچۇقۇمدىـ
ـكى 5000 يۈەننى ئاشۇ 46 هەسسىلىك تىمساھقا
تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم، كاساپەت مۇشۇ كېيىق
بىلەن يولۋاسقىلا كېلىپ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ،
بۈگۈن چوقۇم ياندۇرىدۇ، تىمساھنىڭ قورسىقى
تويدى، تۇنۇگۈن يەپ كەتكەنلىرىنى قۇسىدۇ،
تارتقان زىيىنىم هەسسىلەپ قايتىپ كېلىدۇ، بۇدا
چوقۇم 46 هەسسىلىك تىمساھ كېلىدۇ، ماموت
شۇ خىيال بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— يەنە شۇ يەرگە بارامسىز؟— گۇلهەجەر ئالـ
ـدىراپ ماڭغان ماموتقا دېدى،— بالىنىڭ سۈت پاـ
ـراشوكى تۈگەپتۇ، تاللا بازىرىدىن ئالغاچ كېلىڭ،
ئاندىن ئاچچىقسۇ ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇپ
قالماڭ، هايال بولۇپ قالماي تېزرەك كېلەرسىز!—
ئۇ ماموتقا «بارمىسىڭىز بولاتتى» دېمەكچى بولـ
ـدىيۇ، بۇ گەپنىڭ ئارتۇقچە بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ هېچنېمە دېمىدى.

ماموت ئۇندىمەي سىرتقا چىقتى، ياپىرىم،
ئۆي دېگەن بەئەينى تۈرمىنىڭ ئۆزى، هېلى ئۇ
ئىش، هېلى بۇ ئىش، خوتۇننىڭ كوتۇلداشلىرى
ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كېتىۋاتقان،
ئاشۇ تىمساھچىلىك هۇزۇر بېرەلمەيدۇ ئادەمگە!
ماموتنىڭ كۆز ئالدىغا 46 هەسسىلىك تىمساھ
كېلىشى بىلەن قەلبى لەرزىگە كەلدى، بۈگۈن ئۇ
چوقۇم ئۇتىدۇ، تۇنۇگۈن ئۇتتۇرغانلىرىنى هەسـ
ـسىلەپ قايتۇرۇۋالمىدۇ تېخى! ئۇ بىر خىل تەقەزـ
ـزالىق ئىچىدە ئاپتوماتىك پۇل ئالىدىغان ماشىنىـ
ـنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆيدىن بايا خۇپىيانە ئېلىـ
ـۋالغان كارتىنى ئالدىراشلىق ئىچىدە قويۇن يانـ
ـچۇقىدىن چىقاردى. ماموت ئاپتوماتىك پۇل
ئېلىش ماشىنىسىنىڭ قاشاڭلىقىدىن بىر مۇنچە
ئاغرىنىپ، 5000 يۈەننى ئېلىپ تەقەززالىق ئىچىـ
ـدە «شەهەر قەهرىمانى»غا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ
بىرتەرەپتىن يۈگۈرۈپ، بىر تەرەپتىن خۇددى
جۆيلۈگەن ئادەمدەك: «تىمساھ! تىمساھ...!» دەپ
توۋلايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا
گۇلهەجەرنىڭ بالىغا سۈت پاراشوكى ئەكېلىشـ
ـنى تاپىلاپ دېگەن سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كەتكەن ئىدى.

* * *

— تىمساھ، تىمساھ...!

— ماموت، ھەي ماموت! كۆزىڭنى ئېچىڭ! — گۈلھەجەرئېرىنى يېنىك ئىرغىتتى.

— ھە نېمە گەپ؟ ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي!

— تىمساھ، تىمساھ! دەپ توۋلاپ كەتتىڭىز، قارا باسقان ئوخشايدۇ دەپ ئويغىتىپ قويدۇم.

— مېنى قارا بېسىپ قالغىنى يوق، ئويقۇڭنى ئۇخلا! — ماموتنىڭ ئايالىغا ئاچچىقى كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشىدە تىمساھ، يەنە كېلىپ 46ھەسسىلىك تىمساھ كەلگەن ئىدى، ئەمما ئايالىنىڭ ئويغىتىشى بىلەن چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرەلمىدى. ماموت شۇ ئويغىنىپ كەتكىنىچە ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە شۇ تىمساھ كېلىۋالدى، تېزرەك تاڭ يورۇشىنى تەقەززالىق ئىچىدە كۈتتى. تىمساھنىڭ ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولغىنىدىن قارىغاندا بۇگۈن ئامەتى كېلىدىغاندەك ئىدى.

— تىمساھ توختا! ھەي تىمساھ توختا دەيمەن! — ماموت باشقىلارغا ئوخشاشلا كۈچەپ توۋلىدى. ئۇ تېخى تاڭ يورۇمايلا «شەھەر قەھرىمانى»غا كېلىپ بولغان ئىدى. ئەمما چىشلىرىنى ھىڭگايتقان تىمساھنىڭ مودېلى يۇمىلاق جوزىنىڭ ئوتتۇرىغا ئورنىتىلغان ئەينەك شېشە ئىچىدە توختىماي ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرسىتىش ئىستىرېلكىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختايدىغاندەك بىر ھالەتتە ئاستىلاپ، ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى بىر قېتىم زىلزىلىگە سېلىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا پىلىنىڭ مودېلىمۇ توختىماستىن، بەش ھەسسىلىك مۇشۇكئېيىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ھەممەيلەننىڭ چىرايلىرىدىكى خۇشاللىق بىردىنلا ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

— ئانناڭنى، تىمساھ ئەجەب كەلمەيدىيا؟

— شۇنى دەيمەن، بۈگۈن ئاپپاراتقا نېمە بولغاندۇ؟ مۇشۇ مۇشۇكئېيىقتىلا توختايدىغۇ!

— يەيدىغانغا تەگشەپ قويدىمۇ نېمە، ھەممىمىزنى ۋەيران قىلدىغۇ؟

— بەك ئۆچ بولدۇم مۇشۇ مۇشۇ مۇشۇكئېيىققا!

جوزىنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان بەشەيلەن روھى چۈشكەن ھالەتتە غۇدۇراشقا باشلىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى توختىماي ئايلىنىۋاتقان ئىستىرېلكىغا مىختەك قادالغان ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئاچچىق تاماكا ئىسى بىلەن تولغان بولۇپ، تىمساھ ھەرقېتىم ئۇدۇل كېلىپ ئىرغاڭشىپ ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇلار تاماكىسىنى كۈچەپ شورايتتى.

— مانا تىمساھ كەلدى!

— توختا ھەي تىمساھ!

— سۆيۈملۈك تىمساھ بىر كەلسەڭچۇ!

— كەلدى!!

ھەممەيلەن خۇشاللىق ئىچىدە توۋلاشتى. بۇ قېتىم 46 ھەسسىلىك تىمساھ ھەقىقەتەن كەلگەن ئىدى. چەمبىرەك شەكلىدە ئورنىتىلغان قىزىل، سېرىق، كۆك چىراغلار بىراقلا يورۇپ، 99لۇق تولۇق تىكىش ئۇسۇلى بويىچە دو تىككەنلەرنىڭ قەلبىنى ئاشۇ چىراغلاردەك يورۇتۇۋەتتى، ئۇلار بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مۇشۇنداق ئون قېتىم كەلسە تارتقان زىيىنىم قايتىپ كېلەتتى، — ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان دىقماق يىگىت شۇنداق دېدى، — ئىككى كۈن بولدى بەك سەت ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

— ئەمدى ئاپپارات ئېچىلغاندەك تۇرىدۇ، چوڭ بېرىپ قالار، 46 ھەسسىلىك تىمساھنى ئۇلاپ بېرىۋەتسىغۇ، — ماموت ئالدىراپ دو تىككەچ شۇنداق دېدى.

— ماموت، سەن بۇ يەردە ئويناۋاتقىلى يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى، قانچىلىك زىيىنىڭ بار؟ — توپپىدە سوراپ قالدى ھېلىقى يىگىت.

— گەپ قىلما ياقۇپ، دەسلەپتە ئون مىڭنى كەلتۈرگەن، ئاخىر ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ھازىر زىيىنىم 50 مىڭغا بېرىپ قالدى، ئۆزۈممۇ شۇ زىياننى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دەپلا ئويناپ كېتىپ با-

رىمەن، زىيىنىمنىڭ يېرىمىنى ئىزلىۋالسام بۇ يەرگە ھەرگىز يېقىن يولىمايتتىم.

— سېنىڭ تارتقان زىيىنىڭ ماڭا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەسكەن، مېنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇتتۇرغىنىم 200 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — مامۇتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلدى.

— ساڭا يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىمەن، باشقىلار نەسىھەت قىلسا ئاڭلىماپتىمەن، ئايالىم توسسا ئۇنى سىلكىپتىمەن، ئاسانلا پۇل تاپىدىغان يولكەن دەپتىمەن، نەدىكىنى ئاخىر كارتامدىكى پۇلنىڭ ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ بولدۇم.

— توۋا، بۇ يەردە پايدا ئالغان ئادەم يوق ئوخشىمامدۇ؟

— سەن ئاڭلىمىغان ئوخشىمامسەن، مۇشۇ يەردە دائىم ئويناىدىغان ۋاڭ فامىلىلىك ياش ئەر ئايال بارغۇ، ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان بىنا ئۆيىنىمۇ سېتىپ، پۇلىنى ئۇتتۇرۇپ بولۇپ، ئامال يوق سىرتتا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇششاق سودا بىلەن جان بېقىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— ھېلىقى كېچە - كۈندۈز مۇشۇ يەردە ئوينايدىغان سېمىز ئەر - خوتۇنلارنى دەمسەن؟ — مامۇت تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ھە ئاشۇ، ئۆتكەندە ئۇچرىشىپ قالدىم، ھازىر ئورۇقلاپ خۇددى كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قاپتۇ. بىر مۇنچە دەردىنى تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى، بەكلا ئازغانلىقىنى دەپ كېلىپ، ماڭا بۇ يەرگە قەتئىي يولىماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى، بىراق مەن ... ھېچ بىلمىدىم، خۇددى خېروئىنغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەمدەك بۇ يەردىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتىمەن دېسە، نېمانداق خۇمارى كۈچلۈك ئويۇن بۇ!

— ما ئىشنى، بۇيەردە ئۇتقىلى بولمامدۇ نېمە؟ ھەي، باشتىلا ئوينىمايدىغان ئىشكەندۇق، خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسام، شۇنچىۋالا پۇلنىمۇ ئۇتتۇرۇپ بولماستىم، — مامۇت ئۈمىدسىزلىككە چۆمدى، ئۇنىڭ داۋاملىق ئويناپ ئۇتۇۋالىمەن دېگەن خىيالى بىردىنلا كۆپۈككە ئايلانغاندەك بولدى.

مامۇت يېنىدىكى پۇلنى تولۇق ئۇتتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قارىچۇقى كەينىگە تارتىشقان، توغرىراقىنى دېگەندە تىمساھقا قىيالمىغان ھالدا سىرتقا چىقتى. شۇ تاپتا قورسىقى ئاچقان ئىدى، لېكىن يانچۇقىدا بۇرۇنقىدەك ياخشى يەيدىغانغا پۇل يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ ئەبگا دۇكانغا كىرىش كېرەكمۇ؟ ئۇ بۇرۇن بۇ يەردە بىرنەرسە يېگەنلەرنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ زاڭلىق قىلغان ئەمەسمىدى، ئەمدىچۇ، ئۇنى كىم زاڭلىق قىلسۇن؟

«شەھەر قەھرىمانى» غا كىرىپ ئوينايدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىرىش ئىشىكىنىڭ يېنىغىلا پەيدا بولغان كىچىك يېمەكلىك دۇكىنىمۇ جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان ھەر خىل سەي - كۆكتات، موي چوتكا بىلەن سۇ مېيىدا مايلىنىپ، ئۈستىگە زىرە، مۇچ سېپىلىپ قاقلانغان نانلار ئۇتتۇرۇپ يېنىپ چىققانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتە. بۇرۇن نېمىدىندۇر سەسكەنگەندەك بۇرنىنى تۇتۇپ ماڭىدىغانلار مانا ئەمدىلىكتە بۇ يېمەكلىكلەرنى كۆڭۈللۈك يەيدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— نېنىڭىزدىن ماڭا بىر پارچە قاقلاپ بېرىڭا، — مامۇتنىڭ قورسىقى ئېچىپ كورکىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يانچۇقىدا قالغان پارچە پۇلغا بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ ئالدى. ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى جوزىدا 20 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۈچ يىگىت بىر تەخسە قورۇمىنى چۆرىدەپ، ئەرزان باھالىق ھاراقنى ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قىزارغان، ئوزايىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي ئاغىنىلەر، مەن بۈگۈن تولۇقلا ئۇتتۇرۇۋەتتىم، ئاپپاراتلارنى تەڭشىۋەتكەن ئوخشايدۇ، — چېچىنى پاكىز قىردۇرۇۋەتكەن، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ يىگىت بىررومكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن دېدى، — ئۆيدىكىلەر ئاكامنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان 15 مىڭ يۈەننى ھەپتە

بولماي پاك - پاكىز ئۇتتۇرۇۋەتتىم.

— ئۇنى بىردىمە ئاداش، مەنمۇ ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ بولدۇم، ھەتتا ئانام ھېيتلىق كىيىم ئېلىۋېلىڭ دەپ بەرگەن پۇلنىمۇ ئۇتتۇرۇپ بولدۇم، — يەنە بىر چېقىر كۆز، خام سېمىز يىگىت دېدى، — ھېلىقى ئادەم بېشى كېلىدىغان ماشىنىدا ئوينىغان ئىدىم، بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئادەم بېشى كەلمەي، ئاپېلسىن، تاۋۇز، ئۈزۈم، گىلاسنىڭلا سۈرىتى كېلىپ تۇرۇۋالدى دېسە، بولۇپمۇ ئۈزۈمنىڭ سۈرىتى تولا چىقىۋالسا ئۇتتۇرىدىغان ئىشكەن، ، ئويناۋاتقىلى يېرىم يىلدىن ئېشىپتۇ، 30 مىڭ يۈەننى ئۇتتۇرۇپ بولدۇم، ئۈزۈمگە شۇنداق ئۆچ بولدۇم، ئۆچلۈكۈمدىن ھەتتا باغدىكى ئەمدىلا مېۋىگە كىرگەن ئۈزۈمنىمۇ تۈۋىدىن چېپىپلا قۇرۇتۇۋەتتىم، ئىسىت، بىرئوبدان زەرگەرلىك ھۈنىرىم بولغاندىكىن كۆتۈمنى قىسىپ ئۆز ئىشىمنى قىلسام بولاركەن.

ئۈچەيلەن يەنە بىر قانچە قەدەھ ئىچىشكەندىن كېيىن بىر- بىرىگە ئېسىلىشىپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان مامۇتنى بىردىنلا ۋەھىمە باستى. مۇشۇ مىنۇتلاردىلا ئۇ ئوتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇلارنىڭ ئېسەدەپ يىغلاشلىرىغا قاراپ، كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى. بىر بوتۇلكا سۇ بىلەن يېرىم نان ئۇنى تويغۇزالمىدى. سىرتقا چىققاندا كەچ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئەتراپ ئاللىبۇرۇن ئۆزىگە گىرىمسەن لىباس ئارتقان ئىدى. مامۇتنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز گۈلھەجەر بىلەن ئوماق قىزى كەلدى. ئۇلارغا ئەمدى نېمە دەيمەن؟ كېچە- كېچىلەپ ئويناپتىمەن، يا مۈڭگۈز- قۇلاق چىقمىدى، بار پۇلنىڭ ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتىم. شۇ تاپتا گۈلھەجەرنىڭ دۇتارنىڭ تارىسىدەك ئېشىپ ئوخشىتىپ ئېيتىدىغان لەگمىنىنى شۇنداق سېغىندىم، بىچارە دېسەم- دېمىسەم تاماقنى پىشۇرۇپ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغاندۇ؟ نەسىھەت قىلسا ئاڭلىماپتىمەن، ھەتتا بىر قېتىم قاتتىق ئۇرۇۋەتتىم، ئۆي ئىشلىرىنى، بالىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزۈم قىمار ئويناپ يۈردۈم. بىچارە كۈندە ساتقان راڭپىزىنىڭ پۇلى بىلەن قازان قاينىتىپ كەلدى... ئەمدى پۇشايمان قىلسامۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئۆيگە بېرىپ گۈلھەجەردىن ئەپۇ سوراي، ئۇ چوقۇم گۇناھىمدىن ئۆتىدۇ، مېنى كەچۈرىدۇ...

مامۇت يول بويى خۇددى جۆيلۈۋاتقان ئادەمدەك چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ماڭدى، ئۆيگە يېقىنلاشقانچە يۈرىكى باشقىچە سوقۇپ، جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن تەمشىلىۋېدى، ھويلىدىن قىزى بىلەن ئايالىنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى:

— ئانا، دادام نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق يەيلىچۇ!

— دادىڭىزنى ساقلايلى قىزىم، بىللە تاماق يېسە ياخشى بولىدۇ، دادىڭىز لەگمەنگە شۇنداق ئامراق ئىدى، كېلىپ قالا!

— دادام ئەسكىمۇ؟

— دادىڭىز ئەسكى ئەمەس، قىزىم.

ھويلا سۈكۈتكە چۆمدى، ئارقىدىنلا گۈلھەجەرنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يىغلاۋاتامسىزغۇ ئاپا، دادامنى كۆرگىڭىز كەلگەن ئوخشىمامدۇ، مېنىڭمۇشۇنداق كۆرگۈم كەلدى.

مامۇت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تاراملاپ ياش ئاقتى، ئۇ ئەزەلدىن كۆز يېشى قىلىپ باقمىغان ئىدى. خەپ، ئىككىنچى شۇنداق يەرگە بارسام ئادەم بولماي كېتەي، ئالدامچى تىمساھنىڭ ئەمدى ھەرگىز دامىغا چۈشمەيمەن، ئەتىدىن باشلاپ ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئۇتتۇرغان پۇلنى ئەمگىكىم بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، گۈلھەجەرنىڭ ئالدىدا گۇناھىمنى يۇيىمەن. مامۇتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ قەتئىي بىر نىيەت بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى...

(ئاپتور كۇچا ناھىيەلىك سۇپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**




# كۈتۈش

(1)

مەن شامالنىڭ ئالدىنى توستۇم:

— هەي ئۇچقۇر شامالLAR! ئۆتۈنەي سىلەردىن، ماڭا نىگارىمنىڭ ھىدىنى يەتكۈزۈڭلار...

— ئۇنىڭ ھىدىنى ئۇنىڭ ئۇچۇن باسقان قەدەملىرىڭدىن سورا، ئۇنىڭ چېچەكلىرىنى يىغىۋالغان ئېتەكلىرىڭدىن سورا، ھارغىن، ئەمما ھارارەتلىك نەپەسلىرىڭدىن سورا...

مەن تاغلاردىن سورىدىم:

— هەي تاغلار، سىلەر نىگارىمنىڭ جەسۇر قامىتىنى، مەردانە سىماسىنى يوشۇرۇۋالغىنىڭلار نېمىسى؟! ئۇنى قاچانغىچە ئايان قىلمايسىلەر؟

— كەچۈر، ئۇ سېنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز كۈتۈشلىرىڭگە يوشۇرۇنغان. سەن مۇھەببەت ۋە سەۋردىن پۈتكەن قاراقلىرىڭ بىلەن باقساڭلا، ئۇ ھەر قاچان كۆز ئالدىڭدا ئايان بولىدۇ.

مەن كۆككە نىدا قىلدىم:

— هەي، كۆك تەڭرىسى! سەن ئۇنى ساماۋى مۇئەللەقتىكى باھادىرلار باراۋىتىگە چىللاپ كەتتىڭمۇ؟ ئەمدى سەۋرىم تولدى، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگىن!

— ئۇنىڭ قۇياش بولۇپ، ئاي بولۇپ، يۇلتۇزلىرىڭنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ؟ سەن ئۇنى سامانيولىدىن ئەمەس، ۋۇجۇد ئالىمىڭدە ئېچىلغان قىپقىزىل چوغلۇقتىن سورا...

مەن دەرياغا قاراپ توۋلىدىم:

— دەريالار، سىلەر ئۇنىڭ سۇر - ھەيۋىسىنى، جاراڭلىق ئاۋازىنى شاۋقۇنۇڭلارغا قوشۇپ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتىڭلارمۇ؟! ئۇ نېمىشقا ماڭا زۇۋان سۈرمەيدۇ؟!

— كەچۈر، شاۋقۇنىمىزغا ئۇنىڭدەك تالاي ئەركەكلەرنىڭ سۇر-ھەيۋىسى سىڭىپ كەتكىنى راست، لېكىن بىز قەھرلىك دولقۇنلىرىمىز ئارقىلىق، ساڭا ئوخشاش ھىجران ياشلىرىدىن تارام-تارام ئېقىنلارنى ياساپ كېلىۋاتقانلارغا بەردەملىك، ئىشەنچ ئاتا قىلالايمىز! سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئاندىن ئۇنىڭغا...

(2)

مېنىڭ روھىم ئىككىگە بۆلۈنۈپ تالاشماقتا

ئىدى:

— ئۇنىڭ بىر تەلۋە ساراڭلىقى، مەۋھۇملۇق بىلەن مەۋجۇتلۇق ساھىلىدا تىنىمسىز چېپىپ يۈرىدىغان ئاشۇ ھالىتى ساڭا مۇھەببەت ئەمەس، ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ... بولدى بەس، يېتەر ئەمدى! سەن بۇلۇتلۇق ئاسماننىڭ خىرەلىكىگە ئەمەس، قاپقارا بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان نۇرلۇق قۇياشنىڭ چەكسىز تەلپۈنۈشلىرىگە قارا.

— سەن روھىڭدا تىنىمسىز كۆيۈۋاتقان قۇياشنى ئىنكار قىلماقچىمۇ؟ ئۇنىڭ تەن ئۆزلۈكىدىن ھالقىغان مەۋجۇتلۇقى ئۆز ئالىمىڭدە پارلاپ تۇرسا، سەن قانداقمۇ «بولدى، بەس!» دېيەلەيسەن؟

— ...

ئالىقىنىمدا ئۆزۈمدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ تولغىنىپ-تولغىنىپ كۆيۈۋاتاتتى...

(3)

شۇنداق بىر سەھەر، سالقىن شامال مەڭزىمنى سىيپاپ ئۆتكەندە، يېقىملىق بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا شىۋىرلىدى:

— مۇھەببەتلىك كۆتۈشلىرىڭگە رەھمەت، ئامرىقىم!

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، ئىشىككە ئۇمتۇلدۇم، يانفونۇمنىڭ ئېكرانىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تەلمۈردۈم. دەل شۇ چاغدا چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا مەن ئۇ ئاۋازنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدىم:

— سېغىنىشلىق دەملىرىڭگە، مۇھەببەتلىك كۈتۈشلىرىڭگە رەھمەت، جېنىم !...

— ئاھ، قېنى سەن؟

مەن ئاۋازىڭنى ئىزدەپ يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم، تالاي كوچىلارنى كەزدىم، تاپالمىدىم. چۈش بىلەن رېئاللىق گىرەلەشكەن تالاي سەھەردە شۇ ئاۋاز ئۈچۈن بىدار بولدۇم، ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن ھامان بىر كۈنى قۇلىقىمغا يەنە شۇنداق پىچىرلايدىغىنىڭنى بىلىمەن، يۈرەك تىۋىشلىرىم ئارقىلىق مېنى تاپالايدىغىنىڭنى بىلىمەن، مەن بىلىمەن، سەن مېنى بىلگەندەك بىلىمەن...

(4)

يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. مەن كوچىدا دالدا ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ پەرۋاسىز كېتىۋاتىمەن. سەن يامغۇر بولۇپ ئۈستۈمگە تۆكۈلۈۋاتساڭ، مەن قانداقمۇ تامچىلىرىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ پاناھلىق ئىزدەي؟!...

# ئوت يامانمۇ، شەيتانمۇ؟

«ئوت يامانمۇ، شەيتانمۇ؟»

شۇ تاپتا ئوغلۇم تىنىمسىز مۇشۇ گەپنى تەكرارلىماقتا. بۇ سۆز چىرايلىق ئاڭلىنىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، ئوغلۇم ھەر قېتىم ئوت يېقىشنى مەندىن تالىشىدىغان، مەشتىكى ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈپ ئۆي ئىچى ئىللىغۇچە توختىماي «ئوت يامانمۇ، شەيتانمۇ... ئوت يامانمۇ، شەيتانمۇ...» دەيدىغان بولۇپ قالدى. ئويلاپ باقسام مەنمۇ مۇشۇ سۆزنى دەپ چوڭ بوپتىمەن.

كىچىكىمدە بوۋامدىن، ئاپامدىن ئوچاقتا ئوت يېقىشنى تالىشاتتىم. ئىچىمدە ئوتنىڭ يامان بولۇپ شەيتان ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنى تىلەيتتىم. تەلىيىمگە كۆپ ھاللاردا ئوت يامان بولۇپ چىقاتتى-دە، تۇتاشتۇرغان ئوتۇم گۈرۈلدەپ كۆيۈپ كېتەتتى. مەن خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتەتتىم. شۇنداق خۇشاللىقتىن قىنىمغا پاتمىغان دەقىقىلەرنىڭ بىرىدە، بوۋامنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «قىزىم، قارىغاندا سېنىڭ تەبىئىتىڭ ئوتقا مايىل ئىكەن. بۇنداق كىشىلەر تىنىمسىز كۆيۈشنى ئىستەپلا يۈرىدۇ، كۆيگەنچە روھىي دۇنياسى ئېچىلىپ بېيىپ بارىدۇ. لېكىن خۇشاللىقىدىن دەردى كۆپ بولىدۇ.

قىزىم شۇنىڭغا ئاگاھ بولغىنكى، ھەر قانچە دەرد
تارتساڭمۇ چىداملىق بولغىن؛ سەندىن باشقىلار-
غا ئىللىقلىق يەتسۇنكى، كۆيدۇرگۈچ ئۇچقۇن-
لىرىڭ چاچراپ چىقىپ ئۆزگىلەرگە زەرەر يەت-
كۈزمىسۇن!... بىلسەڭ قىزىم، ھەممىمىز كۆيد-
مىز. تۆرىلىشتىن تۈگەنلىنىشكىچە بولغان ھا-
ياتلىق جەريانلىرىدا، قىسمەت دوقاللىرىدا بىردە
يالقۇن بولۇپ، بىردە چوغ بولۇپ، بىردە قوقاس
بولۇپ كۆيۈپ ياشايمىز. بىراق سەندەك ئوتقا ما-
يىللار، سۇ، تۇپراق، ھاۋاغا مايىللارغا قارىغاندا
بەكرەك كۆيىسىلەر. ئاخىرقى سۆزۈم، سەن ئو-
چاققا ياققان، كۆيۈۋاتقان ئوتۇڭدىن ھاياتلىقنى
مەنىگە ئىگە قىلىپ ياشاشنى ئۆگىنىۋالغىن...»
دەپ نەسىھەت قىلغىنى ھېلىھەم ئېسىمدە تۇرۇپ-
تۇ. تولىمۇ ئەپسۇس، ھايات ئوچاقلىرىدا، ئوت
يېقىش پۇرسەتلىرىمدە كۆپ ھاللاردا شەيتانغا
ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىمدىن ھۆل ئوتۇندەك كۆي-
گىنىم كۆيگەن ئىدى.

مەن تەڭرىگە مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئىبھ تەڭرىم! مەن بۇنداق كۆيۈشتىن،
تۈتەپ كۆيۈشتىن بىزار، سەندىن ئۆتۈنەي! مېنى
ھاياتنىڭ ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ يالقۇنلۇق پېچلى-
رىغا تاشلىغىن! شۇندىلا مەن شەيتان بىلەن مۇ-
رەسسەلىشىپ ئۆتۈۋاتقان ئازغۇن روھىمنى تاۋلى-
يالايمەن، كۆيۈشنىڭ تېرەنلىكىگە چۆكەلەيمەن!

سەھەردە تاڭ ئەلچىسىنىڭ سالامى زېمىننى
يېنىك تەۋرىتىۋاتقان بىر دەمدە، چۈش پەرىسى-
نىڭ شۇنداقلا تەبەسسۇم قىلغىنىنى بىلىمەن.
بىر سايە مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن ئاستا يېقىن-
لاپ كېلىپ، گەپ-سۆزسىز ماڭا ئىككى نەرسى-
نى تەڭلىدى. ئۇنىڭ بىرى سەرەڭگە، يەنە بىرى
ئۆچۈپ قالاي دېگەن بىر تال چوغ ئىدى. بۇ سايى-
نى تۇرۇپ بوۋامغا ئوخشىتىپ قالدىم، لېكىن
بوۋام ئەمەس ئىدى. مەيلى ئۇنىڭ كىملا بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مېنى ھايات ئوچاقلىرىدا
قايتىدىن كۆيۈش سەپىرىگە چىللاۋاتقىنى ئېنىق
ئىدى. مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئەگەر مەن سەرەڭ-
گىنى تاللىسام، پاژ قىلىپلا ئۆچۈپ قالسام
شەيتان غالىب كېلىدۇ-دە، پۇرسەت كېتىپ قال-
دۇ. ئەگەر ئاشۇ ئاجىز چوغدا ئاستا-ئاستا كۆيۈپ
يالقۇنلىسام، گۈرۈلدىسەم، قىينالساممۇ مەيلى-
تى. ئۇ چاغدا كۆيۈشنىڭ گۈزەل مەنزىللىرى
ماڭا قۇچاق ئاچاتتى. قانداق قىلاي؟ تاللاشقا دۇچ
كەلگەن ئىدىم، مەن دەقىقە ئىچىدە كەسكىن قارا-
رىمنى چىقاردىم-دە، چوغنى تاللىۋالدىم.

ھېلىقى مەۋھۇم سايىمۇ مەندىن شۇنى
كۈتسە كېرەك، ماڭا كىچىككىنە چوغنى قالدۇ-
رۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ يېنىش-يېنىشلاپ ئارقى-
سىغا قاراپ پىچىرلايتتى. بەلكىم ئۇمۇ «ئوت يا-
مانمۇ، شەيتانمۇ...» دەۋاتسا كېرەك. ئۇ ئاستا-
ئاستا مەندىن يىراقلىشىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە
سىڭىپ كەتتى.

مەن يەنە كۆيدۈم. بىراق بۇ كۆيۈشۈم ئىلگىرى-
كىگە ئوخشىمايتتى. تاڭ شەپىقى قىزىرىپ،
ئاسمان گۈمبىزى سۇزۇلگەندە، ئەتىگەنلىك مەيىن
شامال لەۋلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتكەندە مەن كۆيەت-
تىم؛ قەھرىتان سوغۇق ئەۋجىگە چىقىپ كۈللى ئا-
لەمنى ئاق قار، كۆك مۇز قاپلىغاندا مەن يەنىلا كۆ-
يەتتىم؛ باھاردىكى يېشىل رەڭ ۋۇجۇدلارغا روھ بەر-
گەندە مەن كۆيەتتىم؛ تومۇزدىكى ئاتەش زېمىننى
ھالسىراتقاندا مەن كۆيەتتىم... مەن كۆيۈپ-
كۆيۈپ تۈگىمەيتتىم، كۆيۈپ-كۆيۈپ ئۆچمەيت-
تىم... مانا ئەمدى ئاشۇ كۆيۈشلىرىم بىلەن ئوغلۇم-
غا «ئوت يامانمۇ، شەيتانمۇ؟» دېگەن بۇ ھېكمەتنى
قالدۇردۇم، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ مەنىسىمۇ ئاشۇ
ھېكمەتنى قالدۇرالىغانلىقىمدا ئىدى.

(ئاپتور كۇچا ناھىيە ياقا بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**




## مۇھەببەتلىك كۆي

ھۆپپىدە گۈللەرگە تولغان بېغىمسەن،
بۇلبۇلنىڭ ھەر زىكرى، كۆيىدە ئېتىڭ.
يۆلەنسەم مامۇقتەك ھۇزۇر تېغىمسەن،
پاك سۆيگۈ، مېھىردىن پۈتكەن ھەر قېتىڭ.

كىيگىنىم سەن بەرگەن تەۋەررۈك ئاياغ،
ئىزلىرىڭ ئىزىمغا سۆزلەيدۇ قىسسە.
سەن روھىم تۈنىگە يېقىلغان چىراغ،
سەن كەبى كۆيمەس يار گەر ماڭا كۆيسە.

كۆزۈمدە چاراڭلاپ كۈلسەڭ تاڭلاردا،
چاڭ باسقان قەلبىمنىڭ دەشتى گۈل ئاچار.
يۈلتۈزسەن ئېزىشتىن يۈرسەم ھاڭلاردا،
بەختىمنىڭ دەرياسى سەندە ئۇلغىيار.

قالسام جۈت ئىلكىدە مېھرىڭگە چۆمسەم،
ئايلاندى باغرىڭدا قىشىم باھارغا.
ئازابتىن يىقىلسام تارىڭنى چەكسەم،
پەرۋازىم يۈزلەندى گۈلگۈن باھارغا.

سەن بىلەن ئات سالدىم ھاياتقا مەغرۇر،
چاقلىدىم روھىمنى سېنىڭ روھىڭدا.
سەن بەرگەن سۆيگۈدە ئالەمچە ھۇزۇر،
كۆكلىدى ناتىۋان جېنىم جېنىڭدا.

سەن ئېيتسام تۈگىمەس مۇھەببەتلىك كۆي،
ھېكمىتىڭ تومۇردا دولقۇنلىغان قان.
ۋىجدانىم دەر سۆيسەڭ سەندەك يەرنى سۆي،
سەن مېنىڭ ھاياتىم، سەن ماڭا ئارمان.

## مۇزىكا ئاڭلاش

شۇرلاپ چىمەنلەردە ئاققان سۇيۇڭدىن،
ئوچۇملاپ-ئوچۇملاپ ئىچتىم بىر كېچە.
قالدىڭ كىرپىكلىرىمگە نەچچە ئىلىنىپ،
قەدىمىڭ يەتتى چاڭقاق دەشتىم-چۆلگىچە.

پەي-قاناتلىرىمغا كىردى جان، سۇبات،
پەرۋازدا تاڭلارغا لەۋ ياقتىم تالاي.
يۈرەكنى مېھرىلىك سىلاشلىرىڭدىن
ياسىدىم كەيپىتە مىڭ قەلئە-ساراي.

تەنھالىق باغاشى ئاجرىدى تەندىن،
قاقشال سۆگەتلىرىمدە يېشىل كۆي جەۋلان.
ئەس يايلىقىمدىن يوقالغان بوزئات
كىشنىدى كۆزۈمدە، يوق زەررە تۇمان.

ھاياجان دېڭىزىدا ئۈزدۈم كاراپتەك،
بولدۇم ئېتەك-ئېتەك ئۈنچىلەر شاھى.
ھىجران تۇنلىرىمدىن چىقتىم ئات چېپىپ،
ھەر دوقمۇش-دوقمۇشتا ۋىسالنىڭ ئايى.

يەتتىم جان سېھرىگىدە كۆكلىگەن جايغا،
بىر ياندا پەرىلەر ئۇسسۇل-ساماسى.
بىر ياندا زەر-مەرمەر چايقالغان دەريا،
بەلكىم بۇ بېھىشنىڭ ۋىسال سەيناسى.

يۇيۇلدى سەن بىلەن روھىمدىكى كىر،
قار ئۆچقان يولۇمدا چېچەكلىدى ياز.
ھايات قولۇمنى سىقتى چوغدەك قولدا،
مەن بۇدەم قۇشلارغا ئۇلپەت بىر ئاۋاز.

## چۆلدە يايراش

ئاساۋ ئات يالىدەك دولقۇنلايدۇ قۇم،
كېلىمەن چۆشلەرنىڭ رەڭدار پەسلىدە.
كۆك قومۇش نەيچەمدىن كۈيلەر ئاقىدۇ،
چاڭقاق روھ ئېتىزىم جانان ۋەسلىدە.

ھېسلىرىم يالقۇنلاپ يايدىم كەڭ غۇلاچ،
يۇيۇنۇپ تەرلەردە مەڭزىم نۇرلىنار.
گىرىمسىز ئۆزلۈقنى چۆللەردىن تەردىم،
شامالار نەرىدە گۈللەر ئويغىنار.

كۆمۈلدۈم، چۆمۈلدۈم قۇم دەرياسىغا،
پەرۋازىم كۆكتىكى بۈركۈتكە تىمسال.
يارىمنىڭ قىپقىزىل ياغلىقى ئوخشاش،
يىراقتا يۇلغۇنلار كۆز چاقار يال-يال.

خىيالىم يىلاندەك سوزۇلغان يولدا،
بىر مىسرا شېئىرغا ئىزدەيمەن سوراق.
سېغىنىش تاشلىغان دىلدىكى چوغدا،
جىگدىلىك باغلاردا يار تىككەن قۇراق.

كېلىمەن گىرىمسەن بارخانلار ئارا،
ئەتكەندەك بىر قىزنى تۈنجى رەت باغاش.
لېۋىمدە يۇلغۇننىڭ لەرزان ناخشىسى،
يوق بەلكىم بېھىشتا بۇنچىلىك يايراش.

ئاساۋ ئات يالىدەك دولقۇنلايدۇ قۇم،
قۇيۇنتاز ئەجەمگە ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
رەسسامنىڭ كۆزىدە كىم باقسا چۆلگە،
ھاياتتىن غۇلىماس تاپالايدۇ يول.

## يۇلتۇزۇم

گۈللەر پورەكلىدى ھاياجىنىمدا،
ئەزگۈ ئويلىرىمدا تاڭدەك تەبەسسۇم.
بال ئاققان ئېرىقتەك چۆچەكلىرىم بار،
كەل قېنىپ-قېنىپ ئىچ، ئىچكىن يۇلتۇزۇم.

نۇرلاندى نۇرۇڭدا سۆيگۈمنىڭ تۈنى،
پۈكەلمەس روھىمنى ھىجرانلىق كۈيلەر.

سۆيۈملۈك بىر ئۆيگە ئايلاندى دۇنيا،
يوقالدى ئارىدىن قۇم تاشقان چۆللەر.

خىيالىم كۆك بويلاپ ئاققان دەريادا،
ئېسەدەپ يۈرمەيمەن ئەمدى باغلاردا.
سەن كۈلگەن يوللاردىن شېئىر سورايمەن،
مۇھەببەت قۇت تاپار ئېگىز تاغلارغا.

ھەۋەسنىڭ دامىدا قاقمايمەن قانات،
بولسىمۇ توپا-چاڭ باردۇر ئۆز يولۇم.
بۇ يولدا كۆي تولاپ جاننى شاشلايمەن،
ھەسەتلىك كۆزلەردە سولسىمۇ گۈلۈم.

روھىم ھەر سەھەرنىڭ نۇرىغا رەڭداش،
سىپھىر بار، ھېكمەت بار تىلەكلىرىمدە.
تىغ ئۇردۇم ھىجرانلىق قاباھىتىمگە،
سەن پارلاپ تۇرغاچقا چېچەكلىرىمدە.

## قۇمدىن چىقىش

بارخانلار ھېسسىمغا سالدى چىڭ گىرە،
سەگىتەر سىپھىرلىك ناخشىلار تەننى.
كۆك يانتاق رەڭگىدە پۈتتى لىرىكا،
دەشتىمدە ياشارغان كۆردۈم چىمەننى.

ئەگىيدۇ بېشىمدا ساماۋى بۇلۇت،
يۇلغۇنلار چۆچىكى كەتمەيدۇ ئەستىن.
خىيالىم ئۈپۈقى رەڭلەندى سەھەر،
بوز تورغاي پەرۋازى ئاجايىپ تەمكىن.

سۈپسۈزۈك تۈيغۇمدىن باشلانغان يوللار
ئەجدادىم ئىزىدىن سۆزلەيدۇ ھېكمەت.
بارخانلار مەڭزىدە جىمىرلىغان زەر،
سىرلاردىن سىر يېشىپ قىلار رىۋايەت.

پايانسىز ئالۋۇنلۇق ئوتلارغا كىردىم،
ئويغىتىپ سۆيگۈمنى كۆيگەن تاشلاردا.
بۆرىدەك ھۇۋلىغان توغراقلار بىلەن،
سىرداشتىم كۆي-مەشرەپ قىلىپ ياشلاردا.

قانمىدىم، ئاقتىم ئاھ قۇملار مېھرىدە،
كولدۇرما ئۈنىگە كۆيلىرىم تەڭكەش.
دولقۇنلۇق دېڭىزدا يۈرىمەن سالىسىز،
پۈتۈمدا تەۋرىرۈك مەشرەپ كىيگەن كەش.

چۆل گۈلى، چۆل يولى— ھايات مەرغۇلى،
روھىمنى يېتىلەپ چىقتى تاغلارغا.
ياشاردى مەندىكى قاقشال ئىستەكلەر،
غەيۇرلۇق ئىزدىسەڭ نۇر بەر ھاغلارغا.

## ئۆتۈنۈش

سۈيى ئەلۋەك دەريا ئەتتىم سۆيگۈمنى،
چاڭقاپ ياتقان دەشتىڭنى گۈل قىلىشقا.
ۋىسالىمغا چىللاپ سېنى كۆي قىلسام،
تىرناقلايسەن يۈرىكىمنى نېمىشقا؟

پەرۋاز كىرمەي خىيالىڭغا يۈرىسەن،
كەتتىڭ ئېزىپ ھەتتا ئىسسىق ئۇۋاڭدىن.
قاردا قالساڭ تىترەشتە تاش چاينايسەن،
چۆچەك تىڭشاپ باقماي ئاق چاچ ئاناڭدىن.

شېرىن خىيال ساھىلىدا كۈنلىرىڭ،
خاتىرەڭدە سولغان يېشىل يوپۇرماق.

لەۋلىرىڭدىن قان تامچىتتى ئۈنلىرىڭ،
چىن سۆيۈشتىن كەلسە مەلھەم خۇش پۇراق.

ئېزىشلاردىن مارجانلىرىڭ چېچىلدى،
يوللىرىڭدا سەن سولدۇرغان چىمەنلەر.
تۇرمۇش، ھايات بولماي سېنىڭ ئويۇڭچە،
پاتتى نازلىق يايرىشىڭغا تىكەنلەر.

چىدىمىدىم، سەن سولدۇرغان چىمەنگە،
ئىچتىم نەچچە دەردلىرىڭنى ئوچۇملاپ.
ئەقىدەمگە ئەمدى تەتۈر يۈرمىگىن،
قۇت پەسلىگە پەر قاقايلى جۇلالاپ.

## سۆيگۈم تىلىكى

جىمىرلايدۇ يىراقلاردا يۇلتۇزۇم،
كۇتۇشلەردە ۋاراقلايمەن ھاياتنى.
خىيالىمدا پورەك-پورەك مۇھەببەت،
قىلىچلايمەن پاك سۆيگۈمدىن ماماتنى.

تۇن بەرگىدە شۇرلىغان چىچەكلەر
ئەسكە سالار بالغا تولغان ئاخشامنى.
بارماقلىرىم قات-قېتىدا تارلارنىڭ،
يار لېۋىدىن باشلىسام كۈي-ناخشامنى.

غېرىبلىقىم يۇرەر يۇلتۇز كۆزىدە،
ئوڭ-سولۇمدا شۇرلايدۇ چەشمىلەر.
نازۇك تۇيغۇم ئاق بېتىگە تامىماقتا،
كۇتۇشلەردىن ئەشكەن شېرىن ئەشمىلەر.

قالدى سەنسىز سەن سېغىنغان بۇ ئاخشام،
تولۇپ گۈللەر بەرگى ھىجران يېشىغا.
ئەقىدىمىز كۆركى چۆل-چۆل بولمامدۇ؟
ئات چاپتۇرساڭ ئىشقىمىزنىڭ تېشىغا.

كەل، ۋاپانىڭ گۈلى ھالسىز سولمىسۇن،
كەڭ ئېچىلغان ساڭا قەلبىم ئىشىكى.
ئېرىقىمدا سۇيۇم لېپىپ قالمىسۇن،
سەندە ۋىسال، سەندە سۆيگۈم تىلىكى.

## ئۆلمەس پىراق

سەن قاچان ئاي بولۇپ كىردىڭ ئويۇمغا،
سېنى دەپ خۇش پۇراق چاچتى گۈللىرىم.
بىر ئۇنسىز غېرىبلىق تۇنۇمدىن يوقاپ،
شەربەتكە لىق تولدى چاڭقاق كۆللىرىم.

مەن ئىدىم ئۈزۈلگەن تەمبۇر تارىسى،
كۆزلەردىن بىنەزەر، ناۋاسىز داغدا.
سەن شېرىن چۈشۈمدە كۈلگەندىن بېرى،
يۇرىمەن پەرۋازىم ئاسماندا، تاغدا.

ياپراقلار يۇيۇنغان شەبنەمگە باقسام،
سېنىڭ شاد ناخشامدەك كۈلۈشلىرىڭ بار.
مەن تەنھا يۇلتۇزدەك قالسام خانەمدە،
گۈل ئېچىپ قەلبىمدە سۆيۈشلىرىڭ بار.

يۇرسەم مەن ئازابنىڭ دەشتىدە ساياق،
ياقىسەن سەن خىيال پېچىمغا گۈلخان.
قۇت تەتۇر ماڭىلا باققان كۈنلەردە،
ئاقىسەن باغرىڭنى ئېچىپ مەن تامان.

سەن خىيال كۆكىمدىن كەتمەيسەن يىراق،
سەن سالغان ئوت بىلەن چوڭايدى يېشىم.
مەيلى بىل، بىلمىگىن بۇ ئۆلمەس پىراق،
بىر چاغلار ۋىسالدىن ئاسماندا بېشىم.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)

تەلئەت جېلىل باشتۈرك

# تارىم ناخشىسى

## تارىم ناخشىسى

ئەي تارىم سەن مېنىڭ جان بەرگەن ئانام،
مەن بىر قۇش، سەن مېنىڭ چوڭ بولغان ئۇۋام.
سىڭدۈردۈڭ مېھرىڭنى دىلىمغا چوڭقۇر،
دەپ مېنى ئۆزۈمنىڭ ئوغلىسەن، بالام.
سەن ماڭا روھ، غۇرۇر، ھايات بەردىڭسەن،
ئۇچۇشقا سامادا قانات بەردىڭسەن.

قۇچىقىڭ جەننەتتەك گۈزەل بىر دۇنيا،
مەن سېنىڭ بۇلبۇلۇڭ ئاشىقى شەيدا.
ھەر ۋاقىت مەن سېنىڭ ھۆسنۈڭگە باقسام،
بولىدۇ قەلبىمدە كۈي-ناخشا پەيدا.
چوڭ بولغان مەن سېنىڭ قوينۇڭدا يايراپ،
مۇقەددەس پاك مېھرىڭ قەلبىمگە ئورناپ.

مەن نەزەر تاشلىسام ئورمانلىرىڭغا،
پايانسىز ياپيېشىل بوستانلىرىڭغا.
كېلىدۇ قۇش بولۇپ كۆرگۈم ھەۋەستە،
يۈكسىلىپ ساماغا - ئاسمانلىرىڭغا.
سەن گۈزەل بېھىشتەك سىرلىق بىر ماكان،
ھاياتىم، دىل رىشتىم ساڭا باغلانغان.

سەن ماڭا يېيىشكە ئاش-نان بەردىڭسەن،
تېنىمگە كۈچ-قۇۋۋەت دەرمان بەردىڭسەن.
باغلانغان تەن-تومۇر بارلىقىم ساڭا،
ياشاشقا سەن تولۇق ئىمكان بەردىڭسەن.
سەن دەريا، مەن بېلىق قوينۇڭدا ئۈزگەن،
مەن كۆچەت باغرىڭدا يېتىلىپ ئۆسكەن.

قارىدىم گۈزەللىك ئىزدەپ جاھانغا،
يول ئالدىم قىزىقىپ ئۆزگە ماكانغا.
سېغىنىش پىراقى ئوتتەك يېلىنجاپ،
ۋە لېكىن ھېچ ئارام بەرمەس بۇ جانغا.
مەن سېنىڭ ۋاپادار جانپىدا ئوغلۇڭ،
نامىڭ بار، ئورناشقان دىلىمغا ئورنۇڭ.

## ئاتا

ئاتامسەن، سەن مېنىڭ بارلىقىم ئەمەس،
ئاتامسەن، سەن مېنىڭ بايلىقىم ئەمەس.
سۆزلىرىڭ يادىمدا لېكىن بىر ئۆمۈر،
سەن كۆڭۈل ئارامىم، شادلىقىم ئەمەس،
ھەر ۋاقىت ئوي-خىيال زىكرىمدە سەن بار،
سەن مېنىڭ قۇۋانچىم، پىكرىمدە سەن بار.

بىلىمەن جان ئاتا خىسلەتلىرىڭ كۆپ،
قەلبىمگە ئورناشقان ھېكمەتلىرىڭ كۆپ.
قوللىرىڭ مېھنەتتە پىشقان تاۋلىنىپ،
ھاياتقا زوق بېرەر، ھىممەتلىرىڭ كۆپ.
ماڭىمەن مەن سېنىڭ ئىزىڭنى بېسىپ،
ئۆرلەيمەن توختىماي تاغ-داۋان ئېشىپ.

ئىرادەڭ تاۋلانغان جاسارىتىڭ بار،
ھەر ئىشقا تەدبىرىڭ، پاراسىتىڭ بار.
ئارقىدا قالمىدىڭ باسقان سەپەردە،
توختىماي ئۆرلەيسەن شىجائىتىڭ بار.
مەرد-سېخىي باتۇرلۇق خىسلىتىڭ ئاتا،
بېغىشلار ئىرادە، روھىي كۈچ ماڭا.

بىلگەننى سەن ماڭا ئۆگەتتىڭ تولۇق،
ئۆتمىدى بىر مىنۇت ۋاقتىڭمۇ قۇرۇق.
مەن ئۇچۇن بىھېساب ئەجىر سىڭدۈردۈڭ،
دەپ مېنى سەن گويا ئۈمىدلىك ئۇرۇق.
تومۇرۇم، جىسمىمدا ئاققان قېنىڭ بار،
ئىرادەڭ خىسلىتىڭ، روھىڭ ماڭا يار.

## ئۇيغۇر كوچىسى

ئۈملۈكنى چىللايدۇ ئۇيغۇر كوچىسى،
تونۇلغان بۇ كوچا سېخىيلىق بىلەن.
بۇ يەردە قېرى - ياش، قىز-ئوغۇل ھەممە
ئۆتىدۇ ھاياتتىن ئۆمرى تېتىپ قەن.

بۇ كوچا مەردلەرگە ئاچقان قويىنىنى،
چىن ئۈمىد ئۇلارنىڭ يولىغا ماياك.

ئاتىلار سۆزى بار — ئىنسان يۈرىكى
ۋاپادىن ياشىرىپ چالىدۇ چاۋاك.

بۇ كوچا ئاجايىپ خىسلەتلەرگە باي،
قۇچىقى گويا كى جەننەتكە مىسال.
مۇمكىنلىك تۇغۇلۇپ بۇندا ھەممىگە،
تاپىدۇ ئىنساننىڭ تىلىكى ۋىسال.

## قىز بولساڭ

يۇلتۇز بولۇپ چاقنا قىز بولساڭ،
قاراڭغۇ - تۈن زۇلمەت كېچىدە.
كىر-غۇبارسىز ياشا قىز بولساڭ،
غۇرۇر بىلەن ھايا ئىچىدە.

كاككۇك بولۇپ ياشا قىز بولساڭ،
سۆيۈپ ئىخلاس بوستانلىرىنى.

بۇلبۇل بولۇپ ياشا قىز بولساڭ،
ئېيتىپ ۋاپا داستانلىرىنى.

ئىستەك بىلەن ياشا قىز بولساڭ،
چىن ئەقىدە باغلاپ ھاياتقا.
ئۈمىد بىلەن ياشا قىز بولساڭ،
يېتىش ئۈچۈن ئارزۇ-مۇرادقا.

(ئاپتور ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يولى 15-نومۇردا)

(بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھەررىرى **ھەزرەتئەلى ئەخەت**)

ھەببە مۇھەممەدئەيسا



# ھىجران

(پوۋېست)

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىم ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئوقۇتقۇچۇم ھەم ساۋاقداشلىرىم پۇل يىغىش قىلىپ يولغا سېلىپ قويغانىدى. مەندەك بىر دېھقان قىزى ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ چوڭ ياردەم ئىدى. ھەر قېتىم قىشلىق تەتىل ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، يول كىراسىنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن ئاللىقانداق كۇرسلارغا قاتنىشىشنى باھانە قىلىپ ئۆيگە قايتمايتتىم. ئەمەلىيەتتە تېپىلسا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ياكى مەكتەپ كۈتۈپخانىسىدا ھەقسىز ئىشلەپ تەتىلنى توشقۇزاتتىم.

مۇئەللىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرغاندا، مەن ھېچ نېمىدىن خەۋەرسىز ئىدىم، ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. مەن پەقەت ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگىنىمدىلا ئاندىن داۋاملىق ئوقۇيالايتتىم. مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى ھېسداشلىق ئارىلاش ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىنى كۆرۈپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

— بۇۋى ئايشەم، سىزگە ئۇدۇللا دەي، ئۆيىڭىزدىكىلەر ساقسىز بولۇپ قاپتۇ. جىددىي تېلېـ

ـفون قىپتىكەن... سىزنى دەرھال يېتىپ بارسۇن
دەپ ساۋاقداشلار پۇل يىغىشىپ ئايروپىلان بېلە-
تى ئېلىپ قويۇپتۇ. بۇنى ئېلىڭ، مېنىڭ
كۆڭلۈم!

مۇئەللىم بېلەت بىلەن پۇلنى قولۇمغا تۇت-
قۇزغاندىمۇ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىدى، مۇئەللىم
خۇددى مېنى ئالداۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن گۇمانلان-
دىم. بىراق مۇئەللىم مېنى ئايرودۇرۇمغا ئۆزى
ئېلىپ چىققاندا بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي
بولمىدى. تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشىم
بولغاچقا، كۆككە كۆتۈرۈلگەندە ھاياجانلىنى-
شىم، بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقاندا ئاجايىپ
تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈشۈم كېرەك ئىدى، ئەپسۇس
ئاللىقانداق بىر ۋەھىمە مېنى رېئاللىقتىن تامام
ئايرىپ، يىراقتىكى يۇرتۇمغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

مەن يالغۇز بالا، ئاتا-ئانامدىن بۆلەك ھېچنې-
مەم يوق. ئۇلارغا ھەر قانداق كېلىشمەسلىك
كەلسە مېنىڭ ئوق يىلتىزىمغا پالتا ئۇرۇلغان بو-
لىدۇ. مەن پەقەت دەرستە ئالاھىدە ياخشى بولغاچ-
قىلا، ئۇلار ھەممە تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ
مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. مېنىڭ ئوقۇش
پۈتكۈزۈشۈمگە پەقەت بىر يىللا قالغان مۇشۇ
كۈنلەردە، ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلاي دەپ
ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋا-
تاتتىم. مۇشۇ بىر قانچە يىلنى قانچىلىك جاپا-
مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمنى بىر ئۆزۈملا
بىلىمەن. تەقدىر ئۇنچىۋالا رەھىمسىزلىك
قىلماس! كۆزلىرىمدىكى ياشلىرىمنى توختىتال-
مايۋاتاتتىم. ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا بىر
قارىۋالغۇدەك ھەپسىلەممۇ يوق ئىدى. بوشلۇقتا
تۈرۈپ پەسكە قارىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى
نۇرغۇن قېتىم تەسەۋۋۇر قىلغان بولسامۇ، تاسا-
دىپىي كەلگەن پۇرسەتتە ھەقىقىي تەسىراتقا ئې-
رىشكىدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى.

ئايروپىلان سۇس گۈركىرەپ ئۇچماقتا
ئىدى، مەن ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە يېنىمدا
ئولتۇرغان كىشىگىمۇ دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇ
ماڭا قەغەز قولياغلىق سۇنغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا
دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئولتۇرغاندىكى ھالىتى-
دىنلا بويىنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدىم، قوي كۆزلىرىدىن تەربىيە كۆرگەن، ئاق
كۆڭۈل ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى قىرىق
ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولسا كېرەك دەپ پەرەز
قىلدىم ئۆزۈمچە. كالتە يەڭ ئاپپاق كۆڭلىكى
ئۇنى تېخىمۇ مۇلايىم كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ يامان
ئادەم ئەمەسلىكىگە جەزىم قىلىپ، قەغەزنى
ئېلىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم.

— باياتىن بېرى يىغلاپلا ئولتۇرىسىز، بىئارام
بولۇۋاتامسىز نېمە؟

— ياق.

— سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟

— ھەئە.

— ھازىر يا تەتىل، يا بايرام بولمىسا، نېمىش-
قا قايتىسىز؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ مۇئەللىم ئۆ-
يىڭىزدىكىلەر ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، دەپ يولغا
سېلىپ قويدى، — مەن يەنە يىغلاپ تاشلىدىم. ئە-
زەلدىن ناتونۇش كىشى ئالدىدا ياش تۆكۈشنى ئا-
جىزلىق، يامان ئىش دەپ قارايتتىم. ئەمما مۇشۇن-
داق روھىي ھالەتتە تەسەللىگە، غەمخورلۇققا
موھتاج بولغاچقىمۇ خالاپ-خالىماي ئۇنىڭ سو-
رىغان سوئالىغا جاۋاب بەردىم...

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەچكە تەپسىلاتلار
ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئايرودۇرۇمدا ئۆ-
زىنى ئالغىلى چىققان ماشىنىغا مېنى سېلىۋال-
غانلىقى، شوپۇرىغا مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قو-
يۇشنى تاپىلىغانلىقى يادىمدا. مەن شۇندىلا
ئۇنىڭ رەھبەرىي كادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن،
ئەمما ئىسمىنى، نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى سورى-
مىغانىدىم.

شۇ چاغدا ئاتامدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم. مانا
شۇ ئىشلارغىمۇ ئاز كەم ئۈچ يىل بولدى.
يىغلاپ - قاقشاپ ئاتىسىز ياشاشقىمۇ كۆندۈم.
ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇرتقا قايتتىم، ئاسپى-
رانتلىقتا ئوقۇشتىنمۇ ۋاز كەچتىم. چۈنكى ئانام
يالغۇز ئىدى. بولۇپمۇ دادامدىن ئايرىلىپ قالغان-

دىن بىرى ئۈكىسەلچان بولۇپ قالدى. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆككۇم يېزىلىق شىپاخانىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇنداق قىلىپ كادىر بولدۇم. گەرچە ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، كېچىلىك ئىسمېنا ئىشلەپ دائىم ئانام بىلەن بىللە بولالمىسامۇ، ھەر ھالدا تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتكە ئېرىشكىنىمدىن رازى ئىدىم. ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىز سەلىمە تولىمۇ ئوڭلۇق چىقتى. مەن كەسپتە ھەقىقىي ئورۇنغا ئېرىشىش ئىستىكىدە بېشىمچىلاپ خىزمەتكە كىرىشتىم. ئەمما قەلبىمگە تۇنجى بولۇپ بۆسۈپ كىرگەن ساۋاقدىشىم مۇرات بىلەن تەدرىجىي ھالدا مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ياخشى بولغاچقا ئۇلاپلا ئاسپىرانتلىققا ئوقۇدى. دەسلەپتە ئالاقىمىز ياخشى بولدى. بىراق «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك ئالاقىمىز تەبىئىيلا سۇسلاپ كەتتى. ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى. دىلىم ئازار يېدى. بىز گەرچە ئىلگىرى ئوچۇق - ئاشكارا ۋەدىلەشمىگەن بولساقمۇ، ھەر ھالدا كۆڭلىمىزدە سان بار دەپ ئويلايتتىم، مانا ئەمدى تۇرمۇش ئىشىمدىن بىراقلا رايىم قايتتى. بىر مەزگىل بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، خىزمىتىمدە نەتىجە يارىتىپ، ۋاقىتسىز ئايرىلغان جاپاكەش دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلىش قارارىغا كەلدىم، ئەمەلىيەتتە باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى. ئەپسۇس ! كاللامدىن ئۆتمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقتۇم. شىپاخانىغا داۋالانغىلى كېلىدىغانلار ساپلا دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ئىدىكى، بىزنىڭ نېمە دورا ئىشلەتكىنىمىزنى سوراپمۇ قويماي بارىكاللا ئېيتىپ، دۇئا قىلىشىپ كېتىشەتتى. مەن تاسادىپىيلا شىپاخانىغا كىرگۈزۈلگەن دورا- ئوكۇللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۈپەتسىز، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ھالال پۇل خەجلەپمۇ تۇزۇكرەك شىپا تاپالمايۋاتقان شۇ كىشىلەرگە ئىچىم ئاغرىيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. ئاجايىپ بىر بىقۇۋۇللۇق تۇيغۇسى جېنىمنى قىينايتتى.

شۇ كۈنلەردە مەن ئۇنى تونۇپ قالدىم. ناھىيەمىزگە يېڭىدىن كەلگەن ئادىل ئىسىملىك مۇئاۋىن ھاكىمنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ دەل ئايروپىلاندىكى ھەمسەپىرىم، ھېلىقى ئاق كۆڭۈل رەھبەر ئىدى. كۆپ ئۆتمەي بىزنىڭ سەھىيە سىستېمىمىزغىمۇ ئۇنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ تۇغقىنى بۇ ناھىيەگە ھاكىم بولغاندەك شۇنداق خۇش بولدۇم. ئېھتىمال ئۇ ئىلگىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىللىقلىق ھېلىھەم قەلبىمدە ساقلانغان بولسا كېرەك. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن سىماسى خاتىرەمدە تولىمۇ ئېنىق، تولىمۇ يارقىن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئاق كۆڭلەك بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا پەيدا بولاتتى. ئاجايىپ ئاددىي-ساددا، ئاۋامغا يېقىن تۇيغۇ بېرەتتى.

«بالا- قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك مېنى تاسادىپىي نەس باستى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر بىمارغا ئوكۇل رېئاكسىيە قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبلىك خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، دەپ قارىلىپ چارە كۆرۈلدۈم. ئازابلىرىمغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. كەسپىمدە بۇنچە تېزلا مىخقا ئۇسۇۋېلىشىم ماڭا ئالەمچە زەربە بولدى. ئۆزۈم يازغان كېسەللىك تارىخى ۋە رېتسېپنى قايتا- قايتا كۆرۈپمۇ ھېچقانداق گۇمانلىق تەرەپنى تاپالمىدىم. ھەر قانداق ئادەمگە سىناق قىلىنمايلا ئۇرۇلىدىغان بۇ ئوكۇل نېمىشقا ئۇ بوۋايغا رېئاكسىيە قىلىدۇ؟ شۇ كۈنى ئىشلەتكەن دورا- ئوكۇللارنى قايتا- قايتا تەكشۈرۈپ سەۋەبنى تاپتىم. ئوكۇل سۈپەتسىز ئىدى. بۇ قېتىمقى داۋالاش ھادىسىسى بىۋاستە ھالدا دورا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس دوكلات يېزىپ، ذوختۇرخانا باشلىقىنى ئىزلىدىم. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئوبدانلا دەككەمنى يېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ كىم ئوكۇلدا مەسـ

لـه بار دەيدۇ؟ سىزگە دېسەم بۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش، تەسەۋۋۇرىڭىزغا تايىنىپلا خالىغانچە مۇنداق دېسىڭىز ھۆددىسىدىن چىقالمايسىز. ئۆتتى — كەتتى، سىزگە ئۇنچىۋالا ئېغىر چارە كۆرمىدۇق. بولدى قىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىشلەڭ. سىزگە يەنە پۇرسەت بار!

— بىراق، ۋىجدان سورىقىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— داۋالاش ھادىسىسى دېگەن نورمال ئىش، خۇددى قاتناش ھادىسىسىگە ئوخشاش.

— بىراق، بۇ ئېنىقلا مەندىكى سەۋەنلىك ئەمەس.

— دورا-ئوكۇلنى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ، دورا نازارەت قىلىش ئورنىنىڭ نەچچە تۈرلۈك تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن ئاندىن كىرگۈزىمىز، ئىشەنچلىك دورا زاۋۇتلىرى بىۋاستە تەمىنلەيدۇ. مۇنداق دېسىڭىز تۆھمەت قىلغان بولىسىز.

— ئەجەبا، ئۇلاردىن گۇمانلىنىشقا بولامدۇ؟ ئۇلار بۇ ئىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

— بولدى قىلىڭ دېدىمغۇ سىزگە! مۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئۆز پۇتىڭىزغا ئۆزىڭىز پالتا چاپىسىز.

— مەيلى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.

راست دېگەندەك نەچچە ئايدىلا بېشىمغا كەلگەننى كۆردۈم، بارلىق پاكىتلار بىراقلا يوقاپ، مەن ئېغىرلىتىپ چارە كۆرۈلۈپ، تاغلىق يېزىغا يۆتكىۋېتىلدىم. بۇ ماڭا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى، مەن ئاغزىدىن بالاغا قېلىشنىڭ، كۆزىنى يۇمۇشقا تېگىشلىك تەرەپلەرگە چېكىتتەك قاراپ تۇرۇۋېلىشنىڭ جازاسىنى تېتىۋاتاتتىم. مەن شۇندىلا بەزىبىر ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتتىم. كېسەلچان ئانامنى خەقنىڭ قىزىغا تاشلاپ قويۇپ، ئىككى ھەپتىدە بىر ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيدىغان يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا كەلدىم. ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنىدىكەن. قايتىدىن قەددىمنى رۇسلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشكە بەل باغلىدىم. بۇ يەردىمۇ كېسەل داۋالىغىلى، كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەت بىلەن ئۈچرىشىپ ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىغىلى بولاتتى. ياتاق مۇقىم بولغاچقا ئىشتىن سىرت ۋاقىتلىرىمنى كەسپىي ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەلەيتتىم. تۇرمۇشۇم ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈۋېدى، ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ رېماتىزم كېسىلى يۈرىكىگە تەسىر قىلغانىدى. ئانامنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزدۇم. ئانامغا قاراپ كېلىۋاتقان سەلىمەنىڭ دادىسىمۇ تەڭ دېگۈدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، بىر مەزگىل باشقا ئادەم ياللاشقا توغرا كەلدى، شۇ كۈنلەردە كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە ئايالنى ئانامغا قاراشقا ياللىدىم. بىراق ئانام بارغانچە ئاجىزلىشىپ تەرتىپكە قاچا تۇتىدىغان يەرگە يەتكەنسېرى ئۇلارنى تۇرغۇزۇشۇم تەسكە توختىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئانام ماڭا تولىمۇ موھتاج ئىدى. دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگىلى كەلگىنىمدە ئۇنىڭ كېسەل كارىۋىتىدىكى دەرمانسىز ھالىغا قاراپ يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۇ «مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىڭ!» دەپ يالۋۇرغاندا، تەڭلىكتە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم. ئۆزۈمنىڭ كارغا كەلمەس بالا بولۇپ قالغىنىمدىن ئۆكۈنەتتىم. ئەمدى مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايتتى، قىيىنچىلىق مېنى ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

قەلبىمدە بىر زامانلاردا ئاجايىپ ئىللىقلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ساخاۋەت ئىگىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مەن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ قايتىپ كەلدىم. كاللامدا كەسكىن كۈرەش، چۈنكى مەن ئەزەلدىن باشقىلاردىن ياردەم سوراپ باقمىغان. ئۇ نېمە دەپ قالار؟ بارايمۇ - بارمايمۇ؟ دەپ يۈرۈپ مىڭ بالادا ئىشخانىسىنى ئىزلەپ تاپقىنىمدا، ئۇ يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ شەھەردە يوق بولۇپ چىقتى.

بىر ئايدىن كېيىن رۇخسەت سوراپ يەنە كەلدىم. ئەتىگەندىلا كەلگەن بولساممۇ، كاتىپ ئىشخانىسىدا نۆۋەت كۈتۈپ چۈش بولدى. ئاجا-

يېپ سۈرلۈك بىلىنىدىغان، يۆتىلىش تۇگۇل چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان بۇ يەردە، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشىنى تىڭشاپ قوللىرىم مۇز-مۇز بولۇپ ئولتۇرغىنىمدا كاتىپ ماڭا تەسەللى ئارىلاش ئېيتتى:

— كېلىشىپ قويغان بولسىڭىز بولاركەن، هاكىم ئەمدى ئىشتىن چۈشىدۇ.

— ئەمىسە چۈشتىن كېيىن كېلەيمۇ؟

— چۈشتىن كېيىن يىغىنغا بارىدۇ. ئېهتىمال بىر-ئىككى كۈن ئىشخانىغا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن.

— مەن يىراقتىن كەلگەن، تېخى رۇخسەت سوراپ دەڭا! ئەمدى كېلەلمەيمەن. بىر ياردەم قىلىسىڭىز، — كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى.

— بولسىغۇ ياردەم قىلسام بولاتتى، باشلىق دېگەنگە توختاپ تۇرۇڭ دېگىلى بولامدۇ؟

— مەيلى ئەمىسە، — ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ئىشخانىدىن چىقىۋاتقىنىمدا، ياندىكى ئىشىكتىن تەسەۋۋۇرۇمدىكى ساخاۋەتچىم چىقىپ كەلدى. مەن خاتىرەمدىكى ئۇنى هازىرقى هالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۈلگۈردۈم. ناهايىتى ئۈچ يىل ئۆتتى، ئۇ سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ ئېگىز بويى، قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن كۆزۈمگە يەنىلا ئىسسىق كۆرۈندى. ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك ئىدى.

ئۇ ئالدىراش هالدا كاتىپتىن سورىدى:

— شوپۇر پەستىمۇ؟

— هەئە، سىلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— مەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرمىگەن يولداشلارنىڭ ئەهۋالىنى سوراپ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇڭ، قايتىپ كېلىپ كۆرىمەن.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەمنى كۆرمەسكە سېلىشى جېنىمغا تەگدى. كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئېسەدەشلىرىم ئۇنىڭ قەدەملىرىنى توختاتتى. ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ، تۇرۇپلا قالدى. چېهرىدە بىر دەمدىلا كۈلكە پارلىدى.

— ۋۈي، يىغلاڭغۇ، يەنە سىزغۇ بۇ؟ كۆزۈمگە ئەرۋاھ بولۇپ كۆرۈندىڭىزمۇ نېمە؟ قاراڭ ماۋۇ ئىشنى، بالدۇرراق يىغلىنىسىڭىز بولماسمىدى، شۇ يىغىڭىزدىنلا تونۇۋالاتتىم. قېنى ئىشخانىغا كىرەيلى.

— هە، قېنى ئولتۇرۇڭ.

كاتىپ ئىززىتىمنى قىلىپ بىر دەمدىلا چاي ئەكىردى.

— قانداق، ئەهۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ نەدە خىزمەت قىلىۋاتىسىز؟

ئاغزىمغا ماتاڭ چاپلىشىپ قالغاندەك، كاللامدا تەييارلىۋالغان گەپلەر بىر دەمدىلا غايىب بولدى. تىللىرىم كالۋالىشىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدىم.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ. مەن تېخى سىزنى ئوقۇشىنى تاماملاپ بولۇپ يەنە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسىز؟

— سىز بىلەن ئايروپىلاندا كەلگەن شۇ كۈنى دادامدىن ئايرىلىپ قالغان، مانا ئەمدى ئانامنىڭ ئەهۋالىمۇ ئىنتايىن ناچار. مەن ئىنتايىن يامان ئەهۋالدا قالدىم. دەرىجە ئاتلاپ سىزنى ئىزدىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىراق، ناهەق هالدا تاغقا چىقىپ ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر يىل بولدى. ئانامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. زادى بولمىسا خىزمەتنى تاشلايمەن دەۋاتىمەن. سىزنى ئىزدەپ كېلىشىنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلمەيسىز، — پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. گەپلىرىم قولاشقىلى ئۇنىماي كەلگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

— سىز ناهەقچىلىك دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟

— بولدى سورىماڭ. مەن پەقەت ئۆز هالىمنى ئېيتقىلى كەلگەن.

— سىزنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا ماڭا ئىشىنىدىغىنىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. مەن ماڭا راست گەپ قىلىدىغانلارغا موهتاج.

ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىلەرنى

بىلىۋالدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئىختىيارسىز يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ بايىقى ئالدىراش ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خاتىرىسىنى ئېلىپ ئېيتقانلىرىمنى يېزىۋالدى.

— بولدى، مەن سىزنى ئىزلەپ كەلمىگەن بولاي! نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟

— ئۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەن دەپ قالىمەن.

— ئىشقىلىپ توغرا قىلمىدىم.

— نەزىرىڭىزدە باشقىلار ئۈچۈن ھەق سۆزلەش گۇناھمۇ؟

— ...

— ماقۇل ئەمىسە، تېلېفون نومۇرىڭىزنى كاتىپقا قالدۇرۇپ قويۇڭ. خەۋىرىمنى كۈتۈڭ.

نېمىشقىمۇ ئىزلەپ كەلگەن بولغىيتتىم. مەن قانداقسىگە يىلاندەك چاققاق بولۇپ قالدىم. دەككە - دۈككە ئىچىدە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كاتىپى تېلېفون قىلىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. يەنە ئالەمچە غەمنى يۈدۈپ مەيۈس ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ ئانىڭىزنىڭ سالامەتلىكىچۇ؟

— ياخشى، — يەردىن ئۈستۈن قارىماي جاۋاب بەردىم.

— خىزمەتلەر ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، سىزگە ۋاقتىدا ئۇچۇر قىلالمىدىم. ئەتىدىن باشلاپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئىشقا چۈشۈڭ. ئۇ يەردە تەجرىبىلىك، سەۋىيەلىك دوختۇرلار كۆپ. تىرىشسىڭىزلا خىزمەت ئەمەلىيىتىڭىزدىلا بىلىم ئاشۇرالايسىز. ئۇ چاغدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش پۇرسىتىمۇ كەپ قېلىشى مۇمكىن.

— ...

ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىمنى توسۇپ قالالمىدىم، تەقدىرىمنى مۇنچە تېز ئۆزگەرتىۋەتكەن بۇ ئىنسانغا تەشەككۈرۈمنى ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئاجىز ئىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم يۈز كۆرۈشۈپتىمەن، ھەر قېتىم ياش تۆكۈپلا ئۆتتۇم. ئېھتىمال، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىمۇ مېنىڭ ياش تۆكۈشلىرىملا بولسا كېرەك. ئۇ يەنە ماڭا يۇمشاق قەغەز سۇندى.

— بولدى يىغلىماڭ، يەنە مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىشلىرىڭىز بارمۇ؟

بېشىمنى چايقىدىم.

— بىرەر مەزگىل ئانىڭىزغا قارامسىزيا؟

مەن يەنىلا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بېشىمنى چايقىدىم.

— سىزگە ئەتە خەۋەر قىلىدۇ، ياخشى ئىشلەڭ. خىزمەتتە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، تېلېفون قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. تېلېفونۇمنى كاتىپتىن سورىۋېلىڭ.

مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، رەھمەتمۇ دېيەلمەي قايتىپ چىقتىم. ھازىرقى كۈنلەردە پول ماڭماي، پۇل خەجلىمەي مۇنداق ياخشى ئىشقا يولۇقۇش راستلا مۆجىزە ئىدى. ئانامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىنىمدە ئۇمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. قەلبىم چەكسىز ئۈمىدكە تولدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە كۆزۈمگە شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سەھىيە ئىدارىسى، بىر نەچچە يېزىلىق شىپاخانىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە چارە كۆرۈلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە بۇ دورا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىدى.

يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا ئىشقا چۈشتۇم، ئانام مۇشۇ دوختۇرخانىدا ياتتى، ئەمدى مەن خىزمەت قىلغاچمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتىم. ئانامنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. تۇجۇپىلەپ ئوزۇقلاندۇرۇشۇم نەتىجىسىدە ھەر ھالدا ماغدۇرىغا كېلىپ ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولدى. قولۇم بوشاپ قالغان بىر كۈنى خۇشال ھالدا ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللاپ قويدۇم.

«بۇ مەن، ھېلىقى يىغلاڭغۇ قىز. مەن ئىنتايىن نامرات، كۆز يېشىم بىلەن قارىدەك ئاق كۆڭ-

لۇملا بار، ئەمما قەلبىمدە بىر ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ ئىسمى بار: ماڭا يەتكۈزگەن ھىممىتىڭىزگە كۆپتىن- كۆپ رەھمەت.»

«يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزغا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟»

«ھەئە، رەھمەت سىزگە.»

كۈنلەر ئۆتمەكتە. مەن بۇ يەردە ھەقىقىي تېببىي ئەخلاقنى، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى كۆردۈم. قايسى كۈنى ھادىسىگە ئۇچراپ قانسىراپ كەتكەن بالىغا قان سۇيۇقلۇقى يېتەكەپ كېلىشكە ئۇلگۈرمىگەندە بىر ئايال دوختۇر ئىككىلەنمەيلا قان بەردى. باشقىلارنىڭ قان تىپى ماس كەلسە ئۇلارنىڭمۇ قاراپ تۇرمايدىغانلىقى ئېنىق! ئىگە- چاقىسىز بوۋايغا، كۆيۈپ قالغان بالىسىغا قاراپ تەڭلىك تارتىپ قالغان تۇل چوكانغا پۇل يىغىش قىلىپ ياردەم قىلدۇق. مۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. ئەمما ئاشۇ گۈزەللىكلەر ئىچىدە يەنە بەزى ناچار ئىشلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. بۇ يەردىمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەتتى يەنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك تەڭ مەۋجۇت ئىدى. بەزىدە خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۇسۇر- كۇسۇرلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

— بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تېخىمۇ رەڭ تۈزەپ كەتتىغۇ بۇ قىز؟

— بىكارغا بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلمەيدۇ، چىرايىغا تايىنىپ كەلمىسە تۇل ئانىسى نېمە قىلالايتتى؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ، خېلى ئىقتىدارى باردەك قىلىدۇ، تىرىشچانكەن.

— ياسالما! ئىقتىدارى بولغاندىمۇ ئۇنداق بالىلار كۆپ تۇرسا، يالغۇز ئۇنىلا بايقامدىكەن. قايسىبىر باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ ئاڭلىدىم.

— ۋاي بوپتىلا، نېمە كارىمىز. ئىشقىلىپ بىزنىڭ قاچىمىزنى تارتىۋالمىغاندىكىن.

— ئىشقىلىپ ئۇنداق قىزلاردىن ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك! بىزنىڭمۇ قىزلىرىمىز بار. تۇۋا دەيلى، — مۇشۇ خىلدىكى پاراڭلار ئارامىمنى قويمىدى. ئەسلىدىغۇ خۇدۇكسىرىگۈدەك ئىش يوق. قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بولمىغاچقا تاۋۇز يېيىشتىن قورقۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بىراق ئۇ كىشىگە قارا چاپلىنىپ قالسا، «ياخشىلىقتا يامانلىق» بولسا بولمايتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ھەر قانداق سۆز - چۆچەككە قېلىشىنى خالىمايتتىم. شۇڭا پۈتۈن زېھنىم بىلەن خىزمەت قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ياخشى قىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما مەندەك تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق سەھرا قىزىغا بۇلارنى يېڭىپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان كۈنلەردە ھېيت يېتىپ كەلدى. ھارپا كۈنى ئىشخانىدا كېسەللىك تارىخىنى يېزىپ ئولتۇرۇپ سېستىرالارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— تاشقى كېسەللىك بۆلۈمىدىكىلەر يۈز كويدىن يىغىش قىلىپ بېرىپتۇ، بىز 50 كويدىن يىغقاندىكىن باش سېستىرالار باشلىقى خاپا بولۇپ قالغان گەپ.

— بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز بار باقىدىغان، ئۇ خوتۇننىڭ نەپسى بارغانچە يوغىناپ كەتتى. بۆلۈمدىن بۆلۈمگە يۆتكىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئۆيىگە داستىخان ئېلىپ بارىمىز، ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان بۆلۈمدىن يۆتكىۋېتەمدىكىن، دەپ، قورقۇپمۇ ئارقا ئىشىك قىلىمىز. ئەمدى قوپۇپ ھەر ھېيتتا ھېيتلىق بېرىپ كۆندۈرۈپ قويدۇق. نەدە مۇنداق ئىش بار؟

— سېستىرالار باشلىقى ياخشىچاق بولۇپ تۇرمىسا بولامدۇ؟ بىزنىڭ پۇلىمىزدا ئۇلار ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇڭا ھارام يەپ شۇنداق سەمرىپ كەتتى، قاراڭلار ئەپتىگە! ھېلىمۇ ئېرى بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن.

— كېلەر قېتىم بىزمۇ جىقراق يىغىش قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالارمىز.

— شۇغىنىسى، بىزنىڭ باشلىقنىڭ كۆڭلى تەس بولىدىغان بولدى-دە.

گېپى بولۇنۇۋاتقان ئۇ ئايال پۈتۈن سېستىرالارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى. دەسلەپىدە ماڭا شۇنداق ياخشى تەسىر بەرگەنىدى، «قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ماڭا دەڭ ئۇكام»، دەپ كەتكەن. بىراق ئەمدى باشقىچە! بىر نەچچە قېتىم باھالاش كەلگەندە، ئۇلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىياپەتكە بېرىشىمنى تاپىلىغاندا مەن بارمىدىم، ئانامنى يالغۇز قويماسلىقنىمۇ ئويلىدىم. يەنە ھېلىقى ساخاۋەتچىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقتۇم. ئۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر مەندىن ئەھۋال سوراپ سالسا، باشقىلارغا بوپ بېرەمدىكىن، دەپ قورقتۇم. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايال ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا سوۋغا بېرىپ باقمىدىم. قارىغاندا ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەستەك قىلاتتى. مەن قاچان ناھەق ئىشلارنى كۆرسەم دەرھاللا شاپائەتچىم ئېسىمگە كېلەتتى. نەزىرىمدە ئۇ بارلىق ناھەقچىلىكلەرنى تۈگىتەلەيدىغان ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى، ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇ كىشىنىڭ ئايىمىنى تەبرىكلەپ قويغۇم كەلدى.

«ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.»

كۆرسە - كۆرمىسە ئۇنىڭغا بولغان تەشەككۈرۈمنى، ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇچۇر يوللاپ قويدۇم. ھايالشىمايلا تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى:

«سىزنىڭمۇ ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئانىڭىزغا ياخشى قاراڭ! خىزمەتتە نەتىجە يارىتالىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.»

قەلبىم لىپپىدە ئىللىغاندەك بولدى. مەندەك يېتىم قىزغا تەسەللى ھەم ئىلھام بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشى خۇددى قېرىندىشىمدەك تۇيۇلدى.

سېستىرالار باشلىقى مېنى ئىزدەپ كەلگەندە ھەيران قالدىم، ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ئالاھىدە ياخشى ئىدى.

— قاراڭ، ئانىڭىزنى بىر كۆرۈپ كېلەرمەن دېسەم ھېچ پۇرسەت چىقىرالمىدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا خىزمەتداشلارنى باشلاپ ئىززىتىڭىزنى قىلىپ بارىمەن، ئۆزىڭىز يا ئەرگە تېگەي دېمىدىڭىز، قولداش بولۇپ خىزمىتىڭىزنى ئۆزۈملا قىلاتتىم...

— شۇنداق كۆڭلەر كەلسە، توي باغىقىنى سىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە! سىزدەك ئۇز قىزنى قايسى شاپ بۇرۇت ئەبلەخ ئالاركىن؟ ھېھ-ھېھ...

ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىدىن بىزار بولغان بولساممۇ يالغان كۈلۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— مۇنداق ئىشتى خېنىم، قولۇمدا بىر يۈرۈش دورىلار بار ئىدى. رېتسېپ يازغاندا مۇشۇ دورا - ئوكۇللارنى «دوختۇرخانىدا يوق، باش سېستىرالار باشلىقىدا بار» دەپ بىمارنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسىڭىز، — ئۇ شۇنداق دېگەچ بىر نەچچە خىل دورا تىزىملىكىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قارىسام ساپلا ئالاھىدە قىممەت دورىلار ئىكەن. مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ نېنىنى بەكرەك يېگەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇنداق قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتىم.

ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمغا پەيدا بولغان پېشقەدەم دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىزگە شەخسىي ساتىدىغان دورا رېتسېپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئۈندىمەي كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

— كومپيۇتېردىن يوللىغان دورىلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، يازمىسىڭىز تېخى بولمايدۇ. يازاي دېسىڭىز سۆپىتىگە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. تازىمۇ بىر... — ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى. بىر نېمە دېمىگىنىم بىلەن كۆڭلۈمدە سان بار ئىدى. ئەگەر ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەم قانداقمۇ شاپا-

ئەتچىمگە يۈز كېلەلەيمەن؟

دېگەندەك بۈيرۈتمىسى بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن باش سېستىرالار باشلىقى ماڭا تەتۈر قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغانلا ئادەمگە ياخشى كۈن يوقكەن. مەن تۇيۇقسىزلا بىر يىللىق ياردەمگە يېزىغا بارىدىغان بولۇپ بېكىتىلگىنىمنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنىڭدا باش سېستىرالار باشلىقىنىڭ قولى بارلىقىنى بىلگىنىمدە ھەيران قالدىم. سېستىرالار باشلىقى تۇرۇپ دوختۇرلارنىڭ ئىشىغۇ ئارىلىشالايدىغان بۇ ئايال دىققىتىمنى تارتتى. كېلىپ بىر يىل بولا - بولماي يەنە يېزىغا قايتۇرۇلسام يەنە كېلىپ دائىم ئەر دوختۇرلار بارىدىغان ئىشنىڭ قانداقسىگە ماڭا كېلىپ قالغىنىغا ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرالمايتتىم.

مەن خۇددى دادامنى ئەسكە ئالغاندەك تەبىئىيلا شاپائەتچىمنى ئەسكە ئالدىم.

«سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىش بار ئىدى، قاچاندا سىزنى تاپالايمەن؟»

ئۇنىڭدىن ئۈچۈر قايتمىدى. بەك ئالدىراش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، يەنە بىر يەرلىرىمدە قېيىداپمۇ ئۆلگۈردۈم. بوپتۇلا، قاراپ باقمايمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم، ئاپامغا قارايدىغانغا ئىشەنچلىك بىرسىنى تاپماقچى بولۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر ئايلىنىپ يەنە شۇ سەلمەنى تاپتىم، دادىسىنى ئۆيلەپ قويۇپ غەمدىن خالاس بولغان سەلمە ماقۇل بولدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شاپائەتچىمنىڭ يوللىغان ئۈچۈرىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

«مەن چۈشتىن كېيىن ئىشخانامدا بولىمەن، ئىمكاس قىلىدىغان ئىش بولسا سەل كېيىنرەك كېلىڭ.»

بارىدىغىنىم ئېنىق، بىراق ئۇنىڭ سەل كېيىنرەك كېلەرسىز، دېگەن گېپى نېرۋامغا تەگدى..

ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگىنىمدە كاتىپمۇ، شوپۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ھېلىلا تازىلانغاندەك قىلاتتى. ھاۋا ساپلاشتۇرغۇچنىڭ خۇش پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى، كۆنۈپمۇ قالدىم.

— باشقىلاردىن سورىسام سىزنى بەك ياۋاش دەيدۇ.

— شۇ، تەسرەك كۆندۇم.

— نېمىشقا؟ قايسى تەرىپى سىزگە ياقمىدى؟ قانداق مەسىلىلەر بار ئىكەن؟

— ياقمىدى ئەمەس، شۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەندەك دېھقان بالىسىنىڭ مۇنداق دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە شەرتىم تازا توشمايدىغاندەك، — بىلىپ بىلمەي ئازراق ئەركىلەش تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ تاشلىدىم.

— ھېچقىسى يوق، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىزنى ئۇلاردىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق دەپ ئويلاڭ.

— ئىشقىلىپ شاپائەتچىمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلاي دەپ ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىۋاتىمەن. ھامان بىر كۈنى ھەممەيلەن مېنىڭ ئىقتىدارىمغا قايىل بولغۇدەك سەۋىيەگە يېتىمەن، دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق ئويلىغىنىڭىزغا رەھمەت. خوش، بۈگۈن مېنى قانداق ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭىز؟

— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، نەگىلا بارسام ئىش تېپىپلا يۈرىمەن.

— قېنى، گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، سىزدىن جىقراق ئەھۋاللارنى ئىگىلىسەم دەيمەن.

— ئەمەلىيەتتە بۇ شەخسىي ئىش. مەن يەنە يېزىغا ياردەمگە بارغۇدەكمەن. يات ئارىدا ئىلان قىلىدىكەن. مەن يېزىدا چوڭ بولغان، جاپادىن قورقۇپ قالمايمەن. بىراق مېنىڭ مۇشۇ غەلىتە مىجەزىم ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپلا يۈرىدۇ. بەزى ئىشلارنى كۆرمەي دېسەممۇ كۆرۈپ قالىمەن. ئۇقماسقا سالاي، چاندۇرماي دېسەم چىرايىمدىن ھەممە بىلىنىپ قالىدۇ، ماڭا راستىلا تەس بولدى.

— قايسى ئىشلار سىزنى مۇنچە بىئارام

قىلدى؟

مەن باش سېسترالار باشلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئېيتتىم.

— بۇ توغرىدىكى ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان، مۇشۇ تۈردىكى بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا يۇقىرىدىن قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىدىم. ئەمما بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىمەن. بۇ ۋاقىت مەسىلىسى خالاس ! سىزنىڭ ئىشىڭىزغا كەلسەك خاتىرجەم بولۇڭ.

— سىزگە داۋاملىق ئاۋارىچىلىك تېپىپلا بېرىۋاتىمەن. تولىمۇ خىجىلمەن.

— سىز نېمىشقا ئۇستەلگە قاراپ سۆزلەيسىز؟ مەنمۇ سىزگە قارىماي تامغا قاراپ سۆزلەيمۇ؟

مەن تۆكۈلۈشكە تەييار بولغان ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈۋەتتىم.

— سىز بەك سۈرلۈك، قورقىمەن.

— نېمە؟ مەن شۇنداق تەسىر بېرەمدىمەن؟

— سىز بەك بولسا قىرىقتا كىرگەنسىز، بىراق سىز ماڭا ئازدېگەندىمۇ 60 ياشقا كىرگەندەك تۇيغۇ بېرىسىز.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— باشقىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇشۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. كەچ بوپ كېتىپتۇ، مەن قايتاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — ئۇ مېنى ئۇزاتماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈم ئېچىپ چىقىپ كەتتىم.

نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى يېزىلارغا ياردەمگە بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنىنى ئاڭلىدىم. چۈنكى ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سەييارە داۋالاش ئۆمىكى ھەرقايسى يېزىلاردا داۋالاش ئېلىپ بارىدىكەن. بۇنىڭمۇ تاسادىپىي ئۇدۇل كەلگەن ياكى باشقا سەۋەب بارلىقىنى بىلمىدىم. لېكىن قەلبىمدە شاپائەتچىمگە قارىتا ئالەمچە تەشەككۈر بار ئىدى.

قىش كېتىپ باھار كەلدى. چوكانتاللار بىخ چىقىرىپ، ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ يېڭى باھار ئىللىق قوينىنى ئاچتى. ئانام ھەر نېمە بولسا قىشتىن ئامان- ئېسەن چىقتى. ھەر قېتىم تاسادىپىيلا بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگىنىمدە ئۇ ئېسىمگە كېلەتتى. ئۇ يەر بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالسام قۇلىقىم دىڭ!

— توۋا! مۇشۇ باشلىقلارنىڭ ئىچىدە ئادىل ھاكىم ئاجايىپ گېپلى پاكىز ئادەم جۇمۇ.

— راست، ھەممە جەھەتتىن بەك پاكىزمىش، قىز- ئاياللارغا ھەرگىز كۆز سالماسمىش.

— ئەمەلىيەتتە بىرلا قاراشقىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل ئادەملىكى چىقىپلا تۇرىدۇ.

— ...

دوختۇرخانىمىزنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش مۇراسىمىغا ئۇ بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار بىلەن بىللە كېلىپ قاتناشتى. ئۇ يەنىلا شۇنداق سۈرلۈك، ئىپادىسىز ھالەتتە تۇراتتى. شەيتىنىم تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«سەل كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىڭ».

مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. دوختۇرخانا باشلىقى سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۇ تېلېفونىغا قاراپ ئۈلگۈردى. راست دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىمغا، بەڭباشلىقىمغا كۈلگەندۇر.

باش سېسترالار باشلىقى قەدەمدە بىر مېنى ئەدەپلەپ ئۈلگۈرىدۇ، ئەگەر ھاياتىمدا بۇ ئايال بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام، بەلكىم تىنچ ياشاپ كېتىۋەرگەن بولاتتىم. بىراق ئۇ خۇددى سايەمدەكلا يۈرىدۇ. ھەدېسىلا ئادەم كۆپ يەرلەردە ماڭا كۆيۈنگەن بولۇۋېلىپ زىتىمغا تېگىدۇ.

— خۇدايىم چىرايىنى بەرگەن بىلەن بەختىنى بەرمىسە بىكار، توۋا! بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپ ياشلىقى بىكارلا ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ دېسە! ئايال كىشى دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە! ئايال

كىشى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇشى كېرەك ئىدى.

— راست! سۆيۈرگىدەك بولسىمۇ بىر ئېرىڭنىڭ بولغىنى ئەۋزەل، تاللاپ- تاللاپ تازغا ئۇچرىماڭ يەنە.

— ئەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەن گەپ. شاپ بۇرۇت ئوغرىدىن بىرسى ئەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولسا، ئاندىن مەن تېگەي دەپ كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى.

ئاشۇ ئايالنىڭ زەھەرخەندە گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەرسىگە كۆڭۈل بېرەيمۇ دەيمەن، بىراق ھېچكىم دىتىمغا ياقمايدۇ. خۇددى بارلىق ئەرلەر شاپائەتچىمنىڭ سىياقىدا بولۇشى كېرەكتەك، خۇي- پەيلى چوقۇم ئۇنىڭغا ئوخشىشى كېرەكتەك. بۇنىڭ قانداق ھېسسىيات، قانداق ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

مەن قەلبىمدىكى غېرىبلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ۋاقتىمنى ماتېرىيال كۆرگەچ، ئانام بىلەن ئۆتكۈزەتتىم، بارا- بارا مەندىمۇ كىلىنىكىلىق داۋالاش جەريانىدا يولۇققان بەزىبىر مەسىلىلەرنى، بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچەمنى يېزىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. يازغانلىرىمدىن نەچچە پارچىسىنى ئىلمىي ژۇرنالغا ئەۋەتتىم. كىم بىلسۇن، نەچچە ئايدىن كېيىن ئىككى پارچە ماقالەم راستلا ژۇرنالغا بېسىلدى. خىزمەتداشلىرىم مېنى تەبرىكلەشتى. قانچىلىك خۇش بولغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە بىر پارچە ماقالە يازدىم، بۇ قېتىمقى تېمام تەسرەك بولغاچقا پېشقەدەم دوختۇرلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدىم. ھەر ھالدا ئىككى ئاي ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ئاخىر ماقالەمنى پۈتكۈزۈپ ئەۋەتتىم.

كۈز يېتىپ كەلدى. گەرچە ئالتۇن كۈز مەمۇرچىلىق، ئالتۇن رەڭ گۈزەللىكنى ئېلىپ كەلسىمۇ مېنى يەنە غەم باستى. چۈنكى ئانام يەنە ئۇزاق قىش بىلەن ئېلىشىدۇ. باھارغا ئۇلىشالامدۇ، يوق؟ بۇ ئۇنىڭ غەيرىتىگە، تەڭرىمنىڭ شاپائىتىگە باغلىق ئىدى.

بىر قايغۇغا بىر شادلىق ھەمراھ دەپ، ماقالەم ژۇرنالغا بېسىلىپلا قالماي، مەن تېخى يىللىق باھالاشتا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدىم. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يولغا چىقتىم. باش سېستىرالار باشلىقى يەنە شوخىسىنى سانجىپ ئۈلگۈردى:

— مانا قاراڭلار، تەخەي ئات تەخەيلىگەندەكلا ئىش بوپتۇ، «ئەسكى كىيىمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەندەك بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ماقالە چىقىرىپسىز مانا! بولسا يوللۇقنى جىقراق تۇتسام بولىتى. ئاز بولسىمۇ مۇنۇ 50 كويغا تاماق يېگەچ ماڭارسىز...

يىغىن بىر كۈندىلا تۈگىدى، ئەمدى قىلىدىغان ئىشىم مېنى خۇش، دەپ ئۈزىتىپ قويغان خىزمەتداشلىرىمغا، بولۇپمۇ باش سېستىرالار باشلىقىغا سوۋغا ئېلىۋالمىسام بولمايتتى. ئەلۋەتتە مەنمۇ ئاز تولا ماسلاشمىسام «ماسلىشالمىغانلار شاللىنىپ كېتىدۇ» پىرىنسىپىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتەتتىم. سودىلىقلىرىمنى تۈگىتىپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمەن. كەلمىگىنىمگە نەچچە يىل بولغان بۇ مەركىزىي شەھەر شۇنچە قايناق، ئاۋات بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئالەمچە غېرىب ھېس قىلدىم. ساۋاقداشلىرىمنى ئىزلىگۈممۇ كەلمىدى. ئۇلارنىڭ مۇرات توغرۇلۇق بىر نەرسىلەرنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ ! ئەمدى ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ ئاڭلىغۇم يوق، ھەم قىزىقمايمەن. بىراق ئىچىمدە ئاجايىپ بىر خىل غېرىبلىق يۈرىكىمنى سىماپتەك ئېرىتمەكتە ئىدى. شاپائەتچىمنى ئويلاپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«مۇكاپاتلانغان شۇ دەقىقىلەردە سىزنى ئويلىدىم. رەھمەت سىزگە!» ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى، كەيپىياتىم بۇزۇلۇپ يىغلاپ

تاشلىدىم. ئەتىسى يولغا چىقتىم. يول بويى ئېغىر خىياللار ئارامىمنى بۇزدى. مېنى تەبرىكلەپ قويسا نېمە بولاتتى؟ ئەجەبا مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى خۇشامەت دەپ چۈشىنىپ قالغانمىدۇ؟ خەپ! ئەمدى ھەرگىز ئۇنى ئىزلىمەيمەن. چۈمۈلىدەك كىچىك بولساممۇ تىرىشچانلىقىم بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ياردىمىسىزمۇ چوڭ-چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغىنىمنى بىلدۈرۈپ قويىمەن... ئۆزۈمگە قايتىدىن ئىشەنچ پەيدا بولدى.

تىرىشىسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوقكەن... خىزمەت ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ بەزىبىر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم، دوختۇرخانىدىكىلەرمۇ بارغانسېرى مېنى ھۆرمەتلەپ، ئارىغا ئېلىشقا باشلىدى.

«8-مارت» قەلبىم لەرزىگە كەلدى. ئۇ مېنىڭ بايرىمىمنى تەبرىكلەپ قىسقىلا ئۇچۇر يوللاپ قويغانىدى:

«بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! سىزگە شادلىق تىلەيمەن!»

قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن «ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىرەر بۇرجەكلىرىدە ئىسمىم بار ئوخشايدۇ. ھەر ھالدا مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ!» ئۇنىڭغا بولغان قىيىداشلىرىم نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دوختۇرخانا باشلىقى، يۇقىرىدىن كەلگەن پىروفېسسورلارنى كەچلىك تاماققا دەپ قويغانلىقىنى، مېنىڭمۇ بېرىپ ئۇلاردىن سوراشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سورىغاچ ئولتۇرۇپ كېتىشىمنى ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ تەتقىقاتىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق دەۋاتقان بولغاچقا مەنمۇ باشقىچە ئىككىلىنىشلەردە بولماي، ۋاقتىدا باردىم. دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارغا مېنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى. ئولتۇرغانلار ئىچىدە ھېچقانداق ئەمەل-مەنسىپى يوق ئادەمدىن پەقەت مەنلا بولساممۇ ئېرىشكەن ھۆرمەت قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردىم. ماڭا مۇجمەل بولغان بەزى مەسىلىلەر توغرۇلۇق ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدىم. بەزىبىر مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشتۇق. ئۆزۈمنى خۇددى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. تۇيۇقسىز ئولتۇرغانلار گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. توك تەپكەندەك تۇرۇپ كەتتىم. ئىشىكتىن شاپائەتچىم كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن سورۇندا ئۇچرىشىپ قالمىغاچ، خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىئارام بولدۇم. ئېھتىمال مېنىڭ بۇ يەردە بولۇشۇم ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويار... ئۇنىڭ كىرىشىگىلا كېتىپ قالسام تېخى قاملاشماس.

مەن ھەتتا ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇردۇم. «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» بولۇپ ئولتۇرسام ئۇ بىر-بىرلەپ قەدەھ تۇتۇپ ئايلىنىپ يېنىمغا كېلىپ قالدى. ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ھە تەتقىقاتچى، تەتقىقاتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن!

ئالدىمدىكى بىر پىيالە چاينى تەستە قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ رومكىسى پىيالەمگە سوقۇلغان بولدى. مەن يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالماي تېزلا ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ تاماقنى قانداق يەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن، شۇنداق كۆرگۈم بولسىمۇ، جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۆزۈمنىڭ چوكا تۇتۇشۇم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېنىمدىكى بۆلۈم مۇدىرى مېنىڭ ھېچنەرسە يېمەي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ تاماققا زورلىدى.

— سىز نېمانداق ھېچنېمە يېمەي ئولتۇرىسىز؟ ئانچە-مۇنچە ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ يەۋېرىشكە خىجىل بولدۇم.

— سىز يەۋېرىڭ مۇدىر، مەن كەچتە تاماق يەۋاپتىمەن، — قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلدى.

— قورقماڭ، سىز بۇ ئۆمرىڭىزدە سەمرىپ

قالدىغاندەك قىلمايسىز.

— راستلا تاماق يېگەن.

— ئەمىسە مېۋە بولسىمۇ يېگەچ ئولتۇرۇڭ، — ئۇ مېۋە تىزىلغان پەتنۇستىن يوغان بىر نەشپۈتنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئەمدى نېمە دەيمەن؟ ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ نەشپۈتنى يېيىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— يەڭ، يەنە نېمە بولدى؟

— قانداق يەيمەن؟ — ئويلىمايلا دەپ ساپتىمەن.

— بىرسى چايناپ يېگۈزۈپ قويسا بولامتى؟ ئەكىلىڭە مەن ياردەم قىلاي، — ئۇ چاقچىقىنىڭ كەپ بەرگىنىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ئۆيگە بېرىپ بالىڭىزغا يېگۈزۈڭ، — ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. ئوغرىلىقچە شاپائەتچىمگە قارىدىم. ئۇ بۇ تەرەپكە قارىمىغاندەك قىلاتتى، يېنىكى كىشى بىلەن قىزغىن پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ يېنىدىكى بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تەبىئىي ئىدى.

— مانا پىچاق!

كىچىككىنە يېڭىسار پىچىقى كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندى. مەن نەشپۈتنى سويۇپ پارچىلاپ يېنىمدىكى ئىككى ئايالغا تەڭلىدىم. نەشپۈت تېزلا يېيىلىپ بولۇندى. مەن قەغەز بىلەن پىچاقنى پاكىز سۈرتۈپ يېنىمدىكىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم. سورۇن قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملاشماقتا ئىدى. مەن ئۇلار تانىسىغا چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولۇۋېدىم، ئويلىمىغاندا ئۇ ئۇدۇللا كېلىپ مېنى تانىسىغا تارتتى.

مەن ئىمكان بار ئۆزۈمنى پەرۋاسىز، تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ ئېگىز بويى سول قولۇمنى مۇرىسىگە قويۇشۇمغا ئىمكان بەرمىدى. مەن ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى تۇتتۇۋالدىم. ئالىقانلىرىم ئۇنىڭ چىڭ، ساغلام بولجۇڭ گۆشلىرىنى بايقاپ ئۈلگۈردى.

— كىرسەم قاراپمۇ قويمايسىزغۇ؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئۆچ بوپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىزدىن خىجىل بولدۇم شۇ!

— قانداق ئەسكى ئىش قىلغان ئىدىڭىز؟

— ئىشقىلىپ سىزدىن بەك تەپ تارتىمەن.

— نېمىشقا؟ مەن تېخى سىزنى كۆرۈپ ئېچىلىپ ئولتۇردۇم.

— كېتەي دېسەم تېخى!

— تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ ياخشى قىپسىز، باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

— ھامان ئاسپىرانتلىققا ئۆتىمەن، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىمەن.

— سىزنى قوللايمەن، ئوقۇڭ. بىز سىزدەك ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج !

گەرچە ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى قۇلىقىمغا ياقمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا «رەھمەت» دەپ قويدۇم.

— بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى بولدىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— توغرا، ھېلىقى چاغدا يېزىغا بارمايتتىم، دەپ يىغلاپ بارغىنىڭىزدا كۆرۈشكەنچىكەنمىز.

مەن كۈلۈپ تاشلىدىم.

— ئارقامدىن تازا كۈلۈۋالغان بولغىيدىڭىز؟

— ئۇنداق قىلمىدىم.

ئۇ كۆزۈمگە قارىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. نېمىشقىدۇر بۇ قاراش ئۇزاق داۋاملاشتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قانداقسىگە شۇنچە مېھىر بىلەن قاراپ قالغىنىمنى تۇيمايلا قالدىم. گېپىمىزمۇ توختاپ قالدى. مەن تەستە ئۆزۈمنى تېپىۋېلىپ يەرگە قارىۋالدىم. تۇۋۋا، مەن نېمە بولدۇم؟ مەن ئاستا ئۇنىڭغا شىۋىرلىدىم.

— مەن ئەمدى كېتەي، خوش!

— كېتەمسىز؟ — ئۇ ئېپادە بىلدۇرگىچە مۇزىكا تۈگىدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ سومكامنى ئالدىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم. ھەممەيلەن تاراپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا

ماگىغىنىمنى بىلمەيلا قالدى:

كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، چۈنكى مەن ئۇ-
زۇمدە غەلىتە بىر سىگنالنى بايقاپ قالدىم. مەن
تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلىۋا-
تاتتىم. مەن بېشىمنى سىلكىۋېتىشىم كېرەك
ئىدى. ئۆز-ئۆزۈمگە نەسىھەت قىلاتتىم. بۇ
ھەرگىز ياخشى كۆرۈش ئەمەس! ئۇ پەقەت پارتى-
يە، خەلق بەرگەن ھوقۇقىغا تايىنىپلا ساڭا ياخ-
شىلىق قىلدى، بۇنى سەن باشقىچە چۈشەنسەڭ
قانداق بولىدۇ؟ بېشىڭنى سىلكىۋەت بۇئايشەم!
ئۇ دېگەن ئائىلىسى بار ئادەم ! ئىچىمدە يەنە بىر
مەن قايىل بولمايتتى. «مېنىڭ ھېسسىياتىم
ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارىشى
بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە
تەلەپ قىلمايمەن، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈم
تېخىمۇ يوق. پەقەت ئۇنى قەلبىمنىڭ پىنھان يەر-
لىرىدە ساقلاپ، ئۆزۈمگە مەنىۋى تۈۋرۈك، ئىلھام
قىلماقچىمەن...» ئەگەر قولۇمدىن كەلسە مۇشۇن-
داق دېگەن ئۆزۈمنى ئىچىمدىن سۇغۇرۇپ
ئېلىپ بوغۇپلىۋېتەتتىم. بىراق بۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

زىمىستان قىش يېتىپ كەلدى. ئانام تولا ئاغ-
رىيدىغان بولۇپ قالدى. بۆلۈمدىمۇ كېسەللەر
كۆپ، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. يۈرىكىم-
نىڭ بىر يەرلىرى يىغلىغىلى تەييار! بىراق ئۆز-
ئۆزۈمگە پۇرسەت بەرمەي، ئالدىراشلىق ئىچىگە
كىرىۋېلىپ كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم.
تۇنجى قار ئۇنى ئېسىمگە سالدى. كەچتە نۆۋەت-
چىلىك قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.
ئۇنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىمەن دېسەممۇ، ئۇ
كىشى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ دېگەن باھانە
مېنى يەڭدى.

«ياخشىمۇ سىز؟ ئاپپاق قار سىزگە ئازادى-
لىك، گۈزەل تۇيغۇ ئېلىپ كەلگەي!»

ئۇنىڭ ھېچنېمە دېمەسلىكىنى ئارزۇ
قىلاتتىم. كىتاب كۆرۈپ بىر چاغقىچە ئولتۇ-
رۇپ، كېسەل كەلمىگەچكە ئۇخلاپ قالدىم. بىر
چاغدا تېلېفونۇم سايرىدى. قارىسام ئۇنىڭ نومۇ-
رى، تېلېفوننى ئالماي ئۈزۈۋەتتىم.

خېلى كۈنلەرگىچە دىققىتىمنى يىغالماي
يۈردۈم، ئۇ مەن ئۈچۈن سىرىنى بىلگىلى بولماي-
دىغان مۇقەددەس كىتاب بولۇپ قالغان ئىدى. مەن
پەقەت يىراقتىن ئۇنىڭ نەچچە قۇر خېتىنى ئوقۇ-
يالىدىم، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە نېمىلەر يېزىلغىنى-
نى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىز ئىدىم. بەزىدە ئۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇچۇرلار بىر ئۇخ-
لىسामلا كاللامدىن ئۇچۇپ كەتسە، ئۇنى بىراقلا
ئۇنتۇپ كەتسەم، ھېچكىمگە ئاشكارىلىغىلى
بولمايدىغان بۇ روھىي ئازابلاردىن بىراقلا خالاس
بولسام دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. بىراق ھەر كۈنى
سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئالدى بىلەن ئۇ
قارىچۇقلىرىمدا پەيدا بولۇپ، ئاندىن كىملىكىم
ئېسىمگە كېلەتتى. ئاندىن تۈنۈگۈن بىلەن
بۈگۈن تۇتىشىپ مېنىڭ رېئاللىقىم پەيدا
بولاتتى. تۇرۇپلا نېرۋامدىن چاتاق چىقىۋاتامدۇ
نېمە دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. ئۇنى ئەمدى
ھەرگىز ئىزدىمەيمەن، دەپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا
ئۇچۇر يوللىغۇم كەلدى. بۈگۈنكىدەك ئالاھىدە
كۈنلەردە ئادەتتىكى تونۇشلارمۇ ئۆزئارا تەبرىك-
لىشىدىغۇ؟ دەپ ئۆزۈمگە باھانە تېپىپ چىقتىم.
«يېڭى يىل سىزگە قۇت، بەرىكەت ئېلىپ
كەلگەي !»

يېڭى يىلنىڭ تۇنجى سەھىرىدە ئۇنىڭدىن
ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«يېڭى يىلدا زور ئۇتۇق قازىنىشىڭىزنى تى-
لەيمەن!»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خېلى بىر مەزگىل
كۆز ئالدىمدىن تۈگەل غايىب بولدى، ئۇنى ھېچ
يەردە كۆرمىدىم. ئۆزۈممۇ ئۇنى ئىزلەپ بارغۇ-
دەك بىرەر سەۋەب تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئانامنىڭ نەسىھەتلىرى ماڭا تەسىر كۆرسىتىش-
كە باشلىدى.

— بالام، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا تويى-
ڭىزنى كۆرسەم دەيمەن، سىز تىغدەك يالغۇز.
مۇنداق قالسىڭىز كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ مېنىڭ!

ئەمدى تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ئويلاشسىڭىز بولاتتى.

— ماقۇل، سىزگە ۋەدە بېرەي ئانا، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرسى چىقسا چوقۇم سىزگە دەيمەن.

— بالام، بەك تاللاپ كەتسىڭىزمۇ بولماس، سوراپ كەلسە بۇ ئالەمدە ھېچكىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئېرى، كۆڭلىدىكىدەك خوتۇنى يوق، ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولسىلا مەيلى.

— شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمنى، مائاشىمنى ئەمەس، مېنى ھەم سىزنى ياخشى كۆرەلەيدىغان بىرسىنى ئۇچرىتىپ قالسامكەن دەيمەن.

— سىزنى قوغلاشقانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئادەملەرمىدۇ؟ ئەقلىڭىز بىلەن ئىش كۆرسىڭىز چوقۇم پەرقلەندۈرەلەيسىز...

— ماقۇل!

دېمىسىمۇ تۇرمۇش ئىشىمنى يەنە ئويلاشمىسام ئۆزۈمگىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇغىنىسى ئالدىمغا كەلگەن يىگىتلەرنى ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق دەپ ئېتىۋەن تېپىپ تۇراتتىم. كۆڭلۈمنى توختىتالمايتتىم. باھار يېتىپ كېلەي دېگەندە ئانامنىڭ كېسىلى بىراقلا ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالدى. ئانامنىڭ بۆرىكىمۇ زەئىپلىشىپ كاردىن چىققان ئىدى. سۈيدۈك ماڭماي ئىششىپ قالغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولدى. دورا، ئوكۇلنى ھەسسىلەپ ئىشلىتىپمۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى. ئۆزۈم دوختۇر تۇرۇپ ئانامنى داۋالىيالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنەتتىم. شۇ كۈنلەردە كېچە- كۈندۈز ئانامدىن ئايرىلماي دوختۇرخانىدا يېتىپ، قوپۇپ يۈردۈم. كەيپىياتىم ناچار ئىدى. داۋالاش ھادىسىسى چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمىسەم، خىزمەتنىمۇ قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويىدىغاندەك قىلاتتىم.

بۈگۈن شاپائەتچىمنىڭمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، سەپەر ئۈستىدە ئازراق ھادىسىگە يولۇققانىمىش، لېپەك زەخملىنىپ پۇتىنى گېپسلاپ قويغانىمىش!

كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭمۇ ھادىسىگە ئۇچرىغىنى نېمىسى؟ شۇ كۈنلەردە مەن تەسەللىسىرەپ كەتكەن ئىدىم. ئانام كېچە- كۈندۈز ئىڭراپ ئۇخلىيالمايتتى. ھېلى يۆلەپ ئولتۇرغۇزسام، ھېلى ياتقۇزۇپ باقاتتىم. ئۇ ئارامسىزلىنىپ يەنە ئولتۇرماقچى بولاتتى... مەن غەمدە ئوبدانلا ياداپ كەتتىم. كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايتتى. ئەمما كۆڭلۈمگە ئېنىق، تۇرمۇش ئەمدى ماڭا پۇرسەت بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. يېنىمدا نە بىر ئاكام، ئاچام يوق. بەكلا غېرىبسىنىۋاتاتتىم.

شاپائەتچىمنى يوقلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ ئۇ ياتقان ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار ياتقىغا كىردىم. ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالدىم، بىراق ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ بەكلا ھارغىن كۆرۈنىسىزغۇ؟

— ھېچنېمە، خىزمەت بېسىمى ئېغىر كەلدى بولغاي، ئۆزىڭىز قانداقراق؟

— ئەھۋالىم ياخشى، يەيدىغان رىزقىم بار ئوخشايدۇ.

— ياخشى ئادەم بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ياشايدۇ، دەيدىكەن.

— رەھمەت، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن.

— سىزگە بىر نەچچە پارچە كىتاب ئالغاچ كىردىم، ئالدىراش ئىشلەپ كۆنۈپ قالغان ئادەم يېتىپ زېرىكىپ قالىسىز.

— يەنىلا سىز ئەقىللىق جۇمۇ، قانداق، تەتقىقاتىڭىز توختاپ قالمىغاندۇ؟

— يېقىندىن بېرى يېتىشەلمەي قالدىم...

ئارىنى ئىنتايىن ئوڭايسىز بىر خىل جىمجىتلىق باستى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ گەپ باشلىدى:

— ئۆتكەندە قار ياغقان كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، بىر نەچچە يېقىنىم تەبرىكلىمەيمىز دەپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا سىز يوللىغان ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالدىم. سەل ئېغىرراق ئول-

تۇرۇپ قالغان ئوخشايمەن، ئۇقۇشماستىن سىزگە تېلېفون قىلىپ ساپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى سىز ئالماي قويدىڭىز. ئەتىسى «كەچۈرۈڭ» دەپ ئۈچۈر يوللاپسىزكەن. خىجىل بولۇپ كەتتىم. مېنى كەچۈرۈڭ!

— ھېچقىسى يوق، ئېسىمدە قالماپتۇ. ياخشى ئارام ئېلىڭ، مەن چىقاي!

ئىچىمدىن ۋولقاندەك پارتلاپ چىققان يىغىشىمنى تەستە توختىتىۋالدىم، ئەسلي تېلېفوننى ئالغان بولسام نېمە دەر ئىدىڭىز؟ دەپ سورىغۇم بار ئىدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتىم. كېچىچە ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تازا يىغلىدىم. مەن نېمىشقا باشقا قىزلاردەك نورمال تۇيغۇلاردا بولالمايدىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇنى تونۇغان بولغىيتتىم؟ بىردىنبىر يېقىن كىشىم بۈگۈن ـ ئەتىلىكى قېلىپ يېتىۋاتسا ئۇنىڭغا قانداقمۇ ھالىمنى دېيەلەيمەن؟ دېمىسەممۇ مەيلىتتى، ئۇ كۆز قارىچۇقىنى پىلدىرلىتىپ يېتىپ بەرسىمۇ مەيلىتتى، ئەپسۇس! ئەتىسى چۈش پېشىندە ئانامنىڭ تىنىقى توختىدى. مەن ھوشۇمدىن كەتتىم. بىر مېيىتنى چىقىرىشنىڭمۇ نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنى بولىدىكەن. ھەممىنى ئۇنتۇپ ياقاڭنى يىرتىپ يىغلاپلا ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن، قولۇم ـ قوشنا، جامائەتنىڭ ياردىمىدە ئىشلارنى چىرايلىقچە تۈگەتكەن بولدۇم. ئانام يەرلىكىدە قويۇلۇپ ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرلەپ كېتىپ سەلىمە بىلەن يالغۇز قالدىم. بىچارە قىز خۇددى ئۆز ئانىسىنى ئۇزاتقاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلاندى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يېنىمدا بار ئىكەن، بولمىسا قانداق قىلاردىم؟ دۇنيادا ھېچكىم مەندەك شور پېشانە بولۇپ قالمىسۇن، ئۆگەي بولسىمۇ بىرەر تۇغقىنىڭ بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟ كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ، ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا ئۇنىڭدىن ئۈچۈر تاپشۇرۇۋالدىم.

«تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بىز ئامالسىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنداق بەك ئازابلىماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. مەن سىز بىلەن بىللە»

يۈرىكىم پارتلاپ كەتسۇنمۇ؟ بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدىم. قوشنىمىز كىرىپ مېنى بەزلەشكە باشلىدى.

— مۇنداق قېقىلىپ يىغلىماڭ بالام، سەۋر قىلىڭ.

ئىشىكتىن يىغلاپ كىرگەن ناتونۇش ئەر ـ ئايالنى كۆرۈپ يىغىدىن توختىدىم. بۇلار كىم بولغىيتتى؟ ھېلىقى ئايال يىغلىغىنىچە كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى. بىر ھازا يىغلاشقاندىن كېيىن ئۇلارغا داستىخان سالدىم. بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر يەرلىرى كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنسىمۇ كىملىكىنى سورىيالماي ئاۋارە ئىدىم. ھېلىقى ئەر كىشى سۆز باشلىدى:

— قىزىم، مۇشۇنداق چاغدا بۇ گەپنى دېيىش ـ دېمەسلىكنى جىق ئويلاندۇق. بىر مەزگىل كۈتەيلىمۇ دېدۇق. بىراق يالغۇز قالغىنىڭىزغا ئانىڭىز ئىككىمىز ھېچ چىدىمىدۇق...

«ئانىڭىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلدى. مېنىڭ يەنە نەدە ئانام بولسۇن؟ ھېلىقى ئايال مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— قىزىم، سىز يالغۇز ئەمەس. سىزنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىڭىز، ئالتە ئاكا ـ ئاچىڭىز تېخى ھايات! — بېشىم پىرىردە قېيىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم، سەلىمە دەرھال مېنى يۆلىۋالدى.

— ئەينى چاغدا بىز رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن قوشنا ئىدۇق، ئىككىلا رەھمەتلىك بەك ياخشى كىشىلەر ئىدى. بىراق بالا يۈزى كۆرمىگەن ئىدى، ئانىڭىز كەينى ـ كەينىدىن يەتتە بالا تۇغدى. ئۇ چاغلاردا بىز كادىرلارنىڭمۇ كۈنىمىز ياخشى ئەمەس. سىزنى تۇغقاندا ئاكا ـ ئاچىلىرىڭىز كىچىك، ئانىڭىز خۇنسىراپ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغلاردا رەھمەتلىك ئانىڭىز كۈندە بىزنىڭكىگە كىرىپ ئانىڭىزغا قارىغاچ سىزنى باقانىدى. سىزگە شۇنداق مېھرى چۈشۈپ قاپتىكەن، بىر كۈنى بىزگە سىزنى بەك بېقىۋالغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا يۈز كېلەلمەي سىزنى بېرىشكە قوشۇلدۇق. شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىمىز يوق ئىدى. كېيىن بىز

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قارامايغا يۆتكىلىپ
كەتتۇق. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈپ
تۇردۇق. ئۇلار سىزنى ئەتىۋارلاپ باققاچقا بىزمۇ
ھېچنېمە دېيەلمىدۇق. ھەتتا سىز ئالىي مەكتەپ-
كە ئۆتكەندە بىز ئوقۇتايلى، دېسەك رەھمەتلىك
ئاتا-ئانىڭىز قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ سىزگە
بولغان مېھرى ئالدىدا سىزگە تونۇشلۇق بېرىش-
كە يۈزىمىز چىدىمىدى. يېقىندا رەھمەتلىك
بىزگە خەت ئەۋەتىپتىكەن. كۆزى يۇمۇلغاندىن
كېيىن سىزنى ئېلىپ كېتىشىمىزنى ئۆتۈنگەن
ئىكەن. مانا خەت.

دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ مەن
چۈش كۆرۈۋاتقىنىمنى ياكى چۆچەكلەر دۇنيا-
سىغا بېرىپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. تۇنۇگۈنلا
ئۆزۈمنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىمدىن ئاھ
ئۇرۇپ ئازابلانغاندىم. ئەمدى تۇيۇقسىزلا ئاتا-
ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم پەيدا بولۇۋېدى، يەنە ئا-
زابلىنىپ ياش تۆكتۈم. مەن ئۇلارنى قانداق قوبۇل
قىلىمەن. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرنى
نېمە دەپ چاقىرىمەن؟ مەن دەرد ئۈستىگە دەرد
تارتىۋاتاتتىم.

ئۇلار ئاللىقاچان پىنسىيەگە چىقىپ بولغاچ-
قا، ئانامنىڭ قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولغىچە
مەن بىلەن تۇردى. بۇ جەرياندا بەزى ئىشلار كال-
لامدىن ئۆتتى. بوپتۇ، ئۇلار مېنى بۇ دۇنياغا كۆز
ئاچقۇزغان ئادەملەر ئىكەن، بالام دەپ باغرىنى
ئاچقان ئىكەن، مەن ئۇلاردىن ئاغرىنىپ، قېچىپ
قانداق قىلاي؟ ئۇلارنى ئاتا-ئانام دەپ چاقىرالمى-
غان بولساممۇ، ئاتا-ئانا ئورنىدا مۇئامىلە قىلدىم.
ئاللىقاچان ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان،
كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغان ئاكا-ئاچىلىرىم-
نىڭ مېنى بەكلا كۆرگۈسى بولغاچقا مەن يېڭى
ئاتا-ئانام بىلەن قارامايغا بارىدىغان بولدۇم.
مېڭىش ئالدىدا شاپائەتچىمگە ئەھۋالىمنى ئۇقتۇ-
رۇپ قويغۇم كەلدى.

«سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى،
قاچان ئىزدەپ بارسام مۇۋاپىق بولار؟»

«مەن ھازىر شىنجاڭدا ئەمەس، قايتىپ بارغان-
دا سىزنى ئىزدەيمەن.»

كۆڭلۈم لەسسىدە بولدى. ئەتىسى يېڭى ئاتا-
ئانام بىلەن قارامايغا قاراپ يولغا چىقتىم. يول
بويى بىر خىل سىقىلىش ئارامىمدا قويمايتتى.
ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاكا-ئاچىلىرىم ماڭا
قانداق قارار؟ بىر تۇغقان بىلەن ئاتا-ئانا ئايرىم
گەپ. ئۇلارنىڭ تەبىئىيلا ماڭا مېھرى چۈشىدۇ.
بىراق ئاكا-ئاچا دېگەن ئاتا-ئانىنىڭ ۋاستىسى،
ئۇزاق مۇددەت بىر ئائىلىدە ياشاش داۋامىدا ئاندىن
ئۆزئارا مېھىر چۈشۈشىدىغان گەپ. بىراق بىزدە
مۇنداق تارىخ مەۋجۇت ئەمەس...

قىزىق يېرى ئۇلارنى كۆرۈپ بىر تۇغقان ئى-
كەنلىكىمگە چىنپۇتتۇم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا
ئوخشايتتىم. ئۇلار ماڭا ئوخشايتتى. مېھرىس-
راپ كەتكەن قەلبىم ئاز - تولا تەسەللىي تاپقاندەك
بولدى. بىر تۇغقانلىرىم كۈندە چايغا چاقىرىپ
يۈرۈپ رۇخسەت ۋاقتىممۇ توشۇپ قالدى.ھەم-
مەيلەن بىردەك مەن خالىساملا مېنى قارامايغا
يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ
ئىشتا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا كۆڭلۈمدىكىنى دېيەل-
مەيتتىم. ئاتا- ئانام خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈ-
زۈپ قويغاندەك ئالدىمدا تىك تۇراتتى. ئۇلارغا
ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئىمكان بار يۆتكىلىپ كې-
لىشكە ۋەدە بەردىم. ئۇلار مېنى جاپا تارتىپ قالمى-
سۇن دەپ ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

خۇشال- خۇرام ھالدا ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش
ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.
ئۇنى ئاجايىپ سېغىنغىنىمنى ھېس قىلدىم.
بۇ خىل سېغىنىشىمنى نېمىگە ئوخشاتسام
بولار؟ قەلبىم خۇددى ئۇزاق يىل ساقلانغان بىر
قەدەھ خۇشبۇي شاراب كەبى ئۇنى كۈتىدۇ. ئۇ،
خۇش پۇراقلىرىمدىن مېنى بايقىۋالسىكەن، قول-
غا ئېلىپ مەن قاراشقا پېتىنالمايدىغان سېھىر-
لىك لەۋلىرىگە ئاپارسىكەن دېگەنلەرنى ئويلاي-
مەن. ئۇنىڭ مۇئەممما قەلبىنى، جىسمىنى مەست
قىلىپ، ئېڭىدا، ۋۇجۇدىدا پەقەت مەنلا قالسام
دەپ تىلەيمەن. قىزلار مۇھەببەت يولىغا قەدەم
تاشلىغاندا بەكمۇ كۆلگۈنچەك بولۇپ كېتەر-

مىش. لېكىن مەن شۇنداق يىغلاڭغۇ بولۇپ
قالدىم. قەلبىمدىكى سۇزۇك خىرۇستال قەدەھتە
لىپمۇلىق تۇرغان ھېسسىياتىم تۆكۈلەي ـ تۆكۈ ـ
لەي دەپلا تۇرىدۇ. خۇددى يامغۇردەك، ئۈنچىدەك،
ئابىي زەمزەمدەك ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ كۆزۈمـ
ـدىن چىقىۋاتىدۇ. ھېچبىر تۇگەپ قالىدىغاندەك
ئەمەس، خۇددى غايىبتىن پەرىشتىلەر لىقلاپ
تۇرغاندەك ! ئېڭىمدا ئۇ سۇمباتلىق، تەمكىن،
پىشقان، ئېسىل ئادەم، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغـ
ـنى ۋاقىت. ئۇ ئاجايىپ كەسپچان، تەپەككۇرغا
باي، ھۆرمەتلەشكە ھەقلىق پەزىلەت ئىگىسى.
ئەمما سېغىنىشلىرىم شۇنچىلىك سەرسان، بىچا ـ
رە. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن ماڭا مەنسۇپ ئەمەس.
پەقەت ئۇ قاچانلاردىدۇ ماڭغان كوچىلاردا لەيلەپ
قالغان تىنىقلىرىنى ئىزدەپ تېپىۋالماقچى بولـ
ـمەن. ھىدىنى ھىدلىماقچى بولىمەن. بىراق تاپالـ
ـمايمەن، چۈنكى مەن ئەزەلدىن ئۇنى ھىدلاپ باقـ
ـمىغان. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭدەك ۋاقىتنى قەدىر ـ
لەيدىغان ئادەم ئۈچۈن بىلىكىدە تۇرىدىغان سائەت
بولغان بولسامىمۇ مەيلىتتى. سېغىنىشلىرىم
ئازراق تەسەللى تاپار ئىدى. ئاشۇ قۇدرەتلىك
ۋاقىت سېغىنىشلىرىمنى ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ
كېتەر ئىدى، ئۇنىڭدىن بەكمۇ ۋاز كەچكۈم بار.
قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىدىن چىقىۋاتقان «ۋاز
كەچ» دېگەن ئاجىز ندانى كۆچەيسىكەن دەيمەن.
ئەمما بۇ ندا تولىمۇ زەئىپ تولىمۇ ئۈمىدسىز،
خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك ! بىلىمەن،
رېئاللىققا يۈزلىنىشىم كېرەك.

ئانامنىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپ،
باشقىلارنى «ئانا ـ دادا» دەپ ئېتىراپ قىلدىم. ئائىـ
ـلىسى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، بىر
قىز بالا تارتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئازابنى
تارتىپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەسـ
ـكەنمەن! «ھەممە ئادەم نىيىتىگە يارىشا كۈن كۆ ـ
رىدۇ» دەيدىغان رەھىمەتلىك ئانام. مۇشۇنداقلىـ
ـقىمدىن تۇرمۇش يولۇم ئەگرى ـ توقاي، كۈنلىرىم
ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ، مېنىڭ يېشىمدىكى
قىزلار ھېس قىلىشقا تېگىشلىك شېرىن تۇيغۇ ـ
لارنىڭ تەمىنى تېتىيالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان
ئوخشايمەن.

ئىشقا چۈشتۈم. كەيپىياتىمدىكى چۈشكۈنـ
ـلۈكنى ھەممىيلەن يېڭىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ
قالغانلىق سەۋەبىدىن دەپ ئويلىدى، باغرىمدىكى
قان ـ يىرىڭنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. شۇ كۈنـ
ـلەردە دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن
ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەردىم. چۈنكى دوخـ
ـتۇرخانىمىزنى يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە
ئالغان ئىچكىرىدىكى باش دوختۇرخانا، يىلىغا
بىر نەچچە دوختۇرنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ
تەربىيەلەيتتى. مەنمۇ پەقەت ئىلگىرىكى تىرىشـ
ـچانلىقلىرىم يۈزىسىدىنلا بۇ پۇرسەتكە نائىل
بولغانىدىم. ئەگەر ئۆتۈپلا قالسام پۈتۈن خىراجەتـ
ـنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالاتتى. گەرچە بۇ
مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بولسىمۇ
يەنە بىر جەھەتتىن ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتىم.
مېنى دوختۇرخانا تەربىيەلەپ ئوقۇتسا، ۋاقتى
كەلگەندە قارامايغا كېتىمەن، دېسەم بۇ دوختۇر ـ
خانىغا نىسبەتەن ئادىللىق بولمايتتى. نېمە قىلىـ
ـشىمنى بىلمەي يەنە ئۇنىڭغا ئۇچۇر قىلدىم.

ــ سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان ئىشىم بار
ئىدى، ۋاقتىڭىز چىققاندا ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويسـ
ـڭىز، ــ نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن
ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. مەن قاتتىق ئۈمىدـ
ـسىزلەندىم. قارىغاندا ئۇ مەندەك بىرسىنى ئاللىقا ـ
چان خاتىرىسىدىن پاك ـ پاكىز ئۆچۈرۈپ تاشلىغانـ
ـدەك قىلاتتى. قايسى گۇناھىمغا ماڭا مۇنداق مۇئا ـ
مىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭدىن
ھېچنەرسە تەلەپ قىلماقچى ئەمەس ئىدىم. پەقەت
بەزى مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن يول
سوراي دېدىم شۇ! ئۇنىڭ ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىـ
ـلىشى پەقەت ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇ
تاپتا پۇرسەت بولسا ئۇنىڭغا ھەممىنى دەپ دەۋېـ
ـلىپ قانغۇدەك يىغلىۋالسام دەيتتىم. بىراق قىزلىق
غۇرۇرۇم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەمدى
ئۇنى ئىزلىمەسلىكنى ئىستەيتتى.

بىر كۈنى يولدا ئۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. تۇرۇپلا شۇنچىلىك غەزىپىم تۇتتى. ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«ئېھتىيات قىلىش گۇمانلانغانلىقنى، گۇمانلانغانلىق ئىشەنمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. نەزىرىڭىزدە مەن شۇنچىلىك ئادەممۇ؟ ياكى ماڭا ئىككىمىزنىڭ سالاھىيەت پەرقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمۇ سىز؟ چۈمۈلىدىنمۇ كىچىك مەن سىزدەك گىگانت ئادەمگە شۇنداق دەيدۇ: ياردىمىڭىزگە، تەربىيەڭىزگە رەھمەت. ئامان بولۇڭ!» كەچتە ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«مېنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن پۇرسەت تېپىپ سىزگە چوقۇم چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.»

مەن ئۇچۇن ئەمدى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئۇنى ئەمدى كۆرگۈم يوق ! كۆپ ئۆتمەي مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىم كەلدى. ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئارىدا بىر ئاي ۋاقىت بولغاچقا تۇغقانلىرىمغا ۋاقتىنچە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم. قولۇمدىكى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆيدە ۋاقتىنچە ئولتۇرۇپ تۇرىدىغانغا ئادەم تاپتىم. ئۇلار ئىجارە ئالمايدىغان ئۆي تاپقانغا خۇش، مەن ئۆيگە قارايدىغان ئادەم تاپقانغا خۇش، سەلىمەنى دادىسى ياندۇرۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېشىغا يېتىپ قالغان بىر قىزنى ئۆيدە يالغۇز قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. بىچارە قىز مەن بىلەن يىغلاپ خوشلاشتى:

— مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ ئاچا، مەندەك سىڭلىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، خۇدايىم ھەممە ئىشىڭىزنى ئوڭ قىلار، ئاچا!

قارامايغا بېرىپ تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى ئىدىم. خۇددى بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلۈم شۇنداق پەرىشان ئىدى. ئاتا-ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ تۇرۇشۇمغا تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى.

«ۋاقتىڭىز بولسا ئىشخانامغا كەپ كېتىڭ !»

تۇپراق بېشىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم، ھېلىھەم بېرىش-بارماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. ئاللىقانداق بىر كۈچ مېنى سۆرەپ ماڭدى. ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدە قىلاتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ياش تۆكمەيمەن!

مېنى كاتىپ باشلاپ كىردى، مەن كىرىپ كەلگەندە ئۇ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى. كاتىپ چاي ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك قىيا ئوچۇق قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تۇنجى كەلگەن ۋاقتىمدا شۇنداق بولغان، ئىشىك ھازىرقىدەك قىيا ئېچىلىپ قالغاندا ئۇ ئاتايىن كاتىپىنى چاقىرىپ ئېيتقانىدى.

— ئىشخانامدا باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىشىك يېپىقلىق تۇرسۇن، ماقۇلمۇ؟

ھازىر ئىككىلىمىز غەلىتە بولۇپ قالدۇق. ئۆزىمىزچە خۇددى كىسىرەپ ياسالمىلىق قىلىۋاتاتتۇق.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى.

— يەنە ئورۇقلاپ قاپسىزغۇ؟ دوختۇرلۇقنى تاشلاپ مودېل بولاي دېدىڭىزمۇيا؟

— ياق، — ئۇنىڭ ئەتەي كەيپىياتنى كۆتۈرمەكچى بولغىنىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— بۈگۈن ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولۇپ ۋاقىت چىقىرالىدىم. قارىڭە سىزنى، ئادەمنى شۇنداقمۇ خاتا چۈشەنگەن بارمۇ؟ — ئۇ مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم يوللىغان قىسقا ئۇچۇرۇمنى دېمەكچى ئىدى.

— ... مەن يەرگە قاراپ ئۈندىمىدىم.

— ھەمىشە تىللاپ ئۇچۇر يوللايسىز، مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن. تازا تىللىۋېلىڭ، — ئۇ يەنە ئاشۇ مۇلايىم كۈلكىسى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئەمدى سىزنى تىللىمايمەن.

— ياق ! مېنىمۇ تىللايدىغانغا ئادەم چىققىنى ياخشى، تىللاۋېرىڭ.

— ھەددىممۇ؟

— رەنجىپ قالغىنىڭىزنى بىلىمەن، شۇنچە ئېغىر كۆڭلەرگە قالغىنىڭىزدا سىزگە ھېچ ئىش

قىلىپ بېرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە سىزگە ئىش تېپىپ بەرمەي دېدىم. سىلەرنىڭ دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما ئۇنچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. يېقىندىن بېرى ئائىلەمدىمۇ نۇرغۇن بورانچاپقۇنلار بولدى. مەن ئەر كىشى، مەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. قاراپ تۇرۇپ سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇرۇپ قويسام ياخشى ئەمەس. بۇلارنى سىز چۈشىنىسىز.

كۆز ئالدىمغا يەنە شۇ باش سېستىرالار باشلىقى كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا ئۆچلىكىنى بىلەتتىم. بىراق ماڭىلا قىلىۋالسا مەيلىتتى. بىلىپبىلمەي بۇ كىشىگە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپتىمەن ئەمەسمۇ؟

— كەچۈرۈڭ!

— ئاڭلىسام ئۆز ئاتا-ئانىڭىزنى تېپىۋاپسىز، بەك خۇش بولدۇم.

— شۇنداق، قىسمەتلىرىم شۇنداق ئاجايىپغارايىپ ئوخشايدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئوقۇشقا ماڭىدىغان بولدۇم.

— بۇنى بىلىمەن، يۆتكىلىشنى قارارقىلدىڭىزمۇ؟

— ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— دوختۇرخانا بىر مۇنچە چىقىم قىلىپ مېنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلىسە، ئوقۇپ بولۇپلا قارامايغا كېتىمەن دېسەم قانداق بولىدۇ؟

— قاراڭ سىزنى، چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەسسىز؟ ئىشقىلىپ ۋەتەننىڭ نەرىدە بولماڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئوخشاشلا تۆھپە قوشىسىز ئەمەسمۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا قارىسام ئۇ باشقا تەرەپلەرگە قاراپ سۆزلەيتتى، ئۇ ماڭا قارىسا تەبئىيلا مەن كۆزۈمنى قاچۇراتتىم. خۇددى كۆزلىرىمىز ئۈچرىشىپ قالسا قانۇنسىزلىق بولىدىغاندەك!

— مېنىڭ كېتىشىمنى شۇنداق ئارزۇ قىلامسىز؟

ئۇ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— سىز ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز بىلەن جەم بولۇپ، مۇكەممەل بىر ئائىلىگە ئېرىشسىڭىز ئاندىن خاتىرجەم بولاتتىم، — دېدى تولىمۇ پەس ئاۋازدا.

— ئەگەر سىز شۇنى ئۈمىد قىلسىڭىز، مەن شۇنداق قىلاي، سىز تاللىغان يولدا ماڭسام زىيان تارتمايدىغىنىمنى بىلىمەن.

— ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمما ئىشەنچىڭىزگە يارىشا سىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم.

— ياق، ئەمەلىيەتتە سىز ھاياتىمغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتىڭىز.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، پاراڭ ئەمدى داۋاملاشسا بولمايتتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ئەمدى مەن قايتاي، ئامان بولۇڭ! — كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپلا كەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە ...

مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بىنادىن چىقتىم. ئۆيگە كېلىپمۇ قولۇم ئىشقا بارمىدى. بەزىبىر تەييارلىقلارنى قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان! ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىنى قانچە يوقاتماقچى بولغانسېرى ئۇ شۇنچە زورىيىپ باراتتى. كۆز ئالدىمنى پۈتۈنلەي توسۇۋالماقچى ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«ھەرقانداق چاغدا ھاجىتىڭىز چۈشسە ماڭا خەۋەر قىلىڭ! سىزگە بەخت تىلەيمەن.»

كۆز ياشلىرىم يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«ماڭا سىزنىڭ ھېچقانداق ياردىمىڭىز كېرەك ئەمەس. سىز ئەقىللىق، كۆڭلىڭىزدە ھەممىنى بىلىسىز. پەقەت ناگان-ناگاندا مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ھېس قىلىپ تۇرسام دەيمەن!»

ئۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئېھتىمال، ئۆزۈمنى چەتكە ئالسام، مېنى بالدۇرراق ئۇنتۇپ كېتەر دەپ ئويلىغاندۇر. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزۈم ئامال قىلالمىغان بۇ

كۆڭلۈمنى ئۇ قانداق چۈشەنسۇن؟

شۇنداق قىلىپ مەن كىندىك قېنىم تۆكۆلگەن بۇ يۇرتتىن كېتىپ قالدىم، قاچانلاردا كېلىشىمنى بىلمەيمەن. ئىچىمدە يېقىندىلا مەجبۇرىي پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەن باش سېستىرالار باشلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. گەرچە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولدى، شاپائەتچىمنىڭ ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ شۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىكى بار ئىكەن. گەرچە نېمىلەرگە ئېرىشىپ نېمىلەرنى يوقىتىپ قويغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ، ئىلگىرىكى ھايات مۇساپەمدىن ئۆكۈنۈش ھېس قىلمىدىم.

پىلان بويىچە قارامايدا ئون كۈندەك تۇرۇپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتىم.

مەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ دەل ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان ھېلىقى يىگىت — مۇرات ئىدى. تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە تۇرۇپ يىغلىغۇم كېلەتتى...

مەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ھەيرانمۇ قالمىدىم. تويى قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزى شىرىنئايغا ھەسەتمۇ قىلمىدىم. شىرىنئاي بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئالىي تەربىيەدە چوڭ بولغىنى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭدەك خۇلقىمۇ، رۇخسارىمۇ گۈزەل بىر قىزنى ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ ياقتۇرۇپ قېلىشى تەبىئىي. بولۇپمۇ ئىككىيلەننىڭ ئائىلە شارائىتىمۇ بەك ماس كېلەتتى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن بەخت تىلىدىم. بىراق يۈرىكىمدىكى ئازابلىرىم، يېڭىچە مۇھىتتا بولغان يېتىمسىراش تۇيغۇسى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك چىرايىمنى ئاچۇرمايتتى. شۇنچە يوشۇرساممۇ مۇرات مەندىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنى سەۋەبلىك دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. تولىمۇ تەستە مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرالىدۇق. ئىككىمىز تەجرىبىخانىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— بۇۋى ئايشە، سىزنى ھەمىشە مۇنداق پەرىشان كۆرۈشنى خالىمايمەن، گەرچە ئاتا-ئانىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىڭىزمۇ قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، زېھنىڭىزنى يىغىپ ئوقۇسىڭىز بولاتتى، — مۇرات تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپ باشلىدى.

— مەن ئىمكان بار كەيپىياتىمنى خىزمەت-ئۆگىنىشكە سۆرەپ كىرمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن تەستە ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەيمەن، — مۇشۇ گەپنى دەۋېتىپمۇ ئۇنى ئەسلىدىم.

— نېمىشقا بۇنچە غەمكىن يۈرىسىز؟ راست گېپىڭىزنى ئاڭلىسام دەيمەن. سىزگە ياردەم قىلغۇم بار. بىراق قانداق قىلىشنى سىز بەلگىلەيسىز.

— ھېلىمۇ مېنى دوستىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. سىز ئاللىقاچان قىلىشقا تېگىشلىكنى قىلىپ بولدىڭىز. ئەمەلىيەتتە يېڭى مۇھىتقا كۆنۈپ كېتەلمىدىم. غېرىبلىق باستى. يۇرتنى، ئاتا-ئانامنى سېغىندىم، — سېغىنىش دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى نېمە دېگەن ئېغىر-ھە؟ كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇپ قالالمىدىم. زادى كىم ئۈچۈن يىغلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم.

— سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، بۇۋى ئايشە، سىز قەيسەر قىز. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىمۇ سىز شۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، ئەمما ياش تۆكمىگەن. سىز راست گەپ قىلمايۋاتىسىز. بۇمېنىڭ سەۋەبىمدىنمۇ؟ — ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ سورىدى.

ئەمدى راست گەپ قىلمىسام ئۇنىڭ دوستلۇقىغا يۈز كېلەلمەيدىغىنىم ئېنىق ئىدى.

— ياق! خاتا چۈشىنىپ قاپسىز مۇرات، مەن سىزدىن شۈنچىلىك مىننەتدار، سىزنىڭ بەختىڭىزدىن سۆيۈنۈۋاتسام، قانداقمۇ سىز سەۋەبچى بولىسىز؟

— ئەمىسە ئۇ كىم؟

— كىمنى دەيسىز؟

— قەلبىڭىزدىكى ئادەمنى؟ سىزنى مۇشۇنچىۋالا سېغىندۇرغان ئادەمنى! — ئۇ خۇددى ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك بۇرۇلۇپلا كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى، — مۇھەببەت ئۇنداق ئازابلىنىپ، ھەسرەت چېكىپلا يۈرىدىغان ئادەمگە مەنسۇپ بولمايدۇ. تىرىشقانلارغا، قۇربان بېرەلىگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— بىراق، مەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولمىغان ھەم بولمايدىغان بىرسىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەسلي مەن بۇنىڭدىن نومۇس قىلسام، خىجىللىق ھېس قىلسام بولاتتى. بىراق...

— ئەمىسە سىزگە ياردەم قىلالىغۇدەكمەن.

مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم.

— سىزنىڭ ئۆگىنىش بېسىمىڭىزنى ئاشۇرىمەن، ھازىرغىچە سىزگە يۇمشاق قوللۇق قىلدىم. ئەمدى كۆنۈپمۇ بولدىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇق، تەجرىبىلىرىڭىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمەن. دىققىتىڭىزنى ئۆگىنىشتىن باشقا يەرگە چاچقۇدەك پۇرسەت بەرمەيمەن. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ قانداق، ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا دەرھال ئىش ئورنىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ، —
مەن ياشلىق كۆزلىرىم بىلەن مۇراتقا تىكىلدىم. تەشەككۈرۈم بوغۇزۇمدا توختاپ قالدى. دېگەندەك دەرسلىرىم، تەجرىبىلىرىم كۆپىيىپ، ئالدىراشلىق ئىچىدە دەردلىرىمنى ۋاقتىنچە قەلبىمنىڭ پىنھانلىرىغا قويۇپ قويدۇم. گاھى-گاھىدا مۇرات، شېرىنئايلار بىلەن باغچىلارغا، مۇزېيلارغا بارغاندا ئۇنى ئەسلەپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر ھالدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشقا تىرىشتىم.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. مەن پايتەختكە كۆنۈپ قالدىم. ئەسلىدە قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە يۇرتقا قايتسام بولاتتى. بىراق قايتماسلىقنى لايىق تاپتىم. راست گەپنى قىلسام، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا سېغىنىش ئىلكىدە باتناپ يۈرمەكتە ئىدىم. ئەمدىكى بىر-دىنبىر تاللىشىم ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولمىغان، ئەمما ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن ۋاز كېچىش-كېچەلمەسلىكىم مېنىڭ ئادىمىيلىكىمنى ھەقىقىي ئۆلچەيدىغان تارازا. ئەمدى ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم كۆرەش قىلىشىم كېرەك. كۈنلىرىم تەتقىقات تېمامنى بالدۇرراق تاماملاش، نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ پۈتكۈزۈش بىلەن سۈدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ماي بايرىمىلىق ئالتۇن ساياھەت مەزگىلىدە مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ تويى بولدى. تويدىن كېيىن ئىككىسى تيەنجىنگە بېرىپ دېڭىز بويىدا شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈشكە كەتتى. مەن ياتىقىمدا بىر تالاي كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە بىر نەچچە كۈننى سەزمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىم. تېلېفونوم سايراپ ئارامىمنى بۇزدى. قارىسام شېرىنئاينىڭ تېلېفون نومۇرى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ كېلىنچەك؟

— تېچ تۇردىڭىزمۇ؟ بۇ بىر نەچچە كۈندە سىزدىن بەك ئەنسىرىدىم.

— شېرىنئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان كېلىنچەكنىڭمۇ باشقىلاردىن ئەنسىرەشكە ۋاقتى چىقىدىكەنھە؟ ئېرىڭىز سىز بىلەن بىللە كەتكەنغۇ؟

— ۋايجان، ئەجەب بىر تۇرىدىكەن، ئۇنداق دېمەڭا! گېپىمنىمۇ دېگىلى قويمىدىڭىز.

— كەچۈرۈڭ پەرىشتەم، نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ مۇرات سىزنى بوزەك قىلمىغاندۇ.

— ئۇنداق قىلمايمۇ قالمىدى.

— ھەي، مەن نەدە سىزنى بوزەك قىلدىم؟ — مۇراتنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بۇئايشەم، تيەنجىنگە كېلىڭە، ئالدىڭىزغا چىقىپ تۇرىمىز. ئاخىرقى ئىككى كۈننى بىللە ئۆتكۈزەيلى.

— ياخشى كۆڭلۈڭلار تېگىل بولدى، ئاراڭلارغا قىستۇرۇلۇۋالسام خەق نېمە دەيدۇ؟

— نېمانداق ئارىمىزغا تام سېلىۋالىسىز؟ قاچاندىن بېرى بۇنداق ياتلىشىپ كەتكەندىمىز؟ بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ دەرھال يولغا چىقىلى.

مۇرات بىلەن شېرىنئاي ماڭا گەپ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمەي ئاخىر تيەنجىنگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇلار راستىلا مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ۋاقىت قىس بولغاچ ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە پائالىيىتىمىزنى باشلاپ كەتتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندىلا دېڭىز بويىغا كەلدۇق. دېڭىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئەسلىمىلىرىمنى غىدىقلاپ مېنى ئارامسىزلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ھېسسىياتىم ئاجايىپ مۇرەككەپ ئىدى. بىز رەسىمگە چۈشۈشكە باشلىدۇق. شەرقتىن قىزىرىپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئەتراپنى ئوتقاشتەك گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى. ھەممە نەرسە قىزغۇچ ئالتۇن رەڭ، دېڭىزنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرى، قىرغاق يالاپ بىر كېلىپ بىر يېنىۋاتقان دېڭىز سۈيى... مەندە يېڭىچە تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. دېڭىزنىڭ بىپايان باغرىدا خۇددى بالىلىقىمغا قايتقاندەك شادلاندىم، شېرىنئاي قىزغۇچ نۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. مۇرات بىلەن ئىككىسىنىڭ ئانداـ ساندا ئۈچرىشىپ قالىدىغان كۆزلىرىدىن ئاجايىپ ئوتلۇق سۆيۈشنى بايقاپ قالاتتىم. مەن ئۇلارنى بىر نەچچە پارچە سۈرەتكە تارتماقچى بولدۇم.

— ئەمىسە، داڭلىق فوتوگراف بۇئايشەم سىلەرنى بىر نەچچە پارچە بەدىئىي سۈرەتكە تارتىدۇ، ئوبدان ماسلىشىپ بېرىڭلار. ياسالمىلىق قىلىشقا بولمايدۇ ھە!

— پەرمانبەردارمىز، قېنى قانداق تۇرۇپ بەرسەك رازى بولىدىلىكىن؟

— قۇياش ئىككىڭلارنىڭ بېشى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرسۇن، بىر-بىرىڭلارغا بايىقىدەك مېھرىڭلار بىلەن قارىشىڭلار.

— بىز قاچان ئۇنداق قارىشىپتۇق؟ — شېرىنئاي خىجىللىق ئارىلاش ئۆزىنى ئاقلىدى.

— مۇشۇ يەردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بايقاپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدىم ھەييارلىق قىلىپ، — ئەمدى ماۋۇ تەرەپكە كېلىڭلار.

— قانداق تۇرىمىز؟

— ئىختىيارىڭلار، ئاۋۇ تاش ئۈستىگە چىقىپ، سىز مۇراتنىڭ مۈرىسىگە بېشىڭىزنى قويۇپ ياندىشىپ ئولتۇرساڭلار قانداق؟

— بەك بىچارە چۈشۈپ قالامدۇق، قانداق؟

— ياق، تارتتىم ئەمىسە. مۇنۇ سۈرەتىڭلار ھەممىدىن ياخشى چىقامدۇ تېخى.

قوللىرىم تىترەپ كەتتى، مەن مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ سەل نېرىسىدا سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان بىرسىنى تونۇپ قالدىم. مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم نېمە؟ ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ راستتىنلا ئۇ ئۆزىدەك كادىر سۈپەت بىر نەچچەيلەن بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتى.

— نېمە بولدى؟ — مۇرات بىلەن شېرىنئاي تەڭلا دېگۈدەك يېنىمغا كەلدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، تارتىپ بولدۇم. ئەمدى كېتەيلىچۇ؟ قايتىپ نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرىمىز تېخى! — ئاۋازىم ئارانلا چىقتى.

ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىسگە ھەيران بولغاندەك قارىشىپ قالدى. يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشىنى مۇرات بىلەن شېرىنئاي ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ قالدىم. قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقىنىمنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. تۇيۇقسىز ئۇلار بىزنى بايقاپ قالدى.

— ۋۇي، سىلەرمۇ ئويغۇر كەنسىلەرغۇ؟ — خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بىرى يېنىمىزغا كېلىپ ئاپپاراتنى تەڭلىدى، — ھەممىمىز تولۇق بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى دېگەنىدۇق. سۈرەتكە تارتىپ قويساڭلار قانداق؟

— بۇياق بىزنىڭ داڭلىق سۈرەتچىمىز، يەنىلا ئۆزىڭىز تارتامسىز بۇئايشەم؟ — مۇرات ماڭا خوش ئەتتى.

— بولدىلا، ئۆزىڭىز تارتىڭ، — ئىشەنچىم كامىلكى مەن قارىمىغان بىلەن ئۇ ئاللىقاچان مېنى تونۇپ بولدى. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى ئىشلار مېنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى.

— توۋا! سىز بىزنىڭ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىكى قىزغۇ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ — ماڭا تونۇشتەك كۆرۈنگەن بىرسى مېنى تونۇۋالدى، — قارىسىلا، ئادىل ھاكىم، سىلى سەھىيەگە مەسئۇل بولغاندىكىن چوقۇم تونۇيلا، بۇ قىز بىزنىڭ ناھىيەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇر...

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەندى. دېڭىز بويىدىكى قىزىللىق ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە ئۇنى ئېنىقلا ھېس قىلالىدىم. ئېھتىمال مەنمۇ شۇنداق بولدۇم.

— ياخشى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ يىغىنغا كەلگەنما؟

— بېيجىڭغا كۇرسقا كەلگىلى بىر ئايچە بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ — مېنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلۈمگە كەلدى. «مەن كەلدىم» دەپ قويسا مەن بېرىپ يېتىۋالارمىدىم؟ ئۇنىڭغا قېيداپ گەپ قىلغۇمۇ كەلمىدى. ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالمىسام پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتىم.

مۇرات بىلەن شېرىنئاي ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. مەن ھەممەيلەننىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپلا ئېيتتىم.

— تىزىلىپ تۇرۇڭلار، ئەمىسە تارتتىم، — ئاۋازىم تولىمۇ كۈلكىلىك چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋېتىپ بۇرنۇم قاناپ كەتتى. ھېچقاچان قانىمىغان بۇرنۇمنىڭ بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قاناپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ مەن شېرىنئاي بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىگە كەتتىم. مۇرات ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.

بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈم كېلىپ كەتتى، ئۆزۈمنىڭ مۇنچە ئاجىزلىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مېنىڭ شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم بىكار بولغاندەك قىلاتتى. كاللامدىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېردىن چىقىرىۋەتكەندەك چىقىرىۋەتكىلى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ھە؟ ئۇيقۇسىز كېچىلەردە ئۇ نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان ئاشۇ يۇرتنى سېغىنىپ كۆز ياشلىرىمنى تۆككەنلىرىم ئېسىمدە! شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ يېنىمدىلا تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالدۇرراق غايىب بولۇشنى ئىستەۋاتىمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم چۈشىنەلمەيلا قالدىم. قان ناھايىتى تەسلىكتە توختىدى. بىز مۇراتقا تېلېفون قىلىپ مېڭىشقا ئالدىراتتۇق. بىر دەمدىن كېيىن مۇرات، ئۇ ۋە بايا مېنى تونۇۋالغان كىشى بىللە يېتىپ كەلدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىسسىق - سوغۇقنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا.

— ياخشى، رەھمەت سىزگە، سەت بولدى، — دېدىم يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— بىزمۇ ھېلى بېيجىڭغا قايتىمىز، قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىزنى ئىزدەيمىز.

— بولىدۇ، ماقۇل ئەمىسە!

يول بويى ئازراقمۇ ئېچىلالمىدىم، مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ ياخشى كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ خۇشال-خۇرام قايتىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۇلار مېنى مىجەزى يوق؟ دەپ ئارتۇق گەپ-سۆز قىلمىدى. كاللام چاراسلاپ كەتتى. ئۇ بىر ئايدىن بېرى مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا خەۋەر قىلىپمۇ قويماپتۇ. ئۇ مەندىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ مېنىڭ قەلب سىرىمنى بىلگەن تەقدىردىمۇ مېنىڭ غۇرۇرى بار قىز ئىكەنلىكىمنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتىغۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانچە قىزلىق غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغاندەك چىدىغۇسىز خورلۇق يۈرىكىمنى تىلغىدى. قاچانلاردا كۆز يېشى قىلغىنىمنى، ئاندىن ئېسەدەشكە باشلىغانلىقىمنى بىلمىدىم. شېرىنئاي مۇرەم-

دىن قۇچاقلاپ مېنى بەزلىدى.

— ھەرقانداق ئازابلىرىڭىزنى سىز بىلەن تارتىشىپ بەرگۈم بار، دېگىنىز بويىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەپ بېرەمسىز؟ كۆز ياشلىرىڭىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟

— ھازىر دېگۈم يوق، بىراق سىزگە چوقۇم دەيمەن. راستىلا بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

— مۇنداق بولارىنى بىلگەن بولساق، سىزنى بۇ يەرگە ئەكەلمەسمىز كەن.

— ياق-ياق، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ پۇرسەتتە مەن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم ئەمەسمۇ؟

— سىزگە مەنسۇپ بولمايدىغان ھېلىقى ئادەممۇ؟

مۇرات كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— كىملىكىنى بىلدىم.

مەن يەنە ئارتۇقچە سۆزلەشتىن خىجىل بولدۇم. شېرىنئاي بىر ماڭا بىر مۇراتقا قاراپ بىر ئىشلارنى چۈشەنگەندەك بولۇپ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى.

— مۇرات، بىر نەرسە يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئوقۇشقا كىرىشىپلا كېتەي دەپ ئويلىۋېدىم، بىراق دىققىتىمنى يىغمىقىم تەس بولدى، خۇددى شامالار ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇ يېنىمدىلا باردەك، ئۇنى بىردەممۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقتى قالغاندۇ؟ بىر ھەپتە تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئېگىز بويىغا شۇنداق يارىشىدىغان ئاق كۆڭلىكى خۇددى بىرسى يۈرىكىمگە ئويۇپ قويغاندەك ھېچبىر يوقىلاي دېمەيتتى. مېنىڭ ھەممىنى ۋاقتىنىڭ ئىختىيارىغا قويماقتىن ئۆزگە ئىلاجىم يوق ئىدى. مۇراتنىڭ تېلېفونى مېنى خىياللار قايىنىمىدىن سۇزۇپ چىقتى.

— يەنە خىيال سۇرۇپ ئولتۇرمىغانسىز؟

— نېمە بولدى؟ كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ — ئۆزۈمچە ئەترابىمغا قاراپ تاشلىدىم.

— شەنبە كۈنى سىلەرنىڭ ناھىيەدىن كەلگەن يولداشلارنى ئۆيگە تاماققا دەۋالايلى دېگەنىدۇق، شېرىنئاي تاماقنى ئوخشىتالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ تاماقخانىغىلا باشلايلى دەيدۇ. مېنىڭچە ئۇلار ئۆي تامىقى سېغىنىپ كەتتى، شۇڭا ئۆيگىلا دەۋەردىم. سىز بېرىپ قارىشىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ!

— مېنى تەتۈر قىيناۋاتامسىز نېمە؟

— قاچانغىچە غەرەز ئۇقمايسىز؟ ھەممىسى سىز ئۈچۈنغۇ؟ سىز قانچە ئارىلىق ساقلىغانسېرى قارشى تەرەپ شۇنچە سېرلىق تۇيۇلۇپ مۇشۇنداق دىققىتىڭىزنى يىغالمايدىغان بولۇپ قالىسىز. ئادەم دېگەن چۈشىنىشكە موھتاج، چۈشىنىش ھاسىل قىلىسىڭىز ئاندىن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيسىز.

— مېنىڭ راستىلا بارغۇم يوق.

— سىز ھازىر خەقنىڭ يۇرتىدا، ئۆز يۇرتىڭىزدىن كەلگەن ئادەتتىكى بىر تونۇشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق چىدىماسلىق قىلماڭ. نېمە تاماق قىلىشنى شېرىنئاي ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىڭلار، خوش! قويۇۋەتتىم.

مۇرات بىلەن شېرىنئايغا قانچىلىك دوستلۇق، ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇلاردىكى ساپا، كەڭ قورساقلىق، ۋاپادارلىق ... ئىشقىلىپ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇلار مېنىڭ ئۈلگە قىلىشىمغا ئەرزىيتتى. شەنبە كۈنى مەن بالدۇرلا كەلدىم. ئۇلارنىڭ كىچىك بولسىمۇ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بىلىنىدىغان ئۆيىدە ئالدىراش مېھمان كۈتۈشكە تەييارلىق قىلدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم مېھمان كۈتۈشى بولغاچ بىر ئاز تەمتىرەپ قالغانىدى. مەن بۇرۇندىنلا تاماق ئېتىشكە ئۇستا ئىدىم. بىردەمدىلا قازان كاۋىپى، پولۇ، گۆشنان، لەڭمەنلەرنى تەييارلىدىم. ئۇلار دېگەن ۋاقىتتا كەلدى. يۇرتتىن ئەكەلگەن دورىلىق چايدىن

سېلىپ چاي دەملىدىم. ئۇلار پاراڭ سېلىشىپ بولغىچە شېرىنئاي بىلەن بىر چوكىدىن كەلگۈدەك قىلىپ لەگمەن سېلىپ چىقتۇق. ئاندىن باشقا تاماقلارنى مېۋە سالاتقا قوشۇپ بىراقلا ئېلىپ چىقتۇق. تاماق شۇنداق كۆڭۈللۈك يېيىلدى. مەن ئۆزۈمنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىميۇ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدىم.

— يەنە قانچىلىك ۋاقتىڭلار قالدى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، ئۆي تامىقى سېغىنغاندا قاچانلا كېلىمىز دېسەڭلار قولىمىز كۆكسىمىزدە!

— بىزنىڭ يەنە ئۈچ ھەپتىدەك ۋاقتىمىز قالدى، مۇشۇنچىلىك ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن، — شۇ، بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنمىز، بولسا ئالدىمىزدىكى ھەپتە بىر سودىلىق قىلىشىپ بەرسەڭلار ياخشى بولاتتى، بالا - چاقىلارنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدىكەن!

— بولىدۇ، ئالدىدا تېلېفوندا ۋاقىتنى بېكىتەۋالايلى، بىزنىڭ مۇنۇ ئىككى خانىم بازارلىق قىلىشقا بەك ئۇستا، — دېدى مۇرات بىزنى كۆرسىتىپ.

ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، مۇنۇ مۇراتنى دەيمەن. خۇددى قەدىناس دوستىدەك ئادىل ھاكىم بىلەن چىقىشىپلا كەتتى. مەن قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرغىلى ئاشخانىغا كىردىم. شېرىنئاي كەينىمدىن كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ پەس ئاۋازدا:

— راستىلا ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئەرزىگۈدەك ئادەمكەن. قاراڭ سالاپىتىنى؟ نېمانچە ئېسىل ئادەم ئۇ؟ — دېدى.

— كىمنى دەيسىز؟

— بولدى يوشۇرماڭە؟ مۇرات ماڭا دېگەن.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ خەقنىڭ ئائىلىسى بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى توسۇماقتا يوق ماڭا ئىلھام بېرىۋاتىسىزغۇ؟

— مېنىڭچە، نېمىلا دېسەم بىكار، ھېسسىيات ئىشىغا ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. جىسمىمىز ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغىنى بىلەن روھ باشقا نەرسە! ئۇ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا باغلىق.

— ماڭا نەسىھەت قىلىپ توسسىڭىز توساڭكى، ھەرگىز ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلماڭ. بولمىسا ماڭا بوپ بېرىدۇ.

— قىسقىسى ئۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان ئەركەن، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئەيىبلەپ كەتمەڭ!

— رەھمەت سىزگە.

ئۇلارنى مۇرات باشلاپ كەتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان يېرىگە بارىدىغان مېترو لىنىيەسىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويماقچى ئىدى. ئۇزاتقان چېغىمىزدا ئۇ ماڭا لىپپىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىنى پسىخولوگىيە نەزەرىيەسى بويىچە ئىزاھلاپ بېرەلمىسەممۇ، ئەمما بۇ ئاجايىپ يېقىملىق قاراش مېنىڭ بارلىق ئازابلىرىمنى يۇيۇپ كەتتى. مەن باشقىچە يەڭگىللەپ قالدىم. تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۈلگۈم، ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى سېزىپ قالدىم. بۇ خىل تۇيغۇمنى شېرىنئايمۇ بىلىۋالدى. مەن ئۇنى گەپ قىلغىلى قويماي چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.

بىر نەچچە كۈن كەيپىياتىم ئىنتايىن ياخشى بولدى. يەكشەنبە كۈنى بىللە ماگىزىن ئارىلىدۇق. ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرگە كىيىم-كېچەك سېتىۋالماقچى ئىدى. بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىيىم تاللىدۇق. مەن تولىمۇ خۇشال ئىدىم، ئۇلار ئالماقچى بولغان كىيىملىرىنى كىيسە ئەستايىدىل باھالايتتىم. ئۆزۈمچە ئارىمىزدىكى ئارىلىق بارغانچە يېقىنلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئوغرىلىقچە ئۇنىڭغا بىر دانە گالىستۇك ئېلىپمۇ ئۈلگۈردۈم.

بۇنى تاقامدۇ - تاقىمامدۇ؟ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ بېرەلىشىمنىڭ ئۆزى بىر گەپ!

ئۇلار خانىملىرىغا كىيىم سېتىۋالماقچى بولغاندا ئازراق بىئارام بولدۇم، لېكىن ئۆز-ئۆزۈم-

نى قايىل قىلدىم. مەن قاچان ئۇنىڭغا تېگىشنى ئويلاپ باققان؟ ئۇنىڭ خانىمىنىڭ بولۇشى خۇددى ئۇنىڭ پۇت-قولى، ياكى ئاغزى-بۇرنى بولغانغا ئوخشاشلا بىر تەبىئىيلىك. نېمىشقا تۇتۇلۇپ قالغۇدەكمەن؟ شېرىنئاي ئىككىمىز مودېل بولۇپ ھېلى ئۇ كىيىمنى، ھېلى بۇ كىيىمنى كىيىپ باقىمىز، تېخىمۇ ياخشىسى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئۇلارنى باشلاپ يەنە ماڭىمىز.

بىر چاغدا مۇرات:

— بولدى، بىز ئەرلەر ئولتۇرۇپ تۇرايلى. ئىككىڭلارغا ياققان كىيىم بولسا رەزمىرى بويىچە سېتىۋېلىڭلار. بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ.

— مۇراتجان، شېرىنئايغا كىيىم ئېلىپ سالارمىزمىكىن دەپ قورقۇۋاتامدىغانسىز؟

— بۇۋى ئايشە، نېمانداق ئىچىمدىكىنى تېپىۋالىسىز؟ پۈتۈن بازاردىكى كىيىملەر خۇددى ئايالىمغا ئاتاپ تىككەندەكلا يارىشىپ تۇرسا، قاچىماي مەندە نېمە ئامال بولسۇن؟

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. مۇرات ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— راست گەپنى قىلسام، بىزنىڭ بىردەم، يېرىمدەم پاراڭلىشىۋالغۇمىز بار. كىم بىلىدۇ، بىز يەنە قاچان كۆرۈشەلەيمىز؟ ئادىلكا، قانداق دېدىم؟

— گېپىڭىزغۇ توغرا، بىراق بۇ ئىككىيلەننى بازارغا قويۇۋېتىشكە تازا ئىشىنەلمىدىم. قاراڭ! سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ماختىشىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئەڭ ياخشىسى ئايرىلمايلى، — ئۇنىڭ توساتتىنلا پەيتىنى بۇزماي يۈرىدىغان ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ چاقچاق قىلىشى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— يەنىلا ئادىلكام ئەقىللىقكەن، قېنى ماڭايلى، — مۇرات كۈلگىنىچە ئالدىمىزدا ماڭدى. ئاخىر ئۆزىمىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر نەچچە قۇر كىيىمنى سېتىۋالدۇق. سودىلىقلار ھەر ھالدا بىر ياقلىق بولدى. ھەممەيلەن ئولاش-چولاش مىللىي تاماقخانىغا كېلىپ تاماق يېدۇق. كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن پايتەخت كوچىلىرىنىڭ چىراغلىرى بىرىكىپ ئادەمگە خۇددى ئاسمان-زېمىن تۇتىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مۇشۇ كۆرۈشكەنچە ئۇنى يەنە قاچان كۆرەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ماڭا ھېچنېمە دېمەي كەلگىنىگە ئوخشاش، خوشمۇ دېمەي كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل! بىز خوشلىشىپ ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشكىدەك دەقىقە پۇرسەت بولمىدى. ئىچىمدىن ئاجايىپ ئاچچىق بىر يىغا قاپساپ چىقتى، تىنىقلىرىمدىن ئوت پۈركۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ نېمە ئىدى؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندىمەن؟

يەنە بۇرنۇم قاناپ كەتتى. يېقىندىن بېرى بۇرنۇمنىڭ قاناش قېتىم سانى كۆپىيىپ قالدى، كىچىككىمدىغۇ بۇ كېسىلىم بار ئىدى، قاچان ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلدىم، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە قانىمىغان. يېقىندىن بېرى يەنە كۆپ تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. قانىسىمۇ باشقا ۋاقىتتا قانىماي ھەمىشە ئەڭ ئوياتلىق ئادەملەر ئالدىدا مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

— سىز بىر تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ، مەن بىلىپ بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق بولدى، — دېدى مۇرات شېرىنئاينىڭ سومكىسىدىن قەغەز ئېلىشىغا ياردەملەشكەچ.

— ھېچقىسى يوق، بۇرۇن ياللۇغىنىڭ تەسىرىدە قان تومۇرلار چۇرۇكلىشىپ كەتكەن گەپ، — دېدى شېرىنئاي ماڭا تەسەللى قىلىپ.

— بۇرنۇمغا يارا چىقىپ قالدىغۇ دەيمەن، دورا ئېلىپ بىر قانچە كۈن سۈرتمىسەم بولمىغۇدەك.

— نېمىلا بولمىسۇن بىر تەكشۈرتۈپ بېقىڭ، — دېدى مۇرات كىرا ماشىنىسى توسقاچ،

— بولدى، مېترودىلا كېتەيلى، — دېدىم خىجالەت بولۇپ.

— مىجەزىڭىز بولمىغاندىن كېيىن، تېزرەك قايتىپ كېتەيلى، ئۇنىڭسىزمۇ بۈگۈن ھەممە-

مىز جىق يول يۈرۈپ كەتتۇق.

دېگىنىمدەك بولدى، ماڭىدىغان چاغدا ئۇ تېلېفون قىلىپمۇ قويمىدى. مەن بىر ھازا ئويلىنىپ ئۇنىڭغا ئۈچۈر قىلدىم.

«قاچان ئۇچىسىلەر؟»

«ئايروپىلانغا چىقتۇق. يەنە نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇچىمىز. سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. خوش !»

يول بويىدىكى ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ ئايروپورتقا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغۇم بار ئىدى. بىراق ئۇ ماڭا بۇ پۇرسەتنىمۇ بەرمىدى. سومكامدىكى گالىستۇكقا قاراپ يىغلاپ تاشلىدىم.

كۈنلەر قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. يازلىق تەتىلدە بىز ئاسپىرانتلار مەكتەپ تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ شىزاڭغا تەكشۈرۈشكە باردۇق. ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەسلىكىنى شۇ يەردە بايقىدىم، دېڭىز يۈزىدىن شۇنچىكىلا ئېگىز يەردىمۇ ئوكسىگېن يېتىشمەي ھاسىراپ قالدىم. سەللا دىققەت قىلمىسام بۇرنۇم قانايدىغان بولۇۋالدى. مەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام بولمايتتى. مەسئۇل يېتەكچىنىڭ كۆزىنى بوياپ يۈرۈپ پائالىيەتنىڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەردىم. قايتىپ كېلىشىمگە مۇراد بىلەن شېرىنئاي مېنى سۆرەپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن شېرىنئاي ئىككىمىز دوختۇرخانا ھويلىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، مۇرات دىياگنوزنى كۈتۈپ ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىدە قالدى.

— بۇۋى ئايشە، مېنىڭ تۇرۇپلا بالىلىق بولغۇم كېلىپ قالدى، قاراڭ، ئاۋۇ بالىنىڭ ئوماقلىقىنى، — دەپ كۆرسەتتى ئۇ ئاپىسىغا ئەركىلەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بالىنى كۆرسىتىپ.

— مۇرات نېمە دەيدۇ؟

— ئۇنىڭغۇ بەك بالىلىق بولغۇسى بار، بىراق ئاپام ئۇبدان ئويلىنىشىڭلار، بالىغا، بالىنىڭ كەل-

گۈسىگە مەسئۇل بولالايدىغان چاغدا ئاندىن بالىلىق بولۇڭلار دەيدۇ. دېمىسىمۇ مۇرات ئىككىلىمىز شۇنداق ئالدىراش. قارىغاندا، يەنە تۆت-بەش يىل قاراپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاپىڭىز توغرا دەپتۇ، بىز ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ يېتەلمەيدىكەنمىز.

— قارىغاندا ئەتە يەنە بىر كېلىپ تەكشۈرتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مۇرات ئىككىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ مەندە چوڭ چاتاق بارمىكەن؟

— ياقەي، نەدە ئۇنداق بولىدۇ، سايماندىن چاتاق چىقىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىكار بولۇپ كەتتى دەيدۇ.

— ۋاي-ۋۇي، ئەتە يەنە سىلەرنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

— يائاللا! شۇنداق دەپلا بىزنى ئەتە يەنە كېلىشىپ بېرىڭلار دەۋاتىسىز - ھە؟

— راست، قىزىقلا ئىش قېپتىمەن، شېرىنئاي ئەتە چوڭ ئۆيگە بارىمىز دەۋاتقان. بولدى ئۆزۈملا كېلەي، سىلەرنى ئاۋارە قىلماي.

— ياق، ئەتە بىزمۇ كېلىمىز، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر تەكشۈرتمەكچىدىم.

— سىزنىڭ نەرىڭىزنى تەكشۈرتمىز؟ بىر ئوبدانلا تۇرمامسىز؟ — دېدى شېرىنئاي ھەيران قېلىپ.

— ئاغرىيدىغان يېرىمنى ھېلى دەپ بېرىمەن، — دېدى مۇرات ئىنتايىن ئەستايىدىل قىياپەتتە.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، دوختۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇراتلار ھەرقانچە ئالدىسىمۇ كېسىلىمنى بىلىپ قالدىم. مەن قان راكى ئىدىم. يەنە كېلىپ ئاخىرقى مەزگىلى. قان تازىلاشتىن باشقا يەنە ۋاقتىدا يىلىك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشۇم كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئازراق ئۈمىد بار ئىدى.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەكلا ئىش بولدىغۇ؟ مېنىڭ پەقەت داۋالانغۇم كەلمىدى، تۇغۇلغان-

دىن بېرى جاپا پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى ھېچقاچان بەخت تۇيغۇسى ھېس قىلىپ باقمىدىم. قەلبىمنى ئاللىقانداق ئازاب چىرمىۋالدى. مەن يەنە زورۇقۇپ ياشاپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ مېنىڭ تارتىشقۇدەك نېمەم بار؟ نارەسىدە بالام بولغان بولسىمۇ، بالامنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاپ قالاي، دەر ئىدىم. مۇرات بىلەن شېرىنئاينى دېمىسەم دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، چىقىپ كېتىپ، بارغۇدەك يەر تاپالمىدىم. يەنە مەن ئۈچۈن جېنىنى سەپ بېرىشكە تەييار تۇرۇۋاتقان ئۆز ئاتا-ئانامنى ئەنسىرەتكۈم تېخىمۇ كەلمىدى. لېكىن ئوپېراتسىيەنى قەتئىي رەت قىلدىم.

— مۇنداق سارائىلىق قىلماڭ ئايشە، ئوپېراتسىيەنى قانچە بالدۇر قىلسا شۇنچە ياخشى. بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق تەرسالىق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

— ماڭا ماس كېلىدىغان يىلىكنى نەدىن تاپمىز؟ ئوپېراتسىيەگە تېخى ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىسا؟

— دېدىمغۇ، سىزنىڭ ئالتە بىر تۇغقىنىڭىز ئىچىدىن چوقۇم بىر-ئىككىسىنىڭ سىزگە ماس كېلىدۇ.

— ئۇلار نېمە دەپ ماڭا يىلىك تەقدىم قىلغۇدەك؟

— ئەگەر ئۇلار ئېھتىياجلىق بولسا سىز بېرەمسىز-بەرمەمسىز؟

— مەن دوختۇر، يات ئادەم بولسىمۇ، بېرىشنى خالىسام بېرىۋېرىمەن.

— ئۇلار سىزنىڭ قان قېرىنداشلىرىڭىز، ئەگەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا ئۇلار چوقۇم خاپا بولىدۇ، سىزدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

— ئاتا-ئانامنىڭ پەقەت مېنى تۇغۇپ قويغانلا يېرى بار، تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا بىز يات ئادەملەر ئىدۇق.

— ئايشە، ھەرقانچە كېسەل بولسىڭىزمۇ مۇنداق ناچارلىق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. سىزنى تونۇيالمايلا قېلىۋاتىمەن. جۇرۇڭ مۇرات، كېتەيلى، بىز ئۇنىڭ نەزىرىدە يات ئادەملەر بولغاندىن كېيىن.

ئۇلار ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن يەنىلا مېنىڭ غېمىم بىلەن ئىدى. بىر ئاماللارنى قىلىپ قارامايدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، ھايال ئۆتمەي ئۈچىنچى ئاكام كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئۆرۈلدى. ئۆيلىمايلا دەپ قويغان گېپىمدىن تولىمۇ ئۆكۈندۈم.

— سىڭلىم، بىلەمسىز، دادام-ئانام سىزگە بەك ئامراق، ئولتۇرسا-قوپسا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىدۇ. ھەر ۋاق تاماقتا سىزنى نېمە يېگەندۇ، قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ دەپ غېمىڭىزنى قىلىشىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئاغرىپ قالغىنىڭىزنى بىلسە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا مەن خىزمەتكە ماڭدىم، دەپ يالغۇز كەلدىم.

— ئوبدان قىپسىز ئاكا، مەن بىلىمەن، — مەن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم.

— يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىدۇ، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ئىككىمىزنىڭ يىلىكىمىزنىڭ ماسلىشىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن.

— ئاكا، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن.

— ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، ھېلىمۇ دادام-ئانام-لار ئۆزلىرىنى سىزگە قەرزدار ھېس قىلىدۇ. ھەر ھالدا تەقدىر بىزگە مۇشۇنداق پۇرسەتنى بېرىپتۇ. ساقايغاندا سىزنى ئېلىپ كېتىمەن. تۇغقانلار سىز ئۈچۈن باغرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ.

— بىراق مېنىڭ راستلا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇم يوق.

— ئەمدى بۇ گەپنى دېمەڭ، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.

ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوپېراتسىيەگە كىرىشكە نەچچە كۈنلا قالدى، قارامايدىن چوڭ ھەدەممۇ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشقا چىقتى. گەرچە ئەمدىلا 11-ئايغا كىرگەن بولسىمۇ بۇ يىل بالدۇرلا قىش كىردى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ يېتىپ ئۇنى ئەسلەپ قالدىم، چۈنكى سىرتتا تۈنجى قار يېغىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇچۇر يول-

لىدىم. ئەمدى جان تۇمشۇقتا كەلگەندە باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى.

«بىزنىڭ بۇ يەردە تۇنجى قار ياغدى، تەبئىيلا سىزنى ئەسلەپ قالدىم. چۈنكى سىزنىڭ قەلبىڭىز قاردەك ئاق، قاردەك سوغۇق.»

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا بولمىدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئۇچۇرنى يوللىدىم.

«مەندىن قۇتۇلىدىغان بولدىڭىز، مەن قان راكى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. نەچچە كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىنىمەن. كېسىلىم ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن، پەقەت سىزگە دەۋالغۇم بار. ماڭا ياردەم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزچە مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ، سىز ئۈچۈن تالاي قېتىم ياش تۆككەنلىكىمنى بىلمەيسىز. ساقىيىپلا قالسام چوقۇم باشقىدىن ئادەم بولىمەن. خوش، سىزنى ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا ئەسلەيمەن.»

ئۇنىڭدىن سادا كەلمىدى. ئاخىرقى ئۈمىدلىرىم يوققا چىقتى. بۈگۈن شەنبە، دۈشەنبە كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىنىمەن. بارغانچە ماغدۇرسىزلىنىپ كارىۋاتتىن تۇرغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىن تاڭ؟ كەچ سائەت 11 دىن ئېشىپتۇ. دېمەك، باشقىلار شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدىغان ۋاقىت بوپتۇ. گۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ، ئۇيقۇم بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. تومپۇچكا ئۈستىدە يوغان بىر دەستە گۈلسامساق لوڭقىغا چىلىنىپ تۇراتتى. تېخى بايىلا گۈل يوق ئىدى. كىم كەلدىكىنە؟ مەن يېنىمغا قارىمايلا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

— ئويغاندىڭىزما؟

قۇلىقىمغا ئىشەنمەي دېسەم كۆزۈم كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇ يېنىمدا ئولتۇراتتى. مەن چۈش كۆرۈۋاتقان بولسام كېرەك، دەپ ئويلاپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى، بىراق ئۇنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يەنە كۆزۈمنى ئاچتىم.

— مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم؟

— ياق. مەن بايىلا ئايروپىلاندىن چۈشتۈم، ئەتە ئەتىگەندە قايتىمەن. دۈشەنبە كۈنى ئىشقا چۈشۈشۈم كېرەك.

مەن زورۇقۇپ تۇرۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. قولۇم بىلەن يۈزۈمنى چىمداپ باقتىم، ئاغرىدى. قارىغاندا بۇ چۈشۈم ئەمەسكەن.

— يىغىنغا كەلگەنمىدىڭىز؟

— بۇ كەچتە ماڭا كىممۇ يىغىن ئاچار؟ سىز يىغىن ئاچامسىز يا؟ — ئۇ سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مېنىڭ يەنە نەچچە سائەت ۋاقتىم بار، تىللىۋېلىشىڭىزغا يېتىدۇ.

— ئەمدى تىللىغۇچىلىكىم قالمىدى. كىم بىلىدۇ؟ كېلەر ھەپتە بۇ چاغدا مەن بارمۇ-يوق؟

— سىز بار، مەن يوق. چۈنكى ئەتىلا كەتمىسەم بولمايدۇ. قالايمىقان خىياللارنى قىلماي ئۆزىڭىزگىمۇ «ئاق خالاتلىق پەرىشتە بولۇڭ» ماقۇلمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم. يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئەسلى بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېمىسەم بوپتىكەن، بىكارلا ئاۋارە قىپتىمەن. شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ خۇددى يېنىمغا ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەندەك جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك، نەچچە كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدىغاندەك بىلىنەتتى. بىراق دېيەلمىدىم.

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم بار.

— سوراڭ.

— سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىڭىزنى قانداق چۈشەنسەم بولار؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. بىر ھازا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كەتتىم. خۇددى ئۇنىڭ سىماسىنى قارىچۇقلىرىمغا سىڭدۈرۈۋالماقچى بولغاندەك. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن يەنە جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

— چىقىپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، چارچاپ كەت

كەنسىز ھەقىچان!

— ئەتە بىر كۈن ئايروپىلاندا ئۇخلىۋالىمەن.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ — مەن ئۇنىڭغا ئالىجوقا سۆزلەپ سېلىشىمدىن ئەنسىرىگەچكە ئۇنى ئۈزىتىپ قويماقچى بولدۇم.

— سىز خاتىرجەم ئۇخلاڭ، مەن سىزگە قارايمەن.

ھەيرانمەن، ھەرقانچە قىلساممۇ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايمەن، مەن راستىلا ئۇخلاپ قالدىم، ئۇخلىغاندىمۇ ئاجايىپ تاتلىق ئۇخلاپتىمەن. ئانىسىنىڭ باغرىدا ياتقان بوۋاقتەك مۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىشىم ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم.

سەھەردە ئۇ ماڭا پىچىرلىدى.

— مەن ماڭاي، چوقۇم ساقىيىڭ، نۇرغۇن كىشىلەر سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئاق يول بولسۇن! — دېيەلىدىم ئارانلا.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. مەن تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىمدا ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

— مېنى قۇچاقلاپ قويۇڭ!

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىدى، مەن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، چوقۇم شۇنداق بولدى.

ئەتىگەندىلا شېرىنئاي يېنىمغا كەلدى.

— خۇشالمۇ سىز؟

— نېمىگە خۇشال بولىمەن؟

— نېمىشقا خۇشال بولمايسىز؟

— مەن چۈشىنەلمىدىم.

— نېمىنى؟

— ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن كىم؟

— بۇنى چوقۇم نەزەرىيەۋى ئۇسۇلدا ئىسپاتلاش كېرەكمۇ؟

— بىلمىدىم.

— سىز بىر نەرسىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر تۇيغۇ، خالاس!

— مانا بولدىغۇ!

مەن ئويلىنىپ قالدىم، شېرىنئاي راست دەيدۇ، مەيلى بۇ بىر يېتىم قىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىش بولسۇن، مەيلى بۇ بىر خىل ساخاۋەت بولسۇن، مەيلى بۇ بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش بولسۇن، مەيلى بۇ رەھبەرلىكنىڭ ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بولسۇن، بۇ ساخاۋەت ماڭا تېگىل بولدى. مەن يەنە شۇ ھېسسىياتتا ! ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ مەڭگۈ تۇتاشمايدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇپۇق تامان كېتىۋاتقان سەيياھمەن، چىڭگىزخانمۇ «ئاخىرقى دېڭىز»غا يېتىپ بېرىپ توختاپ قاپتىكەن، مەنمۇ ھامان بىر كۈنى «ئاخىرقى دېڭىز»غا دۇچ كېلىشىم مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ۋاقىت كېرەك. مەن پەقەت داۋاملىق ياشىغاندىلا ئاندىن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىمەن. مەن چوقۇم ياشىشىم كېرەك.

مەن ئوپېراتسىيەگە ئېلىپ مېڭىلدىم. ئاللىقانداق ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە كېتىۋاتىمەن، ئەگەر يەنە ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەم ئىدىم، بارلىقىمنى مەندەك ھايات-مامات كۈرىشىدە قىينىلىۋاتقان كىشىلەرگە بېغىشلايتتىم...

ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ھاياتلىق قىسمەتلىرىم يەنە ئۇلىنىپ داۋاملاشتى. گەرچە بۇ نۇرغۇن بەدەل، نۇرغۇن قېرىنداشلىق قەرزى ھېسابىغا كەلگەن پۇرسەت بولسىمۇ، ئەمما، كۆزۈمنى ئېچىپلا كۆرگىنىم ئاتا-ئانام، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ بىھېساب خۇشاللىقى بولدى. ئاتا-ئانام شۇنچە يىراقتىن مېنى دەپ كەپتۇ، ئېنىقكى، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟ تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ قېنى ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئەمدى ئۇلاردىن ئاغرىنسام بولمايتتى، ئۇلار خۇددى ئۆز گۇناھىنى يۇماقچى بولغان ئادەمدەك ماڭا ئاجايىپ تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئانامنىڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا بەدەنلىرىمنى سۈرتۈپ قويۇشلىرى، دادامنىڭ ئاجايىپ ئامراقلىق بىلەن قاراشلىرى يۈرىكىمدىكى سوغۇقنى خۇددى باھار شامىلىدەك ئېرىتىپ كەتكەن ئىدى. باشقىلارنىڭ پەقەت بىرلا دادىسى، بىرلا ئانىسى

بولسا مېنىڭ ئىككى دادام، ئىككى ئانام بولدى.
ئىككى جۈپ يۈرەك مەن ئۈچۈن سەدىپارە بولدى.
ئېھتىمال بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن شاپائىتى
بولسا كېرەك.

كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان مۇشۇ مەزگىللەر-
دە، ئۆز كەسپىمنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر مۇ-
قەددەس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.
بىر بىمارنىڭ ھېسسىياتىنى، بولۇپمۇ ھاياتلىق-
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ھاياتقا قىيالماس-
لىق بىلەن بېقىپ، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن
ئىشلىرىنى قىلالماي ئۆكۈنۈپ كېتىۋاتقان بىر
ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەندىم. ئاشۇ
ھېچكىمگە تىنغىلى بولمايدىغان ئازغۇن ھېس-
سىياتلىرىم ئوپېراتسىيەخانىدا قالغان بولغاي
ئىلاھىم! ئاران دېگەندە قايتىدىن ھاياتلىققا ئې-
رىشتىم. ئەمدى بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ يېڭى
ئارمانلىرىم بىلەن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئەھمىيەت-
لىك ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك.

ئۇنى زادى قاچان تۇغەل ئۇنتۇپ كېتىشنى،
قاچان ئۆزۈم ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولالايدىغى-
نىمنى بىلمەيمەن. ئۇنى يەنىلا سېغىنىدىغىنىم-
نى ئىقرار قىلمايمەنۇ، كاللامدا يەنىلا ئۇنىڭ سې-
ماسى لەيلەپ يۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئېڭىمغا
شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورناپ كەتكىنىدىن ئۆزۈم-
مۇ ھەيران قالىمەن. چۈنكى ھەر كۈنى سەھەردە
كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا چۈشۈمدە ئۇنى كۆرگەن-
كۆرمىگىنىمنى ئەسلەپ باقىمەن. ئۇنىڭ ئاخىر-
قى قېتىم ماڭا: «تېزرەك ساقىيىڭ، دوختۇرخانا
سىزگە موھتاج» دېگەن ئاۋازى ھازىرمۇ قۇلاق تۈ-
ۋۈمدە جاراڭلايدۇ.

شېرىنئاي كىرىپ كېلىۋېدى، دادام ـ ئانام
ئىككىمىزنى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ــ چىرايىڭىز بىرئوبدانلا تۈزىدۇ، ساقىيىپ
بوپسىز جۇمۇ! تۇرۇڭە ئەمدى ئۇششۇقلۇق
قىلىپ يېتىۋالماي، چېچىڭىزنى تاراپ قوياي.

ــ بولدى، ئەتىگەنلا ئانام تاراپ قويغانىدى.

ــ تۇۋا، چوڭ ئاپامغا ھەيرانمەن، ئاجايىپ
تېتىك ئايال جۇمۇ. سىزنى مەلىكىلەرنى كۈتكەن-
دەك كۈتۈۋاتىدۇ.

ــ ھەئە، مەنمۇ تېزرەك تۇرۇپ كەتسەم
دەيمەن، دەرسلىرىمدىن ئەنسىرەپلا تۇرىمەن. ۋاق-
قىتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ.

ــ قارا، دوختۇر تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى!
تېزرەك ساقىيىمەن دەپ تېز ساقايغىلى بولامتى-
كى؟ مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ-
دە؟ سەۋر قىلىڭ. تېخى يەنە بىر يىل ۋاقتىڭىز
بار، مېنىڭچە تىرىشسىڭىز بىرگەپ بوپ قالار.

ــ ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي، بالدۇرراق ئوقۇ-
شۇمنى تاماملاپ، بالدۇرراق دوختۇرخانىغا
قايتسام دەيمەن، بىر كېسەلنى ئارتۇق داۋالىسام
بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشالايمەن ئەمەسمۇ؟

ــ سىزگە بىر گەپنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ بىلمى-
دىم، ــ ئۇ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ مۇنداق بېشىنى دەپ قويۇپ ئاخىرىنى دې-
مەيدىغان قانداق گەپ ئۇ؟ ــ مەن ئۇنىڭ ئېغىزى-
غا قارىدىم. ئۇ ئىككىلىنىپ ناھايىتى تەستە سۆ-
زىنى داۋام قىلدى.

ــ ھېلىقى ئادىمىڭىز تۈنۈگۈن مۇراتقا تېلې-
فون قىلىپ ئەھۋالىڭىزنى سورىغاندەك قىلدى.

ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.

ــ مۇرات سىزگە دېمەمدۇ دېگەن ئىدى.

ــ ئەمىسە نېمىشقا دەيسىز؟

ــ ئەسلىدىغۇ سىزگە مەنسۇپ بولمايدىغان
بۇ كىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن ئېسىمىز-
دىن چىقىرىۋەتسەك بولاتتى. بىراق ھازىر
سىزنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ غەمخورلۇقىغا بەكرەك
موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن.

ــ چۈشەندىم، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.
ئۇنى ھامان ئۇنتۇپ كېتىمەن. بۇ ۋاقىت مەسىلى-
سى خالاس!

ــ شۇنداق قىلالىسىڭىز ئاندىن تۇغقانلارغا،
بىمارلىرىڭىزغا يۈز كېلەلەيسىز. كۆڭلىڭىزگە
كەلسىمۇ ئوچۇقنى ئېيتاي! سىز مەيلى كەسپتە
قانداق نەتىجە قازىنىپ كەتمەڭ، ئەخلاق جەھەتتە
ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەت-
سىڭىز، ھۆرمەت تاپالمايسىز. ئەنئەنە بويىچە

ئېيتقاندا، سىز خەقنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسىڭىز ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ. بىز ئاشۇ ئەنئەنىدىن ئايرىلالمايمىز، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ ئەنئەنە بويىچە ياشاۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. شۇنداق بولغانىكەن سىز ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن! رەھمەت سىزگە! — مەن شېرىنئاينىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتتى. ئۆيدىكىلەرگە قىيالمىساممۇ ئۇلار بىلەن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىدىم. مېنىڭ ئۇلار دېگەندەك بىر يىل كېچىكىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رايىم بارمىدى. ئاتا-ئانام بىر كۆزى كەينىدە دېگۈدەك يۇرتقا قايتتى. ئەمدى زورۇقۇپ كەتمىگەن ئاساستا دەرسلىرىم ئىچىگە شۇڭغۇشتىن باشقا ۋەزىپەم يوق ئىدى. ئاستا-ئاستا ھەممە ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، ياتاق، تەجرىبەخانا، كۇتۇپخانا ئارىسىدا كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

تاسادىپىي دىققىتىمنى تارتقان بىر تال گىياھ، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر، مەن ئۇچۇن ھېچقانچە ئەھمىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھېيت-بايرام ماڭا ئاجايىپ ئېغىر غېرىبلىق باشلاپ كېلەتتى. بۇ غېرىبلىقنى ھېچنېمە دال بولمايتتى. يەر شارىدا نەچچە مىليارد ئادەم قىمىرلىشىپ يۈرسىمۇ، ئۆزۈم ئاۋات پايتەختتە تۇرسامۇ غېرىبلىق ئىچىدە يېتىمسىرايتتىم. بۇ غېرىبلىقنىڭ نەدىن كەلگىنىنى بىلسەممۇ ئېتىراپ قىلمايتتىم. ئەمما ياخشى يېرى ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ يۈرمىدىم. ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىمۇ سۈكۈت بىلەن ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم. مۇشۇنداقلا ماڭسام ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىپ، بۇ كۆلپەتلىك روھىي خوراشلىرىم ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

بىر يىل ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. مۇرات بىلەن شېرىنئاي ھېلىھەم ئۆز دوستلۇقى بىلەن غېرىبلىق باسقان قەلبىمگە مەلھەم بولۇپ تۇراتتى.

ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە شېرىنئاي ماڭا بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بويىدا بار ئىدى. گەرچە ۋاقتىنچە باللىق بولۇشنى ئويلاشمىغان بولسىمۇ، بۇ تاسادىپىي ھامىلدارلىق ئۇلارنىڭ بۇ قارارىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

— بويۇمدا بارلىقىنى ئۇقۇپ بەك قورقتۇم. ئاغزىمدا ئالدۇرۇۋېتىمەن دېگىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇراتنىڭ بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى دېيىشىدىن بەك قورقتۇم. كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭ خۇشلۇقتا ئاغزى-قۇلىقىغا يەتتى. بۇ بالىنى چوقۇم تۇغۇپ بېرىسىز دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ يېنىكلەپ قالدىم.

— ھەقىقەتەن ياخشى ئىش بوپتۇ. ئانا بولۇش ئاجايىپ ياخش ئىش بولسا كېرەك؟ كۆزلىرىڭىزدىن بەخت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

— شۇنداقما؟ — ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— بولۇپمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن باللىق بولۇش بەك ئۇلۇغ ئىش بولسا كېرەك، — شېرىنئايغا مۇشۇلارنى دەۋېتىپ ئىچىمدە ئاجايىپ تاتلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى، توۋا ئەگەر مۇشۇ بىغەرەز ئەبلەختىن بىر باللىق بولالىغان بولسام - ھە؟ بىراق ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ئايال كىشى ئەمەس، پەقەت بىر كادىر، خالاس. ئۇنىڭ ئاشۇ قاتتىق تاشقى قېپى ماڭا ئۇنى خۇددى ماشىنا ئادەمدەكلا كۆرسىتىدۇ. خىيالىمدا ئۇ ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ گالستۇك، شىم - كاستۇملىرى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان ئادەم، باشقا ئىشلارنى ھەر قانچە قىلسامىمۇ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايمەن.

شېرىنئاي مېنى خىيال ئىچىدىن تارتىپ چىقتى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە. شۇ سىزنىڭ قورسىقىڭىز يوغىنايدىغان چاغدا مەن كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. تولغاق يېگەن چاغلىرىڭىزدا يېنىڭىزدا

تۇرۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، قانداقمۇ قىلارمەن؟

— كېلەرسىز، مەنمۇ سىزدەك بىر قىز تۇغسام دەيمەن. بالا تۇغۇلغاندا تۇنجى بولۇپ كىم قولىغا ئالسا بالىنىڭ خۇي - پەيلى شۇ كىشىنى تارتارمىش.

— ئەركىشى دېگەن ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىنى ئارزۇ قىلارمىش. مۇرات ئۈچۈن بولسىمۇ ئوغۇل تۇغۇڭ.

— مۇرات قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ ئوخشاش دەيدۇ.

— هەي، مېنىڭ ئوغۇل بوۋاقنى باققۇم بار ئىدى.

— ئەمىسە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغاي.

— يىڭناغۇچتەك مۇشۇ بەستىڭىز بىلەن تېخى قوشكېزەك تۇغماقچىمۇ سىز؟

— سىزىكىم بەك غەلىتە، بىر نەرسىنى يېگۈم كېلىدۇ، بىر قېتىم تويۇپ يېدىممۇ بولدى، ئىككىنچى يېمەيمەن. يەنە باشقا نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىدۇ. ئىشقىلىپ بەكمۇ ئىشتىهالىق بوپ كەتتىم. بىر ئەمەس بىر نەچچىنى تۇغامدىمەنكىن دەيمەن.

— نەچچىنى تۇغسىڭىز ئىختىيارىڭىز، بىراق سىزنىڭ ۋاقتىڭىزدىكى ئوزۇقلىنىشىڭىزغا مەن مەسئۇل بولاي. نېمە يېگۈڭىز كەلسە ماڭا دەڭ. ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرىمەن.

— راستىنى ئېيتسام تاماقخانىلارنىڭ تاماقىغا ئۆچ بولدۇم، ئۆيدە ئېزىلىپ كەتكەن سۇيۇقئاش بولسىمۇ ئېغىزىمغا تېتىيدۇ. شۇڭا هازىر كۆپ هاللاردا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ تاماقلىنىۋلتىمەن.

— ئارىلىق يىراق تۇرسا، بەك ئەپسىز بوپتۇ. ئەمدى ئۆزۈملا ئېتىپ بېرەي

— شۇغىنىسى، دەرسىڭىزگە تەسىر يېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— مەن تاماق ئېتىۋېتىپمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىسىدا سىز بىلەن پىكىرلىشەلەيمەن. مەنمۇ زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلمايمەندە؟ — ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

شېرىنئاي كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدىم. يېشىم بىر يەرگە باردى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم مەڭگۈ ئانا بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئوخشايمەن. نېمىشقا مەنمۇ باشقا قىزلاردەك ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغان بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغاندىمەن. دۇنيادا خۇددى ئۇنىڭدىن باشقا ئەر زاتى يوقتەك نېمىشقا ئۇنىلا سېغىنىدىغاندىمەن. كېچە بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۇخلاپ قالغان چېغىم، ئويغانغىنىمدا ئۇنى چۈشەپ قالغىنىمنى بايقىدىم. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈپ چۈش كۆرۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزغىن تەبرىكلىرى، تىلەكلىرى ئىچىدە ئوقۇشۇمنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايتتىم، مۇشۇ بىر مەزگىلدە هەقىقەتەن بەك جاپا تارتتىم. دەرسلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىشىم ئاسانغا چۈشمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە سۆيۈملۈك دوختۇرخانىنى، ماڭا تونۇش كېسەلخانا، ئىشخانىلارنى، سۇس سېرىق رەڭلىك ئىش ئۇستىلىمنى ئاجايىپ سېغىندىم. ئەمدى ئۆگەنگەنلىرىمنى قايتۇرۇشۇم، ئۆز خىزمەت نەتىجەم ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقۇمنى ئىسپاتلىشىم كېرەك ئىدى. قارامايدا نەچچە كۈن تۇرۇپلا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئىچ - ئىچىمدىن سېغىنىۋاتقان ئاشۇ تۇپراقتا بولغان چەكسىز مۇهەببەت مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

ناهىيە بازىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر خېلىلا زور ئىدى. بىراقلا نەچچە ئولتۇراق رايونى قۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. كوچىلار ئوبدانلا رەتلىنىپ قاپتۇ. يېزىلاردا هەمكارلىق داۋالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، دېهقانلارمۇ خۇددى دۆلەت خىزمەتچىلىرىدەك داۋالىنىش تەمىناتىدىن بەهرىمەن بولىدىغان بوپتۇ. دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ يەنە بىر بىنا سېلىنىپتۇ. ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان هەقىقىي كۆرەش مەيدانىم ئويلىغىنىمدىنمۇ ياخشى ئىدى. خىزمەت قىزغىنلىقىمنىڭ يۇقىرىلىقىمۇ ئەيتا-

ۋۇر، كېلىپ ئەتىسىلا ئىشقا چۇشۇش ئۇچۇن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. دوختۇرخانا باشلىقى خۇددى دادامدەكلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى.

— قانداق؟ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ھازىر سالامەتلىكىم ياخشى. ئاشۇ كۈنلەردە ھەر جەھەتتىن قوللىغانلىقلىرىغا رەھمەت. بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ ئوقۇشۇم پۈتتى دەڭ؟

— ئەمدى ئۆزلىرىگە، دوختۇرخانىغا جاۋاب قايتۇرىدىغان چاغ كەلدى. چوقۇم رەھبەرلىكنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىمەن.

— شۇنداقلا ئويلىغان بولسىڭىز ياخشى. ھېلىمۇ دانىنى بىزدىن يەپ تۇخۇمنى ئېلىپ قارلىمايغا كېتىپ قالمىدىڭىز، قايتىپ كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىزگە چوڭ تەسەللى بولدى.

— بىر نەچچە يىل بولسىمۇ ئىشلىگۈم بار. مۇنداقلا كەتكۈم يوق. مەن بۇ يۇرتنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولۇپ ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالمىدىم.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ئەمەلىيەتتە سىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— رەھمەت.

— قانداق ئىشلىقىنى ئۇقماي تۇرۇپ رەھمەت دەيسىزغۇ؟

— سىلى ھېچقاچاندا مېنى يامان يولغا باشلىمايلا ئەمەسمۇ؟

— مۇنداق ئىش. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئىككى يىللىق ئەمەلىي ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولدىڭىز.

— نېمىشقا؟ — داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

— بېيجىڭدا نەزەرىيەۋى سەۋىيەڭىز ئۆستى. ئەمدى كلىنىكىلىق داۋالاش ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرىسىز، بۇنداق پۇرسەت كۆرگەنلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. مۇشۇ بىر سان ئۇچۇن سەھىيە سىستېمىسى تەۋرەپ كەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئاخىرىدا يەنە سىزنى مۇۋاپىق دەپ قارىدۇق. ئوقۇغاندىكىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ، راۋۇرۇس دوختۇر بولۇپ چىقسۇن دېدىقۇ سىزنى!

— مەن قايسى يۈزۈم بىلەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالالايمەن؟ ھېلىمۇ رەھبەرلىك جىق ئاتىدارچىلىق قىلدى. يەنىلا ئاساسىي قاتلامدا ئۆگىنەي، ئوقۇشقا باشقىلار بارسۇن.

— بولدى تۈزۈت قىلماڭ، بۇ سان ئاسان ھەل بولمىدى. ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ سىزنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى، ئەمدى جاھىللىق قىلماڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتىم. مەندەك بىر ئادەتتىكى دوختۇر ئۇچۇن كىممۇ مۇشۇنداق كۈچ چىقارسۇن؟ چوقۇم ئۇنىڭ قولى بار. ئۇنىڭ مېنى كۆرگۈسى يوق. قۇلىقى تىنچ ياشاش ئۇچۇن مېنى كۆزدىن يوقاتماقچى! مېنىڭ بۇ تۇپراقنى شۇنچىلىك سېغىنىدىغىنىمنى ئۇ ماشىنا ئادەم نەدىن بىلسۇن؟ ئىختىيارسىز ئاتائانامنىڭ تۇپراق بېشىغا كەلدىم. مانا نەچچە يىلدا ئانامنىڭ قەبرىسى بېشىدىكى كىچىككىنە توغراق كۆكلەپ سايە تاشلىغۇدەك بوپتۇ. ياشلىرىم قۇيۇلۇپ تۇراتتى. «ئانا سىزنى يوقلاپ تۇرالمىدىم. ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىم كېرەككەن، مەن ئەمدى تېخىمۇ ئۇزاقتا كېلىدىغان ئوخشايمەن...»

لاي ئارىلاش يامغۇر تامچىلىرى تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. قايتمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، يانچۇقۇمدىن بىر سىقىم بۇغداينى ئېلىپ قەبرە بېشىغا چاچتىم.

— قۇشقاچلار بولسىمۇ ۋىچىرلاپ سىلەرگە ھەمراھ بولسۇن!

كۆز ياشلىرىم يامغۇر بىلەن بەسلەشمەكتە ئىدى. گادىرماچ خىياللار بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەيتتى. تېلېفونومنىڭ جىرىڭلىشى مېنى خىيالدىن تارتىپ چىقتى.

— بۇئايشەمما؟ نەدە سەن؟ بىزنى شۇنداقمۇ ساقلىتامسەن؟

— ئاپلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھازىرلا بارىمەن! بۆلۈمدىكى دوختۇر، سېستىرالار مېنى كۈتۈ-

ۋېلىش ھەم ئۈزۈتۈپ قويۇش يۈزىسىدىن چاي بەرمەكچى ئىدى. بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. قەدەملىرىمنى تېز - تېز يۆتكەپ چوڭ يولغا چىقىپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۇدۇل رېستورانغا قاراپ ماڭدىم. ھەممەيلەن تولۇق كەپ بوپتۇ، تولىمۇ خىجالەت بولدۇم. تۆرگە زورلاشلىرىغا ئۇنىماي ئامىنەنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئولتۇردۇم. خىزمەتداشلىرىمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىززىتىمنى قىلىشى ھەقىقەتەن مېنى تەسىرلەندۈردى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ توپا بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — ئامىنە پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى.

— تۇپراق بېشىغا بارغانىدىم، — دېدىم قۇلىقىغا شىۋىرلاپ.

— قېنى! قىزىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچكىنە ئاداش، ئىسسىپ قالىسەن.

خىزمەتداشلارنىڭ شوخلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى، مەن كەيپىياتىمنى ئۇلارغا تاڭماسلىق ئۈچۈن ئېچىلىپ ئولتۇرغان بولدۇم. سورۇن كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتى. ئامىنە ئېرىنىڭ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈن مەن بىلەن تازا مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا بالىسىنىمۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ئۆيىگە ئەكەتمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ بىرسى بىلەن مۇڭداشقۇم بار ئىدى، شۇڭا ئارتۇقچە تارتىنماي ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. پاكىزلىق يېغىپ تۇرغان قۇتىدەك ئۆيدە جېنىم يايراپلا قالدى. ئەگەر مەنمۇ بالدۇرراق بېشىمنى ئوڭشىۋالغان بولسام، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ئۆيۈم بولار بولغىيتتى. كېلىپلا مۇنچىغا چۈشۈۋالدىم، ئامىنەنىڭ يېپيېڭى ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ، چاچلىرىمنى سۈرتۈپ ياتاق ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئامىنە يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى.

— تۇۋا! بۇ ئۇخلاش كىيىمىنىڭ چىرايلىقلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. سېنىڭ ئۇچاڭغا چىقىپلا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندا؟

— راست، بەك چىرايلىقكەن.

— ئۆتكەندە بىزنىڭ ئادەم ئەكەپتىكەن. تېخى كىيگۈدەك بولمىغانىدىم. سېنىڭ رىزقىڭ ئوخشايدۇ. ئەتە ئېلىپلا كەت. بەدىنىڭدىكى جىمى چىرايلىق يەرلەرنى مانا مەن دەپ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن.

— ئېرىڭ ساڭا ئەكەلگەن كىيىمنى مەن قانداق ئەكەتىمەن؟ ئەتىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن. سەن كىيسەڭ تېخىمۇ يارىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ گۈزەللىكىڭدىن ھوزۇر ئالغۇدەك ئادىمىڭ بار. مەن كىمگە كىيىپ بېرەرمەن. يا بۇنى كىيىپ سىرتقا چىققىلى بولمىسا؟ يولدىشىڭنىڭ كۆزى بار زادى، سېنىمۇ تاللاپ تۇرۇپ كەلتۈرۈۋالغان، تېخى چىرايلىق كىيىملەرنى سوۋغا قىلىشلىرىنى قارىمامدىغان!

— بالا تۇغۇپ بەدىنىم ئۆزگىرىپ كەتتى، قارىغىنا بەدىنىڭنىڭ چىرايلىقلىقىنى؟ قاشتېشىدا ئويۇپ قويغاندەك، خەق بىكارغا كۆيۈپ قالمايدۇ ساڭا!

مەن ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قارىدىم.

— مۇنداق قارىمىغىنا ئادەمگە، ئادەتتە نېمە كىيسەڭ شۇنداق يارىشىدۇ. كۆڭلۈڭ تېخى ئاق، مىجەزىڭ ئاندىن ياخشى.

— مەن بىلمەي بىرسى ماڭا كۆيۈپ قاپتىمۇ؟

— قىز بالا دېگەن كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ، بايىنىڭمۇ، گادايىنىڭمۇ ئۆتۈپ باققۇسى كېلىدۇ. بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟

— بىراق سەن بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن، مەندىن سوراشقا ئەپسىز ھېس قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۆزۈڭمۇ بىلىدىغانسەن، بىرسى ساڭا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئېھتىمال ئۇ سېنىڭ ئىقتىدارىڭنى دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، بىراق سەن چىرايلىق بولغاچقا باشقىلار گەپ تېپىپمۇ ئۈلگۈردى. زادى بۇ دۇنيادا چىرايلىق ئاياللار سۆزچۆچەككە يېقىن، قايسى ئايال ئۆسسە، كۆزگە كۆرۈنسە ئۇنى چوقۇم ئۆزىنى بازارغا سالغان گەپ، دەپ تۇرۇۋالىدىغان خەق بىز. بىراق مەن ساڭا ئىشىنىمەن. ئىشەنمەيمۇ ئامالىم يوق. سەن يا بۇ يەردە بولمىساڭ؟

— ئەمدى بۇ گەپكە نېمە دېسەم بولار؟

— ھېلىقى كىشىنىڭ ئايالى بىزنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن بەك يېقىن. ئاڭلىسام ئۇ ئايالدىن سېنى نەچچە قېتىم سوراشتۇرغانمىش.

— نېمە دەپ؟

— قارامايلىق بىرسى بارمىش، ئۇنى بىزنىڭ ئادەم يېزىدىن مۇشۇ دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كەلگەنىكەن، ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەرگەنمىش، تېخى بېيجىڭدىكى چېغىدا ئاپاق-چاپاق بولغانمىش. كېيىنمۇ بىر قېتىم يوقلاپ بارغانمىش، قانداقلا ياخشى ئىشلار بولسا ئۇنىڭ بولارمىش... دېگەندەك. ئىشقىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تالىشىپ بۇ گەپلەر تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتتى.

مەن نېمە دەيمەن؟ قورسىقىمنىڭ راستىلا ئاغرىقى بار تۇرسا؟ گەرچە ئەزەلدىن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولساممۇ، بىر ئايالنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا مەن تېخىمۇ ئېغىر تىل - ھاقارەتكە ھەقلىق ئىدىم. يامان يېرى ئۇنىڭغا بىلىپ-بىلمەي ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەپتىمەن. بەلكىم ئۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئايالى بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغاندۇ. خەقلەر ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلگەندۇ. ئىستىلىدىن گۇمان قىلغاندۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىياسىي ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ قويدۇم - ھە؟

نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىشنى بىلمەي ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. ئامىنە مېنى چاقىرىپ بېقىپ «بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالغىنىنى قارا، ھۇ مۇشۇك!» دەپ قويۇپ ئۇخلاشقا تۇتۇندى. تاكى ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە مىدىر-سىدىر قىلماي يېتىۋالدىم.

ئۇنى كۆرمىگىنىمگە قانچە ئۇزاق بولغىنىنى بىلمەيمەن. لېكىن سۆز-چۆچەكلەر يەنە ئۆز يولىدا چىقىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. تۇرۇپلا قورسىقىم كۆيتى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ قەلبىگە ئېرىشەلىگەن بولسام ئىدىم، مەيلى دەيتتىم. لېكىن ئۇ كىشى ماڭا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىغان تۇرسا، يەنە سۆز-چۆچەككە قالسام نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ؟

تولىمۇ روھسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئامىنەنىڭ بىردەم ئۇخلىۋال دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇشىغا ياردەملەشتىم. ئەمەلىيەتتە قولۇم ئىشتا بولغان بىلەن كاللام يەنىلا شۇ ئايىغى چىقماس مۇلاھىزە بىلەن ئاۋارە ئىدى. تەڭرى ھېچقانداق قىزنىڭ بېشىغا مۇنداق كۈننى بەرمىسۇن. ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان، كۆزلىرىگە ئوتلۇق باققىلى بولمايدىغان، ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم كۆرگىلى بولمايدىغان، ھەتتا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەردىڭنى تۆككىلى بولمايدىغان مۇنداق ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بولىدىكەن، ئادەم خۇددى دېڭىزدا ئادىشىپ قالغان يېگانە قولۋاقتەك يېتىپ بارىدىغان نىشانەڭنى تاپالماي، مۆلچەرلىيەلمەي ئاستا-ئاستا ئۈمىدسىزلىنىپ ئالدى بىلەن روھىڭدىن ئاندىن جىسمانىيىتىڭدىن ئايرىلىدىغان گەپكەن. ئەمدى ئۈمىد باغلىغۇدەك ھېچنەرسە تاپالمىدىم. شۇنچىلىك گەپ چىققانىكەن، ئۇ ئەمدى ماڭا خۇددى ئالۋاستىغا ئۆچ بولغاندەك ئۆچ بولىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگىنىم ياخشى.

— ۋۇي! خىيالچان قىز، ناشتىلىق تەييار بولدى، ئادەمنى خىجالەت قىلىپ ئۆيلىرىمنى تازىلاپ كەتتىڭ، ئەمدى ھەر قېتىم ئۆي تازىلىغاندا سېنى ئەسلەيدىغان بولدۇم، — ئامىنە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئەتكەنچاينى سۇنۇۋېتىپ شۇنداق دېدى.

ئىسسىق نان، مۇرابا، مېغىزلار بىلەن ناشتىغا تۇتۇندۇق.

— ئەمەلىيەتتىنغۇ، بۇ قېتىمقى ئوقۇش ساڭا ياخشى بىر پۇرسەت. ئىككى يىل جەريانىدا كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە يەنە يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى، سايمانلىرى بىلەن تونۇشىسەن. داڭلىق دوختۇرلار بىلەن بىللە بولىسەن، شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا سەنمۇ داڭلىق دوختۇرلار قاتارىدىن

ئورۇن ئېلىپ قالىسەن. پىتنە-ئىغۋالار خۇددى ماغزاپىتەك يوقايدۇ. ئاتا-ئاناڭ بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا كۆرۈشەلەيسەن. بۇنىڭدىن ئوبدان ئىش نەدە بار؟

— بەلكىم دېگىنىڭ توغرىدۇ. بىراق مەن مۇشۇ يۇرتتا چوڭ بولۇپ، تۇزىنى يەپ، ئازراقمۇ تۆھپە قوشالماي كېتىپ قالىدىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. دوختۇرخانا رەھبەرلىكى مېنى ئوقۇتتى. كېسىلىمنى داۋالىتىشتا زور ياردەم قىلدى. راستىلا چىدىمايمەن. مېنىڭ ئۇنداق پىتنە-پاساتلار بىلەن كارىم يوق، قورقۇپمۇ قالمايمەن. ھەممە ئىشلار ھامان ياخشى بوپ كېتەتتى.

— نەگىلا بارساڭ ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىسەنغۇ؟ مېنىڭچە ئۆكۈنۈشىڭ ھاجىتى يوق. بىراق پىتنە-پاساتلارغا كەلسەك دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. ئاڭلىماققا «ئىتلار قاۋىرىدۇ، كارۋانلار يۈرۈۋېرىدۇ» دېگەن بىلەن، بىر قىز بالا ئۈچۈن ياخشى نام-ئاتاق خۇددى كىيىمدەكلا مۇھىم. ھەممىلا ئادەمگە مەن مۇنداق ئادەم ئىدىم، دەپ ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ بولالامسەن؟ — ئۇ قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭماقچى بولدىيۇ يەنە توختاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر ئايال كىشى ئۈچۈن مۇھەببەتلىك بىر ئائىلە ھەممىدىن مۇھىم. يېشىڭ ئۇلغىيىپ قالغۇچە بالدۇرراق بېشىڭنى ئوڭشىۋال. ساڭا دېسەم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سەن مەيلى قانچىلىك داڭلىق ئالىم بولۇپ كەت يەنىلا بىر ئايالسەن. سەن پەقەت بىر ئەرنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىنىسەن. باقىقان ئاتا-ئاناڭغۇ تويۇڭنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى. ئەمدى ئۆز ئاتا-ئاناڭ ئۈچۈن بولىسىمۇ ئويلىنىشىڭ كېرەك.

— ئامىنە، ئۆزۈڭ سۆيگەن ئادەم بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ شۇنداق بەختلىكسەن، بىراق مەن ساڭا ئوخشىمايمەندە؟ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئادەم نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟ خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپلا كۆزۈمنى يۇمۇپلا توي قىلسام، ئۇ چاغدا بەك مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولارمەن؟

— سەن چىرايلىق ھەم ئىقتىدارلىق تۇرساڭ نېمىشقا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگۈدەك بىرسىنى ئۇچراتمىغۇدەكسەن؟ مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسەڭ ياخشى يىگىتلەرنى يامان قىزلار تاللىۋېلىپ ساڭا تاللاش پۇرسىتى قالمايدۇ.

بىر نەرسە دېمىدىم، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ كۆزلىرىمدىكى ياشنى تەستە يوشۇردۇم. ئامىنە سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— ۋاي بولدىلا! ئەتىگەندە كەيپىڭنى ئۇچۇرۇپ قويدۇم. دېمىگەن بولاي. ئۆزۈڭ شۇنچە ئەقىللىق، بىرنېمىنى ئويلىغانسەن.

— ياقەي، سەنمۇ ماڭا ياخشى بولسۇن دەيسەنغۇ؟ بۇنداق دېگەن سەن بىرلا ئەمەس. راست، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام بولاتتى. ئۇنداق قىلالمايۋاتىمەن. قارىغاندا ۋاقىت ئۆزى بىر نېمە دېسە بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەيرانمەن، مۇشۇ چىرايىڭ، مۇشۇ ئەقلىڭ بىلەن بەختلىك ياشىساڭ بولاتتى. ئېھتىمال ئاياللاردا ئىككىلىسى تەڭ مەۋجۇت بولسا توغرا بولمايدىغان چېغى ! سەنمۇزە يا چىرايلىق بولغاندىكىن دۆترەك بولمىدىڭ، يا ئەقىللىق بولغاندىكىن سەترەك بولمىدىڭ، شۇنداقمۇ ئىنسابسىزلىق قىلامسەن؟

— سەن دوستۇم بولغاچ كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنسەم كېرەك. چىرايلىق بولغان بولسام بىرەر يىگىت ئالىمەن دەپ سەكرەپ چىقار ئىدى. ئولتۇرۇپ قالدىم مانا !— ئامىنەنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە چاقچاق قىلدىم.

— ئىشقىلىپ «سەت ئايالنىڭ دۈشمىنى يوق» دەپتىكەن. يېتەرلىك سەت ئەمەس ئوخشايسەن. خەقلەر ئېرىدىن كۈنلەپ يۈرۈيدۇ مانا!

— ئۇ دېگەن نادان ئايالنىڭ ئىشى، ئەسلىدە ئۇ ئېرىگە ئىشىنىشى كېرەك ئىدى.

— ۋاي-ۋۇي، ئۇ ئايالغىمۇ تەسكەن، ئۇ ئادەم ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن يۈرسە قانداقمۇ كۈنلەپ ئۆلگۈرۈپ بولالايدىغاندۇ؟

مەن تەئەججۇپ بىلەن ئامىنەگە تىكىلدىم.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ چۈشەنمىدىمغۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل تۇرقىغا قارىسا ئادەم ئەي-

مىنىدۇ، بىراق بىرلا ئىچىۋالدىمۇ ئەتراپىغا قوش-
قاچىلىرىنى يىغىپ بايرام قىلىدىكەن، يەنە كېلىپ
قوشقاچىلىرى ساپلا كىچىك قىزلار ئىكەن.

— مەن ئۇ كىشىنى بەك ئېسىل ئادەم دەپ
ئويلايمەن.

— نېمىسىنى دەي، بىر قېتىم خىزمەت مۇنا-
سىۋىتى بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالغانىدۇق.
ماڭمۇ چاقچاق قىلىپ ئۆلگۈردى. بىلگىنىز
ئۇسسۇلچىلارنىڭ بىلىدەك ئىنچىكىكەنغۇ؟
دەپ بىر ئوبدان بىلىمنى سىلاپ يۈرىدۇ. مۇز-
كا توگىشى بىلەنلا قايتىپ كەلدىم. ئىككىنچى
ئۇنداق سورۇنلارغا بارمىدىم. بىز دېگەن كادىر.
مائاشنى ھۆكۈمەت بېرىدۇ. خىزمەت مەسئۇلىيە-
تىمىزنى ياخشى ئادا قىلساقلا بولدى. خەقتىن
نېمە قورقۇش؟ — ئامىنە قاچىلارنى دەستىلەپ
ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. سۇنىڭ شارىلدىغان ئا-
ۋازىدىن ئۇنىڭ قاچا يۇيۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى
بولاتتى. ئۇ قاچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ سورىدى.

— نېمە بولدى؟ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟

— ياق، باشقا ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ
يەردە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە قايسى ئىشلىرىم
قالدىكىن؟ ئەتە ماڭمەن ئەمەسمۇ؟ — ئاۋازىم
سەل تىترەپ كەتتى.

— بۈگۈن مەن كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەي-
مەن. كۈندۈزى ئىش-كۈشلىرىڭنى قىلىشىپ
بېرەي، بولامدۇ؟

— رەھمەت ساڭا!

مەن خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك
قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەي يولغا چىقتىم. ئاپتو-
بۇسنىڭ يېنىك سىلكىنىشلىرى ئىچىدە بۇ سۆ-
يۈملۈك تۇپراققا قاراپ قىيالماي كېتىۋاتاتتىم.
خارامۇشلۇق ئىچىدە ئۆز يۈرىكىمنى تىلغىماقتا
ئىدىم. قەلبىمدە ئۇنىڭ خىرۇستالدىن، ياق ئال-
ماستىن ئويۇلغان ھەيكىلى بار ئىدى. ئۇنىڭ گۆ-
زەللىكىگە، سۈزۈكلۈكىگە، ئۇلۇغلۇقىغا تىل ئا-
جىزلىق قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇ بىراقلا مۇز ھەي-
كەلگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئاستا-
ئاستا ئېرىيمەكتە ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى
ئۇنىڭ ئاشۇ مۇزدەك ھەيكىلىنى باغاشلاپ، دات-
كونىڭ يۈرىكى ئورنىدا ئۆزۈمگە مەشئەل قىلىپ
كەلگەن ئىدىم. ئۇ ئېرىپ كەتسە بولمايتتى.
ئۇنى قوغداپ قېلىشىم كېرەك! چۈنكى ئۇ قەل-
بىمدىن غايىب بولغان ھامان غېرىبلىق ئۈستىگە
غېرىبلىق قوشۇلۇپ دەرد ئۈستىگە دەرد بولاتتى.
بىراقلا زۇلمەتتە قالسام بولمايتتى، خۇددى
ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلغاندەك.

ياق! ئامىنە ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ شۇنداق
ئادەم. ئۇنىڭ قېپى بار. ئۇنىڭ ئاشۇ سىرتقى قېپى
ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆزىنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ قە-
دىرلەشكە تېگىشلىك ئادەملەرنى قەدىرلەشنى بى-
لىدۇ. ئۇ خەقنىڭ دىققىتىنى بۇراش، نوقۇل ھالدا
مېنىڭ سۆز-چۆچەككە قېلىشىمنى، ئىستىقبا-
لىمنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق ئەسكى
ئادەم بولسا ھازىرغىچە نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئۆت-
كۈزۈۋېتەرمىدى؟ بىپەجەنگدا ئۇ ئاشۇ ئېسىللىقى
بىلەن مېنى تېخىمۇ قايىل قىلمىدىمۇ؟ ئۇ نىشان-
نى بۇراپ مېنى قوغداپ قالدى. مېنى داغدام يولغا
ئىتتىرىپ، ئۆزى تىنسىز ھالدا بەخت تىلىدى.

مۇز ھەيكەل ئېرىشتىن توختاپ بىر گۈڭگا
بەدىئىي سۈرەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالدى. مەن
ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇشىدىن مەمنۇن.
چۈنكى ئۇ ماڭا ھەر ۋاقىت ئۇنتۇلمىلۇق ساۋاق
بېرىپ تۇرىدۇ. مەن ئەمدى ئۇنى ئىچكىرىلەپ
چۈشىنىشنى خالىمايمەن. پەقەت ھازىرقى مۇئەم-
ما چۈشەنچەم ئارقىلىقلا ئۇنى خاترەمدە ساقلاي-
مەن. ئالدىمدىكىسى تەقدىر ماڭا تاللاپ بەرگەن
يول. ئۆزۈمنىڭ چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش
ئۈچ ئاچا يولنىڭ بارسا كەلمەس يولىغا قاراپ
ماڭغان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى
ئەمدى بۇ يۈرتقا قايتماسلىق، قايتالماسلىق پېشا-
نەمگە پۈتۈلگەن ئىدى.

(ئاپتور كېرىيە ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا)

مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**




## بۇغداي تېرىمى

تىرىك جانلار كۆزگە ئۇلاشتى،
ئالتۇن رەڭدىن ھۆسن تالاشتى.
ئاق پاختىلار قونغان شادىلار
بۇغدايلارنى كۈتۈۋالغىلى،
چاچلىرىنى رەتلىك تاراشتى.

ئاپتاپ يېگەن يەرلەر خىرامان،
شۇدىگەرگە كۆز تىكتى دېھقان.
ئاغدۇرۇلغان ئېگىز بېتىگە،
قۇياش لەۋلىك تىللىرى بىلەن
يەنە سىم-سىم كۆي تۆكتى ئاسمان.

نەم تۇپراقلىق مۇنبەت ئېتىزغا،
ئايمۇ ھەتتا چاچتى نۇر، زىيا.
تاڭ سەھەرگە سۇنۇلغان قوللار
تەشەككۈرغا قوشۇپ ئۇرۇقنى،
ئانا يەرگە كۆمدى ئاستىلا.

مەي باغلىدى ھاۋامۇ بۈگۈن،
قىر گۈللىرى ئېچىلدى گۈلگۈن،
پېشانىدىن تۆكۈلگەن تەرگە،
ھەۋەسلىنىپ بىغۇبار شەبنەم،
بەردى يەرگە سۆيگۈنى پۈتۈن.

قوي، كالىلار قىيغىتتى خۇشال،
ئەتىيازغا تاپقانىدەك ئامال.
ئۇرۇقلارغا باغرى مېھرىلىك،
ئوسسىغا قانغان ئېتىزلار
كۆز بېتىدە بولمىدى ھايال.

سۆرەم سالدى كۆلگۈنچەك يىگىت،
دالىلاردا بولدىمىكىن ھېيت؟!
تېرىم پەيتى ھەممە سېخىلىق،
گىرەلىشىپ يەر تەكتى بىلەن،
مول ھوسۇلغا قويدى كۆپ چېكىت.

## بۇغدايلىقتىن ئۆت ئېلىش

ئاپرېلدىن ئىيۇنغىچە يۇرەكلەردە،
ئىسسىق ياز چېچەكلەيدۇ بەرق ئۇرۇپ.
يۈگىمەچ يۇمران يېشىل ياپرىقىدا،
قىزلارنى چاقىرىدۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

قويلارنىڭ غەلۋىسىگە ئانا خاپا،
سېغىنىش بۇقۇلدايدۇ بۇغدايلىقتا.
سۇ تۇتقان يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى ئوت،
ھىجرانغا داۋا ئىزدەپ ئۇچار چالما.

ئورغاقنىڭ بىسى ئازدى، تەندە تىترەك،
ناخشىغا سىڭىپ كەتتى مايسا ھىدى.
يالپۇزغا سۇزۇك-سۇزۇك پىچىرلاشتا
شىلدىرلاپ ئاقىنى ئۇ سۆيگۈ قېنى.

تاغارلار قۇرۇق شۇدەم، يۈرەكلەر توق،
چىرىلداق تومۇزغىلار يازغا ئاشىق.
رەسىدە بولغان قىزنىڭ كۆيۈمىگە،
مىڭ يىگىت غۇلاچ تاشلاپ ئېتەر ئېچىق.

ھەيرەتتە ئۇچۇپ كېلەر ئانا ئۈنى،
ۋاقىتنى گۇگۇم بىلەن ئوتلۇق چېتىپ.
بىلمەيدۇ دادىسىمۇ سېغىنىشنى
قىزنىڭ ماڭغىنىنى ئۆيگە ئېلىپ.

سۇتلۇك ئوت قىردا قالدى، قالدى جۇپ ئىز،
قويلارمۇ ئوت ئورنىغا يەمدىكىن دەرت؟!
ئايدىڭغا ئەسرا بولغان كۆيۈكلەرنى
باغرىغا ئالدى ئاستا نەم تەبئەت.

## بۇغداي ئورمىسى

ئىيۇنغا كىرىپ كەلدى تارتىنىپ ياز،
تومۇزغا كۈيلىرىگە يېتەلمەس ساز.
ئالتۇندەك ئېتىزلارنىڭ باغرى ئاتەش،
باش ئېگىپ، تولغان باشاق قىلىدۇ ناز.

ئورغاقلار چاقنىشىدا مىڭ تەبەسسۇم،
ئورمىنى سېغىنىشتى بوۋاي، مەسۇم.
قوغۇن ۋە تاۋۇزلارنىڭ تەمى تىلدا،
مۇزدەك چاي، سوغۇق قېتىق بۇگۇن ئۇدۇم.

تولۇن ئاي ئالقىنىدا مېھرىبانلىق،
سېپىدۇ نۇرلىرىنى بەك يېقىملىق.
ئاۋۇسا سولدىن-ئوڭغا قىزغىن ئورما
سەھەرمۇ قول سۇنىدۇ سالقىن، ئىللىق.

كەچلەرنى ناخشا بىلەن ئورايدۇ قىز،
تالمىغان بىلەكلەردىن قالسا كۆپ ئىز.
ئەنجىلەر دۆۋىسىدە بۇغداي ھىدى،
ئىشچانلىق تەپتى بىلەن يانار ئېڭىز.

جۇشقۇنلۇق يۈرىكىدە چاپچىيدۇ تاي،
چىغىر يول، ھارۋىلارغا خۇشخۇي چىراي.
ئېتىزلار ئارىسىدا سۆيگۈ لىپ-لىق،
خامانلار يۈرىكى توق، چېچىكى چاي.

سەراتان ئىسسىقىمۇ جانغا ئېجىل،
ئايدىڭدا بۇلۇتلارنىڭ ھۆسنى خىجىل.
ناخشىلار ئېرىتكەندە يۈرەكلەرنى،
نىگاھلار ئارىسىدا تىترەيدۇ دىل.

سەھەرنىڭ شەبنىمىگە تورغاي ئاداش،
ئورمىلىق ئويغىنىدۇ يەنىلا شاش.
ھوسۇلغا ئۆمىدلەنگەن ئاتىلارنىڭ
تالمايدۇ بىلەكلىرى، چېھرى قۇياش.

## خاماندىكى بۇغداي

سارغىيىپ پىشقاندەك ئۆمۈر توقىچى،
كۆكۈلگە ھەر ۋاقىت يۇگۈرتىدۇ سۇ.
تومۇزدا جانلارنىڭ قىينىقى يامان،
چەشلەرنى چۈشىدىن سالقىن ئايرىيدۇ.

چۈشلەر ئۇ ئالۋۇندەك كىتىدۇ ئۆتۈپ،
غەلۋىرنىڭ تاسقىشى ھەممىدىن يامان.
تەشنارەڭ ھاۋانىڭ باغرىدا يالقۇن،
تىنچىقتا ساماندەك كۆيگەن ئەڭ يامان.

بىر يۇتۇم قىتىقمۇ تىگىدۇ بۇگۇن
گۈپپىدە يۈرەكنىڭ بىغىشىغىلا.

سوزۇلۇپ يىتىشقان ئەنجىلەر توپى
ئىسلار شامالنىڭ بارماقلىرىغا.

لاي-لايلار يىزىنىڭ باغرىدىن ئۆچكەن،
پەقەتلا تىراكتور سايرايدۇ مەغرۇر.
ئارىنىڭ يىنىدا چولاق سۇپۇرگە
بىرىدۇ خامانغا ئۇزۇلمەس غۇرۇر.

كۆكاتلار كۇتىدۇ قىرىق كوكۇلا،
ئۇ پەقەت يىشىللىق، كۆكۈلگە سايە.
بۇغداينىڭ بەركىتى لاي-لايدا دىگەن،
ئۇ پەقەت ئۇنتۇلغان قەدىم ھىكايە.

(ئاپتور قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتىتىدا)

ئايقۇت

# قۇشلارنىڭ تىلىدا سۆزلىدىم ئۇزاق

## بەختىڭنى تىلىدىم

ئۆزۈمگە ئىسەنلىك تىلىدىم ئاخىر،
چىچىڭدەك چىڭگىلىك خىياللار ئارا.
نىمىگە ئىرىشتىم بىلمەيمەن لىكىن،
يارىلىق بۇ قەلبىم، بۇ يۈرەك يارا.

ئىچىلغان گۈللەرگە قارىغۇم كەلمەس،
سارغايغان خازانلار شۇنچىلىك گۈزەل.
قۇرۇغان گۈللەردە قولۇڭنىڭ ئىزى،
ئەمدى كىم مەن ئۈچۈن بىر تال گۈل ئۈزەر.

بىزماڭغان يوللاردەك ئۆزۈن ھەم تونۇش،
كەچمىشنىڭ ئىگىسى بوپتىمەن ئاخىر.

يىغلاڭغۇ تۇرقۇم بار ئىسىڭدە بەلكىم،
لىكىن مەن ھەممىگە چىدايمەن ھازىر.

قۇشلارنىڭ تىلىدا سۆزلىدىم ئۇزاق،
لىكىن سەن ئاڭلىدىڭ بەرمەي بىر جاۋاب.
سىلىدىم تاغلارنىڭ تاقىر بىشىنى،
مەيلىلا بۇ بارماق كەتسىمۇ قاناپ.

تاغلارنىڭ ئۆمرىدە ياشىغىن ئۇزاق،
تاشلارنىڭ سەۋرىدە چىدا ھەممىگە.
دىمىگەن شۇ سۆزلەر قالسۇن ئامانەت،
كەلسە گەر پۇرستى دەيمىز تەڭرىگە.

## نېمىلەر دەي بىلمىدىم ساڭا

بىر نېمە دېيىشنى ئويلىدىم ساڭا،
بىلمىدىم نېمىلەر دېيىشىم كېرەك.
كاككۇكتەك ئۇنلەيدۇ ئىسمىڭنى توۋلاپ،
مېنىڭدە قالغان بۇ مۇزلىغان يۈرەك.

قاتقاندەك كۆرۈنەر كۆزۈمگە دۇنيا،
تېلېفون ۋە ياكى تىۋىشىڭ سېنىڭ.
گۈللەرگە قارىدىم دەرگۇمان بولۇپ،
گۇمانلىق تەنھالا يۈرۈشۈم مېنىڭ.

بىلمىدىم دۇنيادا بارمۇ راستىنلا،
ئېتىقاد ۋە ياكى سۆيگۈ - مۇھەببەت.
ناتونۇش كۈيلەرگە غىڭشىدىم ئاستا،
لېكىن بۇ دىلىمغا بېرەلمەس لەززەت.

چۈشتەكلا ئۆتتۈلۈپ كېتەرمىز ھامان،
ئايرىلىش قانچىلىك يامان بولسىمۇ.
پەرۋاسىز ئۆتۈشۈپ كېتەرمىز بەلكىم،
گۆھەردەك كۆزلەرگە ياشلار تولسىمۇ.

قاراڭدىن قارامنى يوشۇرۇپ تېخى،
دالدىدا تۇرارمەن جىممىدە بىر پەس.
ۋە ياكى بويۇڭنى سېغىنىپ ئىزدەپ،
سەرسانە ئۆتەرمەن يېتكىچە نەپەس.

بۇ كۈنلەر ھىجرانلىق، ئەتىمۇ شۇنداق،
بىلمەيمەن ئۆگۈنى بولاركىن نېمە؟
مەن كېتەي گۈللەردەك ياكى قۇشلاردەك،
باھاردا كېلەر دەپ خىيال ئەيلىمە.

## ئاخىرقى كۈلكەمنى ئېپ قويدۇم ساڭا

ھىجرانكار تۈنلەردە مەن ئۆزۈم يالغۇز،
چۈشۈڭنى بۇزغۇم يوق يۈردۇم ئاۋايلاپ.
چېچىمنى مىڭ مەرتەم سىلىدىم ئۆزۈم،
ۋە لېكىن بىر رەتمۇ باقمىدىم تاراپ.

ئوسمىلىق ئېتىزىم قۇرۇپتۇ چاك- چاك،
سۇ ئىزدەپ ئۆستەڭگە بارمىدىم تېخى.
قۇشقاچقا چاڭگا بوپ قاپتۇ مۇڭلىنىپ،
سەن ئېگىپ بەرگەن شۇ ئاق ئۈجمە شېخى.

ئايدىڭدا تەنھالىق بەك ئېغىر ئىكەن،
سۇۋادان تۇرىدۇ سەندەك سۈكۈتتە.
يەلكەمنى يۆلىدىم ئاڭا ئاۋايلاپ،
غەملىرىم تۈگەرمۇ دېگەن ئۈمىدتە.

گۈل ئۈزدۈم ئۆزۈمگە- قىزىل ئەتىرگۈل،
كارىۋىتىم يېنىغا قويدۇم ئاۋايلاپ.
ئۈمىدتەك ياپيېشىل بىر تال ياپراقنى،
ساڭا دەپ شېخىدا يۈرىمەن ساقلاپ.

ئاتلاردەك كىشنىدىم يۈرەكتە تالاي،
سەھەردە خورازدەك چىللاپ ئىسمىڭنى.
روھىمنى سېنى دەپ ساقلىدىم ئاسراپ،
دەرد ھەسرەت ئەزسىمۇ نىمجان تېنىمنى.

ئالدىڭغا ياش تۆكۈپ چىقمايمەن ھەرگىز،
ئاخىرقى كۈلكەمنى ئېپ قويدۇم ساڭا.
بېغىمغا ئەگىزدەك كىرىسەن ئېقىپ،
پەقەت شۇ كۈيايە... كۈيايە ماڭا.

(ئاپتور قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا)

بۇخەلچەم ئوبۇل

# كۆي يۇلتۇز

## ئوغلۇمغا

ئۆزۈڭگە جىنايەت قىلما جان بالام،
ئايالىڭ، سۆيگۈڭگە بولغىن مېھرىلىك.
ۋاپاغا خىيانەت قىلما جان بالام،
خىيانەت گۇناھى بەكمۇ قەھرلىك.

ساداقەت يار بولسۇن ھەر قەدىمىڭگە،
شۇندىلا ھەر جايدا بولىسەن ئامان.
سەن ۋاپا قىلالماي ھېچ ۋاپا كۈتمە،
ۋاپاسىز ئايال ئۇ دوزاختىن يامان.

گەر قاشقا سانىساڭ قادىلۇر كۆزگە،
ئايالىق ئەر بولدۇڭ يۇرمىگىن پىنھان.
كىشىگە سانىساڭ ياندۇ ئۆزگە،
بىل بۇنى ياشىغىن بولۇپ چىن ئىنسان.

## باغرىڭىزدا كۈلگۈم بار

كۆزىڭىزدە كۆزۈم كۈلەتتى،
لېۋىڭىزدە تەبەسسۇمۇم ھەم.
سىزگە كەلگەن ئەلەم داغلايتتى
سىرقىرىتىپ جېنىمنى ھەر دەم.

بىر سىز ئۇچۇن خىياللار سۇرۇپ،
خىيالپەرەس بولۇپ كەتكەنتىم.
ئۆمرىڭىزگە خۇشاللىق ئىزدەپ،
رومانتىك دەپ ئاتالغان ئىدىم.

ئەپسۇس تەتۈر پەلەك، كاج قىسمەت،
سىزنى ماڭا نېسىپ قىلماپتۇ.
باغرىڭىزدا كۈلگۈم بار ئىدى،
ئارمىنىمنى تەقدىر بىلمەپتۇ.

## سىزگە ئاشىقمەن

كۆزلىرىمدە كۈلدۇ شەبنەم،
يۈرىكىمدە تۈگىمەس ئەلەم،
ئاجىز كەلدى يېزىشقا قەلەم،
سىزگە ئاشىق بولغان ئىكەنمەن.

ئويلىمىدىم سىزدىن كېچىشنى،
غەم باسقاندا سىزدىن قېچىشنى،
كۈن چۈشكەندە تاشلاپ كېتىشنى،
سىزگە ئاشىق بولغان ئىكەنمەن.

تونۇشمىساق بوپتىكەن ئەسلى،
ئەسلىمىدە كۈلەر گۈل ۋەسلى،
كەلدى ياۋا سۆيگۈ، دەرد پەسلى،
سىزگە ئاشىق بولغان ئىكەنمەن.

## قەدرىم

ياشاپ باققىن مەنسىز بىر قېتىم،
ئارمىنىڭغا قېنىپ، بەك قېنىپ.
ئەلىمىڭدە، ھەسرەتلىرىڭدە،
يۈرەك ـ باغرىم قالدى بەك ھېرىپ.

كۆزلىرىڭگە چۆككەن ئارمىنىم
سەرسان بولدى ئۇنتۇلغان چۈشتەك.
ئەر بەستىڭگە باغلانغان ئۈمىد
توزۇپ كەتتى قوغلانغان قۇشتەك.

يۈرەكلىرىم چېقىلدى چۇل ـ چۇل،
مەن كەچمەكچى بولغاندا سەندىن.
سەبرەم باردۇر، مېنىڭ قەدرىمنى
مەنسىز ياشاپ بىلەرسەن ئاندىن.

قەيسەر قىز

ئۆزۈم بىلەن ئېلىشىپ مىڭ رەت،
ئۆتتۈۋالدىم ئۆزۈمنى سەندىن.
تاشلىۋەتتىم ماڭا قالدۇرغان
ئەلىمىڭنى كۆڭۈل- كۆكسۈمدىن.

يۈرەك - باغرىم بولدى مىڭ پارە،
تومۇرۇمغا پاتمىدى قېنىم.

مەن ئۆزۈمنى ئۆتقانغا سەندىن،
خۇشلۇقۇم بار ئۆزۈمگە قەۋەت.
ئۆتالمايسەن ئۆزۈڭنى مەندىن،
ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق مىڭ رەت.

ئۇنتۇشتىنمۇ دەھشەتلىك ئېغىر
ئازابىڭدىن تىتىلدى جېنىم.

(ئاپتور مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە)

بېلقىز سۇلايمان

# تىلەكىم

## يانفونۇمدىن ياڭرىغان ئاۋاز

يانفونۇمدىن ياڭرىغان ئاۋاز
تۇتاشتۇردى قەلبىمنى ساڭا.
ۋىسال گۈلى ئېچىلغان شۇدەم،
گويا بايرام بولدىغۇ ماڭا.

كەلمىسەڭمۇ مەيلى يېنىمغا،
ئاۋازىڭنى ئايىما مەندىن.
كۆڭلۈم كۆرۈش مۇھەببەت ئەمەس،
بىر ئۇھسىنىش كۈتىمەن سەندىن.

## «ئوغلۇمغا» دەپ...

«ئوغلۇمغا» دەپ تۇتسام توپىنى،
ئالتۇن بولۇپ يالتىرار شۇئان.
«ئوغلۇمغا» دەپ تىكسەم بىر مايسا،
مېھرىگىياھ چېچەكلەر ھامان.

ئوغلۇمنى دەپ تۇرسام تاڭ سەھەر،
كۆكتە چولپان ماڭا قۇت تىلەر.
ئوغلۇم ئۈچۈن چەككەن جاپالار
ماڭا راھەت، بەخت بىلىنەر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىدا)




شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىگە ئەڭ يېقىن مۇڭداش بولۇپ كەلگەن غېرىبانە كۆلبىسىدە مۇقەددەس دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاكلىق ۋە ھالاللىقنىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ساماۋى ئالمىگە تەلپۈنۈۋاتقان ئاق رومالىلىق ئانىنىڭ سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن «قىسمەت ئاچچىقلىدا» ناملىق كىتابنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش ئىچىدە قولۇمغا ئالدىم. بۇ كىتاب شائىر ئىنىمىز ئىلغارجان سادىقنىڭ تۇنجى رومانى ئىدى. مەن رېئال ھاياتىمىزنىڭ ھازىرغىچە ئۆزۈم ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى، ئىجادىي مەنزىرىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش تاقەتسىزلىكىدە كىتابنىڭ دەسلەپكى بەتلىرىنى ئاچتىم: ئالدىمدا بىر يىراق تارىخىي قوۋمنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان، ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە سىرلىق بىر ئەگگۈشتەرنىڭ رىۋايەت ۋە ئەپسانە تۈسىگە ئىگە، تارىخ بىلەن رېئاللىق تۈيغۇسى تەبىئىي بىرلىشىپ كەتكەن ئاجايىپ ھېكايىسى پەيدا بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ رەڭدار ئىبرەتلىك سەھىپىلەر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىنىڭ تىنىمسىز ئېقىمى بىلەن جانلىنىپ، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق ئىللىقلىقى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان قايناق ھاياتى بىلەن ئالماشتى. مەن رومانىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك، ماھىيەتلىك ھالەتلىرى بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، سىرلىق كۆرۈنۈشلىرىدە ئەكس ئېتىدىغان باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى يېڭىدىن كۆرۈپ يەتكەندەك بولدۇم. بەدىئىي پىروزا ئىجادىيىتىدە ھېچقانداق ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ، مۇشەققەتلىك رومان ئىجادىيىتىگە ئىشەنچ بىلەن ياندىشقان بۇ ئىرادىلىك ئاپتورنىڭ دەسلەپكى يىرىك ئەسىرىدىلا بۇنچىلىك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن ھەقىقەتەن خۇشاللىق ھېس قىلدىم.

رومانىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال ھاياتىمىزنىڭ تىپىكلىككە ئىگە بولغان، قانچىلىغان كىشىلىرىمىزنى تەگسىز ئەلەم ۋە ھەسرەتنىڭ ھالاكەتلىك گىردابىغا ئەسىر قىلغان ماھىيەتلىك بىر تىراگېدىيەلىك كۆرۈنۈشى يېزىلغان: ئەجدادلىرىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرى تەربىيەسىدە يېتىلىپ، ئەقىدە ۋە ئېتىقاد ۋارىسلىقى بىلەن گۈللەپ- ياشناۋاتقان

ئاددي بىر ئىناق ئائىله. ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ پاك
ئارزۇ - تىلىكى ۋە ئەزگۈ نىيەتلىرى بىلەن كۈنـ
دىلىك تۇرمۇشقا تەم ۋە مەنە بېرىپ كېلىۋاتقان
مېھرىبان ئاتا-ئانا بۇ ئائىلىنىڭ مۇقەددەس مەنىۋى
تۈۋرۈكى. كۈنلەر ئۆتىدۇ. خورلۇق ۋە پىتنە-پا-
ساتتىن قەلبى مىجىلىپ، نەپسى بوغۇلغان جاپا-
كەش ئاتا تاسادىپىي كۆز يۇمۇپ، ئازاب ۋە خۇشال-
لىققا تولغان ئۈمىدلىك ھايات بىلەن مەڭگۈلۈك
خوشلىشىدۇ. ھاياتى تۈۋرۈكى بولغان دەردداش
ھەمراھىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ قالغان تايانچ-
سىز ئانا مىڭبىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچلەر بىلەن قا-
تارغا قوشقان ۋاپادار پەرزەنتلىرى بىلەن قالىدۇ.
ھالاللىقى بىلەن كۈتكىنىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىـ
شىپ، ئۆزىنىمۇ ۋە ئۆزگىلەرنىمۇ قەدىرلەپ
ئۆتكەن بۇ مۇھەببەتلىك ئائىلىنىڭ ھېچكىم
كۈتمىگەن مەنىۋى تىراگېدىيەسى مانا شۇنىڭ-
دىن باشلىنىدۇ: پەرزەنت ئىشقىدا بىر ئۆمۈر
ئوت بولۇپ يانغان ۋاپادار ئانىنىڭ ئىككى دۇنيا-
لىق روھىي بايلىقى بولغان ئارزۇلۇق باللىرى زې-
مىنغا يۈك، ھاياتقا ھاقارەت بولۇپ ياشاۋاتقان بىر
توپ نائەھلىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن قۇرۇق خى-
ياللاردىن پۈتكەن ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەرگە ئەسىر
بولۇپ، ھالاكەتلىك جىنايى يولغا كىرىپ، ئۆزلى-
رىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، مېھرىبان ئانىسىنى ئۆمۈرلۈك
مەنىۋى ئازابقا قالدۇرىدۇ.

رومانىنىڭ ئەڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى
ئۇنىڭدا يارىتىلغان بىر قىسىم بەدىئىي ئوبرازلار-
نىڭ چىن ۋە رېئاللىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلار باشتىن-
ئاخىر كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تىپىك زىددىيەت-
لىك ھالەتلىرىدە، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ سىرلىق،
مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلىرىدە ھەرىكەت قىلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي خاراكتېرلىرىنى ئېنىقلىق
ۋە روشەنلىككە ئىگە بولغان، ھاياتلىقى
كۈچلۈك جانلىق ۋەقەلەر ئېقىمى ئىچىدە ئوبراز-
لىق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەر بىرى
تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك ئادىتى، ئالاھىدە ھالەت-
لەردىكى ئۆزگىچە ئىش - ھەرىكىتى، ھېچكىم-
نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ساددا پىكىر، خىيال-
لىرى بىلەن بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان
ئىندىۋىدۇئال-تىرىك ئادەم سۈپىتىدە رېئال ھايات-
مىزدىكى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي قاتلام ۋە تە-
بىقىنىڭ، يەنى ھاياتنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىستى-
كى بويىچە ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلگەن ھە-
رىكەتچان بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ماھىيەتلىك
بىرەر تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. روماندا تەس-
ۋىرلەنگەن، روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن كىتابخان پىكرىنى تەۋرىتىدىغان قاسىم،
زۇمرەت، ئاينىسا، رىفات، قۇربانىنىسا، مەمەتتۇر-
سۇن، ئالىمجان قاتارلىق ئوبرازلار ئەنە شۇنداق
بەدىئىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان جانلىق ئىجا-
دىي ئوبرازلاردۇر.

قاسىم ــ روماندىكى ۋەقەلەر راۋاجىدا يېتەك-
چى ئورۇن تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى
رومانىنىڭ بەدىئىي تۈگۈنى سۈپىتىدە باشقا پېر-
سوناژلارنىڭ پىكرى ۋە ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ،
ئۇلارنى زىددىيەت قاينىمىغا باشلاپ كىرىدىغان،
ھاياتلىقى كۈچلۈك تىپىك بەدىئىي ئوبرازدۇر. ئۇ
ھايات نىشانى ئېنىق، ھەرىكەت يۆنىلىشى تۇراق-
لىق بولغان، ھەرقانداق بىر ئىشقا ئەقىل-پاراسەت
بىلەن ياندىشىدىغان تەدبىرلىك بىر شەخس. ئا-
دىلنىڭ ئاتىسىنىڭ خورلۇق ۋە ھاقارەتكە ئۇچ-
رىغان چېقىمچى ئاپىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ،
بىر قېتىملىق جېدەلدە ئۆزىنى قاتتىق دۇمبالاپ
ئەل-جامائەت ئىچىدە يۈزىنى تۆككەن ۋەلىنى
ئامال قىلىپ باش ئەگدۈرۈش ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر-
لۈك ھاياتىي مەقسىتى. شۇڭا ئۇ ئادىلغا مەقسەت-
لىك ھالدا يېقىنلىشىپ، ساختا مېھرىبانلىق ۋە
كۆيۈمچانلىقنىڭ ھىيلە-مىكىرلىك كۆرۈنۈش-
لىرى بىلەن ئۇنى ئازدۇرۇپ، ھاياتنىڭ ئۆز-ئۆزى-
نى ۋەيران قىلىدىغان ھالاكەتلىك قاينىمىغا تاش-
لايدۇ. ئادىل قاسىمنىڭ باشلىشى ۋە يول كۆرسى-
تىشى بىلەن ئائىلىسىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى
بولغان خىسلەتلىك سەنئەت بۇيۇمىنى ئامېرىكى-
لىق ئاسار ئەتىقە سودىگىرىگە سېتىپ، ئائىلى-
سىنىڭ ھاياتى تىراگېدىيەسىنىڭ دەسلەپكى
خۇنۇك پەردىسىنى ئاچىدۇ. «ئائىلە ئاسىيلىقى»

يولى بىلەن ئېرىشكەن ھارام پۇلغا تايىنىپ
ئەيش-ئىشرەت قاينىمىدا ئۈزۈپ، ۋاپادار ئايالى
بىلەن سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىنى داغلاپ، ئا-
ئىلىۋى مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ ئەڭ ئا-
خىرقى ھالسىز ئۇچقۇنلىرىنىمۇ ئۇچۇرۇپ تۈ-
گىتىدۇ. ئاخىر پۇل ئۇچۇن نومۇس ۋە ۋىجدانىنى
سېتىپ قوغدىلىدىغان قەدىمىي قەبرىلەرنى
قېزىپ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ
شاھىتى بولغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى
ئوغرىلاپ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ نەپرەتلىك ئاسىي-
سىغا ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ قاسىم ئادىلنى
روھەن ئۆلگەن مەنىۋى قۇلغا، ھاياتتا ئامالسىز-
لىقتىن ئۆلمەي ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تىرىك
مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭ ئار-نومۇسنى ھەم-
مىدىن ئەلا بىلىدىغان مۇقەددەس ئائىلىسىنىڭ
ھەممە ئەخلاقىي قورغانلىرىنى بىر-بىرلەپ
ۋەيران قىلىپ تۈگىتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك
ھاياتى دۈشمىنى بولغان ۋەلىنىمۇ ساختا يېقىن-
لىق ۋە يالغان ۋاپادارلىق بىلەن بويسۇندۇرۇپ،
ئۆزى پىلانلىغان سۇيىقەستلىك سودا پائالىيىتى-
گە مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇپ خالىغىنىچە قاقتى-
سوقتى قىلىدۇ. ئاخىر سودىدا يالغان زىيان پاك-
تىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، تۈگىمەس ئىقتىسا-
دىي قەرزگە بەند قىلىپ، ئەل ئىچىدە باش كۆتۈ-
رۈپ يۈرەلمەيدىغان بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ
قويىدۇ. كىتابخان قاسىم ئوبرازىدىن ئۆز مەقسى-
تىگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق رەزىل ۋاستىلەر-
نى ئىشقا سېلىشتىن يانمايدىغان، ئۆز رەقىبىنى
ھەر خىل ئاماللار بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
خۇنۇك سايىسىگە ئايلاندۇرمىغىچە تىنچىمايدى-
غان، جاھىل ئىرادە ئىگىسى بولغان بىر قىساس-
خور شەخسنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي قىياپىتىنى
كۆرەلەيدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن ئەزەربەيجانلىق سودى-
گەر رىفات ئوبرازىنى پىروزىمىزدا بىرىنچى
قېتىم نىسبەتەن كەڭ سەھىپىدە قەلەمگە ئېلىن-
غان تىپىك بىر چەت ئەللىك قويمىچىنىڭ
جانلىق بەدىئىي سۈرىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز
ئېلىدە زوراۋان خوجايىنىنىڭ ئىپلاس ئايىغىدا
لالما ئىتتەك ئۆمىلەيدىغان، بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل-
لۈك ۋە سەمىمىيلىكتىن پۈتكەن مۇناسىۋەت
مۇھىتىمىزدا بىردىن ئالىيجاناب، غايىلىك ئادەم-
گە ئايلىنىپ، كىشىلىرىمىزنى خالىغىنىچە قاي-
مۇقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يىرگىنىچلىك پەس ئارزۇ-
ھەۋەسلىرىنى پۈتۈنلەي ئەركىن ۋە ئازادە ھالدا
خاتىرجەم ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئامەتلىك جەللى-
گۇر. ئۇنىڭ خۇنۇك خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئا-
دىلنىڭ راھەت-پاراغەت ھەلەكچىلىكىدە ئەقلى
كېسىلگەن ھاماقەت سىڭلىسى ئەقىدەگە
بولغان ساختا مۇناسىۋىتىدە بەكمۇ ئوبرازلىق
گەۋدىلىنىدۇ.

ھاجەتمەنلەرنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇپ، ۋاسى-
تىچىلىك بىلەن جان باقىدىغان مەمەتتۇرسۇن،
پۇل ئۇچۇن ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىكتىن قايت-
مايدىغان تۆگىچى ئالىمجان ئوبرازلىرى روماندا
كۆپ ئۇچرىمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى
چەكلىك سەھىپىدە ئەكس ئەتكەن دادىللىقى،
بىر سۆزلۈك جاھىللىقى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزى-
نىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ھەممىدىن
ئەلا بىلىدىغان تۇراقلىق، ساددا خاراكتېرى كىتاب-
خان ئېسىدىن ئۇزاققىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن، ئاسىي روھىنىڭ قۇت-
رىشىدىن تۇغۇلغان ھەرقانداق ئارام ۋە خۇشاللى-
قىنى ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىنىڭ مەنە ۋە قىممىتى
دەپ بىلىدىغان، لازىم بولغاندا راھەت-پاراغەتنىڭ
ھەرقانداق ھاقارەتلىك يولىغا ھېچقانداق قىيىق-
ماي كىرەلەيدىغان زۇمرەت، كۈندىلىك تۇرمۇش-
نىڭ بىردەملىك ئېزىتقۇ رەڭ، جۇلالىرى ئالدىدا
ھوشىنى يوقىتىپ، خوتۇنلۇق ئەرنىڭ ئىختىيا-
رىي ئاشنىسىغا ئايلىنىپ ئۆمۈرلۈك ھەسرەت ۋە
پۇشايمانغا قالغان ساددا ئىستۇدېنت قىز ئايىنىسا،
ئائىلىۋى قىساسخورلۇق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى
ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەقلىي مىزانى دەپ
بىلىدىغان، ئەقىلدارلىق ۋە قۇتراتقۇلۇقتىن سوۋۇ-
غان كۆڭلىگە ئارام ۋە تەسەللى تاپىدىغان قۇرباى-
نىسالارمۇ دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ مۇئەييەن

تۇرمۇش قاتلىمىنىڭ ماھىيەتلىك بىرەر تەرىپىنى روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلاردۇر.

رومانىنىڭ كىتابخاننى قايىل قىلىدىغان يەنە بىر بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ تىلىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئەدەبىي تەتقىدچىلىكىمىز دائىم دېگۈدەك تەكىتلەپ كەلگەن، ھەممىمىز ئۇچۇن ئاللىقاچان ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمىي ئىلمىي ھەقىقەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بەكمۇ ئاددىي تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىي تىل ۋاستىسى بىلەن يېڭى بىر گۈزەللىك ئالىمىنى ئاچىدىغان ئەڭ مۇكەممەل تىل سەنئىتى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پىكىر ۋە تەپەككۇر خاسلىقىدىن بارلىققا كېلىدىغان يېڭى بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش سەنئىتى. ئۇ ھەممىگە قادىر بولغان، يۈكسەك ئەقلىي قۇدرەتكە ئىگە بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ قەلبىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى، روھىي ھالەتلىرىنىڭ ئەڭ پىنھان، مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلىرىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىپ، تەكرارى بولمىغان خاراكتېرلار دۇنياسىنى يارىتىش سەنئىتى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي بايان يۆنىلىشىدە ئېنىقلىق ۋە راۋانلىققا، بەدىئىي تەسۋىردە روشەنلىك ۋە يارقىنلىققا، ۋەقە ۋە تەپسىلاتلار ئېقىمىدا مەنتىقىي بىرلىك بىلەن قانۇنىيەتلىك ئۇيغۇنلۇققا ئېرىشىش سەنئىتى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشىنى، بىر پۈتۈن ھاياتنىڭ تۈگىمەس غوۋغا ۋە ۋەسۋەسىلىرىنى ئەڭ كىچىك ئەدەبىي بىرلىككە، يەنى ئەڭ ئىخچام بەدىئىي سەھىپىگە يىغىپ، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنى كىشىلەر قەلبىدەك كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىش سەنئىتى.

ئىجادىي ئەدەبىياتتا بەدىئىي تىل ئۇنىڭ ئاددىي ھالدىكى ۋاستىسى ياكى ماتېرىيالى ئەمەس، بەلكى ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي پەزىلەتلىرىنى ئوبراز ۋە سۈرەتلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇپ بېرىدىغان مۇقەددەس بارلىقى. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجادىي بەدىئىي تىللا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا كىتابخاننى قىزىقتۇرۇپ تاقەتسىزلەندۈرەلەيدىغان زورۇر ھەممە نەرسىلەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخان كۆز ئالدىدا بەدىئىي پىكىر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ، تەگسىز خىيال ۋە پايانسىز تەسەۋۋۇرنىڭ، بەدىئىي ئىزدىنىش ۋە ئەدەبىي ماھارەتنىڭ، ھاياتىي ھېكمەت ۋە ئەقلىي ئىبرەتنىڭ ئالەمدەك كەڭ نۇرانە ئۇپۇقى ئېچىلىدۇ. بىز «قىسمەت ئاچىلىدا» رومانىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

«بۇ غېرىبانە كۆلبە — تۆت تېمىدىن يىغا تېمىپ تۇرىدىغاندەك بىلىنىدىغان بۇ ئۆي خەلىچىخانىنىڭ ئايرىلىش ۋە يالغۇزلۇق دەستىدىن بېلىق قاسرىقىدەك تىلىم-تىلىم يېرىلغان يۈرىكىگە يەنە ئازاب تىغلىرىنى سانجىشقا باشلىدى. قېرىغاندىكى يالغۇزلۇق ئازابى ئۆلۈم ئازابىدىنمۇ قورقۇنچلۇق. ئۇ سېنى ئەزرائىلنىڭ قوينىغا بىراقلا تاپشۇرۇپ، باقىي ئالەمنىڭ تىلسىملىرى ئىچىدە ئاۋۇندۇرمايدۇ. بەلكى سېنى تىرىكلىك ئالىمىنىڭ تۈگىمەس دىشۋارچىلىقلىرى، ۋاپاسىزلىقلىرى، ھىجرانلىرى، يەنە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق ئەستىلىكلىرى بىلەن قىينايدۇ. سېنىڭ ياشاش ئىستەكلىرىڭدە ھايات دولقۇنلىرىدىكى ئۈنتۈلماس گۈزەل ئەسلىمىلىرىڭدىن كۆرە تارتقان مۇشكۇلاتلىرىڭنى، غەم-قايغۇلىرىڭنى، غۇرۇر ۋە ئادىمىيلىكىڭنىڭ خەسكە ئايلانغان مىنۇتلىرىنى كۆز ئالدىڭدىن نېرى قىلماي، ئاجىزلاپ ئارانلا خۇنى قالغان كۆزلىرىڭدىن ئەڭ ئاخىرقى ياش تامچىلىرىنى سىزىۋالىدۇ. سېنىڭ ئىسمىڭ، جىسمىڭ، ئەركىڭ ئۆز قولۇڭدىن يىراقلاپ، پەقەت بىر خىل ئاچچىق خىيالنىڭ قۇلىغا ئايلىنىسەن، تېپچەكلەيسەن. بۇرۇقتۇرۇملۇقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن تۆت تامغا، قازان-قومۇچلارغا، رەسىملەرگە، ئەدناسى خىيالىڭدىكى ئاللىكىملەرگە پىچىرلايسەن. ئۆز-ئۆزۈڭ بىلەن سۆزلىشىسەن. پەقەت ۋە پەقەت بىرەر مۇڭداش،

سىنىڭ دەردلىرىڭنى ھېس قىلالايدىغان بىرەر
دىلداش تاپقاندىلا بۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلىسەن.»
« — خېنىم، ئەر دېگەننىچۇ تۇلپارنى يۈگەن
سېلىپ باشقۇرغاندەك يۈگەنلەپ، جېدەل-غوۋغا
بىلەن ئېگەرلەپ، تۇرغان-تۇتقىنىنى ۋاقتى-ۋاقتى-
دا ئىگىلەپ، شاشلىشىپ كەتسىچۇ، ياق دېگى-
نىگە ئۇنىماي كالا ساغقاندەك ھەر كۈنى
سېغىپ، پۇت-قولىدا ماغدۇر قويماي، ئىسسىق
يەرنى تاپسا كۈن بويى قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان
قىلىۋېتىش كېرەك، — قۇربانىساخاننىڭ قوشۇ-
مىلىرى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى،
— ماڭا قايلىسىلا رەشىدە خېنىم، ئادىلجان
چوقۇم ئاشنا تۇتۇۋاپتۇ. بولمىسا نېمىشقا
ئۆيدىن، سىلىدەك گۈزەل خوتۇندىن تېزىپ، داپ
داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرىدۇ.
ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا جۇما، سەللا بىخۇد-
لۇق قىلسىلا ئادىلجاننى تارتقۇزۇپ قويىدىلا.»
يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بىرىنچى
پارچە ئاپتورنىڭ رومانىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بەدى-
ئىي پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئاددىي بىر بۆ-
لىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاياتتىكى ھەرقانداق بىر
كىشىنىڭ يولۇقۇشى مۇمكىن بولغان، لېكىن
كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تىنچ، ئاسايىشتە ھالەتلى-
رىدە ئاسان ھېس قىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان،
ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئورتاق بىر ھايات ھە-
قىقىتى پەرزەنت ساداقىتىدىن ئايرىلىپ، ئازابلىق
تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولغان بىر بەختسىز
ئانىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى
ئارقىلىق بەكمۇ چوڭقۇر ۋە ئىخچام يورۇتۇپ
بېرىلىدۇ. پېرسوناژ نۇتقىدىن تۈزۈلگەن ئىككىن-
چى پارچىدا بولسا، تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ھايات
چۈشەنچىسى ئۆزگىچە بولغان، ئەر-خوتۇنلۇق
مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئايال تەرەپنىڭ رە-
ھىمسىزلىكى، قورقۇمسىزلىقىدا ھېس قىلىدى-
غان، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ كۈندە دېگۈدەك تەك-
رارلىنىپ تۇرىدىغان ۋەھىملىك جېدەل، چاپقۇن-
لىرى ئىچىدە قېقىلىپ پىشقان گەپدان بىر كۆ-
كەمە ئايالنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازى گەۋدىلە-
نىدۇ.
مەن رومانىنىڭ يۇقىرىقىدەك رەڭدار بەدىئىي
سەھىپىلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ئاپتوردا مۇئەييەن ئې-
نىقلىق ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە بولغان ئىجادىي
بەدىئىي تىلنىڭ بارلىقىنى، مۇبادا ئۇ ئىجادىي
ئىزدىنىش يولىدا مۇشۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئىل-
گىرىلەۋەرسە، ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭدا بەدىئىي ئە-
دەبىياتقا تەۋە بولغان باشقا ھەممە نەرسىلەرنىڭ
بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندىم.

* * *

«قىسمەت ئاچىلىدا» رومانى رېئال ھاياتىمىز-
دا تېپىكلىككە ئىگە بولغان مەنىۋى بۇزۇلۇش ۋە
ئەخلاقىي يىمىرىلىش ھادىسىلىرىنى بىر ھالدار،
ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىر-
لىكى دائىرىسىدە يورۇتۇپ، دەۋرىمىز كىشىلى-
رىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يېڭى بىر تىراگېدىيە-
لىك نۇقتىدىن ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت
قىلغان يىرىك بەدىئىي ئەسەر. شۇڭا ئۇنىڭ ھايا-
تى مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەيدىغان ئومۇمىي بەدى-
ئىي ئېقىمى قويۇق تىراگېدىيەلىك تۈسكە ئىگە
بولۇشى، زىددىيەتلەر توقۇنۇشى جىددىي مەنىۋى
ئېلىشىشلاردىن بارلىققا كېلىدىغان كەسكىن-
لىك ۋە مۇرەككەپلىككە، ۋەقە ۋە تەپسىلاتلار
ھايات تاسادىپىيلىرىدىن تۇغۇلىدىغان ھاياجانلىق
بەدىئىي دولقۇنلارغا تويۇنۇشى لازىم ئىدى، ئەپ-
سۇسكى بىز رومان سەھىپىلىرىدىن بۇنداق تېما-
تىك مەزمۇن خاسلىقى بىلەن مۇناسىپ بەدىئىي
ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمى-
دۇق. ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ پىكىر ۋە ھېس-
تۇيغۇلىرىدا كىتابخاننى قىيناپ ئارامسىزلاندۇرى-
دىغان پاجىئەلىك مەنىۋى ھالەتلەرنىڭ كەم بولۇ-
شى، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنىڭ سىر-ھېكمەت-
لىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلى-
رىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەر-
نىڭ بەكمۇ تۈز ۋە ئاددىيلا بايان قىلىنىشى،
ۋەقەلەر راۋاجى بىلەن زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ
خاراكتېرلار ھەرىكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە
ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ ئالدىن بېكىتىۋالغان

خاھىش ۋە يۈنىلىشىگە باغلىق بولۇشى بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، رومانىنىڭ زورۇقۇپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن سۈنئىي شادلىق ۋە بەختىيارلىق كەيپىياتى ئىچىدە ئاخىرلىشىشى بولسا، بىزنىڭ رومانغا بولغان ئەڭ ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىمىزنى يوققا چىقاردى. قەلبىدىكى ھەممە مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقىنى پەرزەنتلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھايات خۇشاللىقىدىن بەخت ۋە لەززەت تاپىدىغان ئەقىدىلىك ئانا خەلىچىخان ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ بەدىئىي مەركىزى. ئاپتور ئۆزى قەلەمگە ئالغان ھايات رېئاللىقلىرىنى ئۇنىڭ نەزىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان ئۆزگىچە مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى كەڭ بەدىئىي سەھىپىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئىككى دۇنيالىق ھەمراھىدىن ئايرىلىپ دەرد-ئەلەمگە ئەسىر بولغان بەختسىز ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتىدىن ئارام ۋە تەسەللى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىنى ئۇلارغا باغلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ راھەت- پاراغەت ھەلەكچىلىكىدە ئەقلىنى يوقاتقان ۋاپاسىز پەرزەنتلىرى ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقى دائىرىسىدىن چىقىپ، ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئەقىدىسىنى پايخان قىلىدۇ. چوڭ ئوغلى ئادىل ئائىلىسىنىڭ نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن، سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە بولغان خىسلەتلىك قاشتېشى بۇيۇمىنى ئوغرىلاپ سېتىپ، ئائىلىسىنىڭ مۇقەددەس روھىي تۈۋرۈكىنى سۇندۇرىدۇ. «ھەر كۈنى سەھەر ئاپىسىنىڭ تەرىتىگە سۇ تەييارلاپ، ئۆزىمۇ تەرەت ئېلىپ ئاپىسى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيدىغان» قىزى ئەقىدە ھەرقانداق ئۇيات ۋە نومۇسنى ئۇنتۇپ، «چاچلىرىنى بىر قىسما بوياپ، كاسىسى ئېچىلىپ قالغۇدەك كالتا يوپكىلارنى كىيىپ»، مەنىۋىيىتى بۇلغانغان چىركىنلەر توپىغا قوشۇلۇپ، ھاقارەتلىك ئەيش-ئىشرەت كوچىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ بۇنداق ۋاپاسىزلىقىدىن باغرى قان بولغان خەلىچىخان تۈگىمەس ئازاب ۋە خورلۇقتىن بوغۇلۇپ ھالىدىن كېتىدۇ. كىتابخاننى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پەرزەنتلىرىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد كۈچى بىلەن تىرىك ياشاپ كەلگەن، پاكلىق ۋە ھالاللىقىنىڭ نۇرانە تىمسالى بولغان پەرىشتە سۈپەت بۇ ئانا، ئاشۇ ئۇياتسىز پەرزەنتلىرى ھاقارەتلىك جىنايى تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئامالسىزلىقتىن ئۇنى پاناھ تارتىپ كەلگىنىدە، ھېچقانداق غەزەپ ۋە نەپرەت تۇيغۇسىدا بولمايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئادىلنى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ «يوقال! ئۇ پۇللىرىڭنى چېكەڭگە تاڭ، ۋۇ، ئۆز پۇشتىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان مۇناپىق» دەپ تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، بالىلىرىنى خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن ئەپۇ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ: «خەلىچىخان بۈگۈن قەۋەتلا خۇشال ئىدى. ئەقىدە قايتىپ كەلدى. ئادىلمۇ ئۇزاقتىن بېرى كۈلمىگەن كۈلكىسىنى كۈلۈۋاتىدۇ. تېخى يەر تېگىدىن رەشىدەگە مەنىلىك قاراۋاتىدۇ. بۈگۈن خەلىچىخان ياش بالىلاردەك شاش، سەزگۈر، كۈلگۈنچەك ۋە تېتىك» بۇ قۇرلارغا نېمە دەيسىز؟ ئۇنىڭدا ئىماندەك پاك، تەلەپچان ئانىدا بولىدىغان ئۇيات ۋە ئازاب تۇيغۇسى دېگەنلەردىن ئەسەر بارمۇ زادى؟ ئەسلىدە خەلىچىخان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي ئېقىمىغا مۇناسىپ ھالدا، ھايات يولىدا شۇنچىلىك ھاقارەتلىك ئىز قالدۇرغان بۇ ئازغۇن بالىلىرىدىن نەپرەتلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق توۋا ۋە تېۋىنىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارنى شەپقەتسىز ھاياتتا ۋۇجۇدىدىكى ھەممە زۆرۈر نەرسىلىرىنى يوقاتقان ھاقارەتلىك تىرىك مۇردا سۈپىتىدە بىر ئۆمۈر ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشاش تەقدىرىگە مەھكۇم قىلىشى لازىم ئىدى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا خەلىچىخاننىڭ، يەنى قەلبى ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن داغلانغان بۈيۈك بىر ئانىنىڭ يىپيېڭى، ئۇلۇغ تىراگېدىيەلىك قەلبى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا پۈتۈن بارلى-

قى بىلەن نۇرانە پارلىغان بولاتتى. ئېھتىمال
ئاپتور خەلىچىخانىنىڭ ئەينى چاغدىكى روھىي
ھالىتىنى قەلەمگە ئالغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ
ھەممە نەرسىسىنى پەرزەنتلىرىگە بېرىپ،
ئۇلاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئالىيجا-
ناب ئانىلارنى ئەسكە ئېلىپ، ئانا دېگەن مۇشۇن-
داق بولىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن
بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، تۇر-
مۇشتىكى ھەرقانداق بىر ئانا مەيلى ئۇ قانچىلىك
مېھرىبان، قانچىلىك ئاق كۆڭۈل بولسۇن، ئوخ-
شاشلا خاراكتېر ئىككى ياقلىمىلىقى بىلەن ئالا-
ھىدە «قەلب دىيالېكتىكىسى» غا ئىگە بولغان،
مۇھەببىتىمۇ، نەپرىتىمۇ ئېنىق بولغان بىر
تىرىك ئادەمدۇر. ئۇنداقتا قەلب دىيالېكتىكىسى
دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر-بىرىگە
تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىجەز-
خۇلق، ئىككى خىل تۇيغۇ، ئىككى خىل روھىي
ھالەتنىڭ مۇئەييەن بىر قەلب ھەرىكىتى دائىرى-
سىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، قارىمۇ
قارشى روھىي ھالەتلەرنىڭ مەنتىقىلىق ھالدا تە-
بىئىي بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت. ئەسىرىدە
پېرسوناژلار تەسۋىرىگە تۇتۇنغان ھەرقانداق بىر
ئاپتور ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق نازۇك خا-
راكتېر مەنتىقىسىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن-
دىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي
دۇنياسىنى ئەسلىي ھالىتىدە يارقىن يورۇتۇپ
بەرگەن بولىدۇ. بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى گور-
كىينىڭ ئىتالىيە چۆچەكلىرى تۈركۈمىدە «ئانا»
ناملىق قالتىس بىر ھېكايىسى بار. ئۇنىڭدا
پەرزەنت ئىشقىدا قەلبى كۆيىدىغان مۇھەببەتلىك
بىر ئانىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىب-
رەتلىك بىر ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ. كۈنلەر
ئۆتۈپ ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن ئەزىز-
لەپ يېتىشتۈرگەن جاسارەتلىك، قورقۇمسىز
ئوغلى ئۆزلىرىگە دۈشمەن بولغان قوشنا ئەلگە
بېرىپ، شاھنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى بولمى-
غان يالغۇز مەلىكىسىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.
بۇنى بىلگەن شاھ ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسى-
نىڭ ئۆمۈرلۈك ۋارىسى بولۇش شەرتى بىلەن قى-
زىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە رازى بولىدۇ. بەخت-
مەستخۇشلۇقىدا ئەقلى ۋە ۋىجدانىنى يوقاتقان
بۇ تەلۋە ئاخىر پادىشاھنىڭ دەۋىتى بىلەن
دۈشمەن قوشۇنىنى باشلاپ ئۆز ئېلىنى شەپقەت-
سىزلىك بىلەن ئىستېلا قىلىپ، غالىبلارچە
تۇيغۇ ۋە سالاپەت بىلەن ئانىسىنى كۆرگىلى بارى-
دۇ. سېغىنىش ئازابىدا قەلبى پۇچىلىنىۋاتقان ئانا
ئوغلىنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن باغرىغا
بېسىپ، پەرزەنت مېھرىگە قانغىنىدىن كېيىن،
قۇچىقىدا غەمسىز لەززەتلىنىۋاتقان قەدىرلىك
ئوغلىنى ئۆز خەنجىرى بىلەن جېنىدىن جۇدا قى-
لىدۇ. ئاخىر ئۇ «ئانىمەن، ئانىلىقىمچە قالىمەن»
دېگەن ئوتلۇق خىتاب بىلەن ئۆزىنىمۇ خەنجەر-
لەپ ئولتۇرۇپ، ئەلنى بۇلىغان بۇ نەپرەتلىك
ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ
كېتىپ، مۇقەددەس زېمىننى پاكلاپ، ئانىلىق
بۇرچىنى يۈكسەك ئالىيجانابلىق بىلەن ئادا قىلى-
دۇ. خوش، ئۆز پەرزەنتىنى بارلىقى بىلەن سۆيى-
دىغان بۇ ۋاپادار ئانا باتۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقار-
غان شۆھرەتلىك ئوغلىنى نېمىشقا بۇرۇنقىدە-
كلا قەدىرلىمىدى؟ نېمىشقا ئۇنى ھېچقانداق ھې-
يىقماي ۋە تىترىمەي قىساس خەنجىرى بىلەن ئۇ
دۇنياغا ئۇزىتالىدى؟ مانا بۇ ئانىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ
ئېغىر، ئەڭ ئەجەللىك پەيتىدە نۇرلانغان ئەڭ مۇ-
كەممەل تىپىك ئىنسانىي خاراكتېرى. خەلىچە-
خانىنىڭ ۋاپاسىز ئوغلى ئادىلنىڭ ئەڭ ئېغىر ئە-
لەملىك بىر چاغدا ئائىلىسىنىڭ پەخرى ۋە ئىپتى-
خارى بولغان ئەڭگۈشتەر سۈپەت خىسلەتلىك
بۈيۈمنى ئوغرىلاپ سېتىپ، ئائىلىسىنىڭ مەڭ-
گۈلۈك ئەقىدە ۋە ئېتىقاد مۇنارىنى ۋەيران قىلىپ
تۈگەتكەنلىكى ئانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر-
قانداق قىلىپمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر
يىرگىنچلىك جىنايەت. ئەقىدەنىڭ ھېچنېمىدىن
ھېيىقمايدىغان ئاشكارا پاھىشىگە ئايلىنىپ ئەل-
ئاۋامنىڭ نەپرەت ۋە لەنىتىگە قېلىشى ئۇنىڭ ئا-
نىلىق ۋىجدانى ئۈچۈن ئۆمۈربويى يۇيۇپ تۈگەت-
كىلى بولمايدىغان ئاھانەت. بۇ ھالدا

خەلىچىخاننىڭ ئۇلارنى يەنىلا مەردلىك ۋە مېھ-
رىبانلىق بىلەن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇياتسىز
ئەپتىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرۇشى
مۇمكىنمۇ؟ گوركىينىڭ ئەسىرىدە مەدھىيەلەن-
گەن ئانىلىق روھ، يەنى ئۆز قوۋمىنىڭ ئەبەدىي-
لىككە ئىگە بولغان ئەسىرلىك مەنىۋى تۈۋرۈك-
نىڭ مۇقەددەس يادنامىسىنى چەيلەپ نابۇت
قىلغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق خاسىيىتىدە ئاخىرىغى-
چە پاك ساقلىنىدىغان قىزلىق نازاكىتىنى ئاڭلىق
ۋە ئىختىيارىي ھالدا خورلۇق ۋە ھاقارەت چىر-
كىنلىكلىرى بىلەن بۇلغىغان ئۇياتسىز پەرزەنت-
لىرىنىڭ مېھرىدىن كېچەلەيدىغان ۋىجدانىي جا-
سارەت بىزنىڭ ئانىلىرىمىزغا ياتمۇ؟

روماندا تەسۋىرلەنگەن تەقدىرداش ئەر-خوتۇن-
لاردىن ئادىل ۋە رەشىدە ئوبرازلىرىمۇ ئۆزلىرى-
نىڭ بەكمۇ بوش ۋە ناچار ئىشلەنگەنلىكى بىلەن
بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. گەرچە ئۇلار رو-
ماندىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىدا باشتىن-
ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا
رومان بەدىئىي مەزمۇنى بىلەن بىردەكلىككە
ئىگە بولغان يېڭى، تىپىك خاراكتېرلار تېپىلماي-
دۇ. ئۇلار كىتابخانغا تاسادىپىيلىق ۋە كېلىش-
مەسلىك ئېڭى كەم، ئازاب ۋە ئەلەم تۇيغۇسى
ئاجىز، مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزانى بىلەن مۇھەب-
بەت ۋە ۋاپا ئۆلچىمى بولمىغان، روھىيىتى
رەئىپ ئادەملەرنىڭ ھالسىز مەنىۋى قىياپىتىنى
ئەسلىتىدۇ. ئائىلىسىنىڭ تەۋەررۈك بۇيۇمىنى
سېتىپ ھارام پۇلغا ئېرىشكەن ئادىل ئانىسى
بىلەن ئىنى، سىڭىللىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئايالى
بىلەن بالىلىرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ ناھا-
يىتىمۇ ئەركىن ۋە ئازادە ھالدا بۇزۇقچىلىق ۋە
ئەيش-ئىشرەتنىڭ ھالاكەتلىك يولىغا كىرىپ
كېتىدۇ. «— سەنمۇ ۋىجدانىڭنى تۇتۇپ بېقىپ
گەپ قىلساڭ بولۇرمىكىن، ئاينىسا بىلەن ئايرىم
ئۆي تۇتۇۋالدىڭ. پۇل تاپقان چاغلىرىڭدا ئاينىسا-
غىمۇ شۈكۈر قىلماي ھورداقخانا، پەردازخانىلار-
دىن نېرى كەلمىدىڭ، بۇزۇقچىلىقنىڭ سەن
ماڭمىغان قايسى كوچىسى قالدى؟» مانا بۇ ئادىل-
نىڭ ھەممە ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان
راستچىل دوستى ۋەلىنىڭ ئۇنىڭ ئەخلاقىي سىيا-
سىغا بەرگەن ئادىل باھاسى. ئۇنىڭ ئايالى رەشىدە
ئېرىنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ قو-
لىدىن كېلىدىغان بارلىق ئامالLARنى قىلىپمۇ
ئۇنى بۇ شەرمەندىلىك كوچىسىدىن ياندۇرالماي-
دۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا بولغان ھەممە ئۈمىدىنى
ئۈزۈپ، ئۆزى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان تاكسى
شوپۇرى ساليجان بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا
يېڭى ئېرىگە بولغان ساداقىتىنى ئەمەلدە كۆرسە-
تىپ، ئۇنىڭ قەشقەردىكى يالغۇز ئوغلىنى يېنى-
غا ئەكىلىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرىنى ئادىلنىڭ
يالغۇز ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئىشنىڭ قىزى-
قى شۇ يەردىكى، ۋاپاسىزلىقى بىلەن بىر-بىرىنى
يەتكىنىچە ئازابلاپ، يۈزلىرىنى يەر قىلىشقان بۇ
ناباب ئەر-خوتۇنلار ئاخىر بېرىپ ئۆزئارا ئەپۇ قى-
لىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يېڭى-
دىن باشلايدۇ. ئادىل بىلەن رەشىدەنىڭ ھايات يې-
شىمىنى بۇنداق تىنچ ۋە سىپايىلىق بىلەن ئاخىر-
لاشتۇرۇش ئازارلاشقان ئەر-خوتۇنلار تەقدىرىنى
بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پىروزىمىزدا كۆپ قېتىم
تەكرارلانغان قېلىپلاشقان ئەندىزىسىنى، يەنى ئۆ-
زىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان مەنىۋىيىتى بوش،
مىجەزى تۇراقسىز كىشىلەرلا رازىمەنلىك
بىلەن قوبۇل قىلىدىغان بىر خىل قاتمال شەكلى-
نى كىتابخان ئېسىگە سالىدۇ. بىز روماندا تەس-
ۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا نەزەر سېلىپ
كۆرەيلى: ئادىل ھاياتىدىكى ھەممە ئەرلەر ئۈچۈن
ئورتاق بولغان ئاتىلىق مەجبۇرىيىتى بىلەن ئەنئە-
نىۋى ئەخلاق تەلەپلىرىدىن كىشىلىك قەدىر-
قىممىتىنى ئالىلىقاچان يوقاتقان ئۇياتسىز نازىنىن-
لارنىڭ ناز-كەرەشمىلىرىنى ئەلا بىلىپ، ئەيش-
ئىشرەتنىڭ چېكى بولمىغان ھالاكەتلىك كوچى-
سىغا كىرىپ كېتىدۇ. رەشىدەمۇ باشقا بىرسىگە
ياتلىق بولۇپ، ھاياتى تەقدىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇ-
رىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت، ۋاپا، ئا-
ئىلە دېگەنلەرگە تەۋە بولغان، ئۇلارنى ئىنساب ۋە
چۈشىنىشكە ئۈندەيدىغان بىرەر نەرسە قالمايدۇ.

112

ئوتتۇرىدىكى ھەممە ئازابلىق شېرىن خاتىرىلەر پاك-پاكىز ئۆچۈپ تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھەسرەتلىك نەپرەت ۋە پۇشايمان ئىگىلەيدۇ. ئېنىقكى بۇ ھالدا ئۇلارغا ھېچقانداق مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئائىلىۋى جەم بولۇش شادلىقى ئەمەس، بەلكى ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ ۋىجدانىي جازاسى ئاستىدا مىجىلىپ، ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن بىر ئۆمۈر بوغۇلۇپ ئۆتۈشتەك ئازابلىق تۇرمۇش يولىلا قالغان بولىدۇ. مانا بۇ ئادىل بىلەن رەشىدەنىڭ خاراكتېر راۋاجىنىڭ مۇقەررەرلىكىدىن تۇغۇلغان، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمىغان مەنىسىز تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىگە بەكمۇ مۇناسىپ بولغان تەبىئىي تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەت. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئاپتور روماندا ئادىل بىلەن رەشىدەنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنى بەدىئىي بىر تەرەپ قىلغىنىدا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بۇ قانۇنىيەتلىك مۇقەررەرلىكنى ئەقلەن ھېس قىلىپ يېتەلمەي، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھاياتى تەقدىرىنى رېئال تۇرمۇشتىكى جىنايەتلىك ئەخلاقىي گۇناھقا پاتقان ئۇياتسىز كىشىلەر ئەمەس، بەلكى سەۋەنلىكى بولغان ئادەتتىكى سەممىي ئادەملەرگىلا نىسبەت بولىدىغان ساددا بەخت ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بىلەن يەكۇنلەپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر چىنلىقىنى بىر مۇنچە خىرەلەشتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە ئاپتورنىڭ رومان بەدىئىي مەزمۇنىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئىككى پېرسوناژى سۆز-ھەرىكەت ۋە پىكىر، خىيالىغا مۇناسىپ بولغان روھ ۋە خاراكتېرگە ئىگە بولالماي، بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئاجىز، بوش ۋە جانسىز ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغان.

رومان ۋەقەلىكىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدىغان، ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسىدە بەكمۇ سەممىي ۋە سىپايە بولۇپ يېتىلگەن ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل قىز ئەقىدە خەلىچىخاننىڭ ئانىلىق قەلبىدە بەكمۇ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئەقىدەنى كەلگۈسىدە ئۆزىگە ئوخشاش ئوماق، ئەقىللىق پەرزەنتلەرنىڭ مېھرىبان ئانىسى، ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا سۈتىدەك پاك مۇھەببەتلىك قەلبىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋارىسى بولالايدىغان ۋىجدانلىق، ۋاپادار قىزى دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر خىل تەبىئىي يېقىنلىق ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭغا ھەممە ھاياتى ئارزۇلىرىنى يۈكلەپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ پاك، سەممىي ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. لېكىن ئەقىدە بىردىن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، غەرەزلىك دەۋەت ۋە قىزىقتۇرۇشلارغا بېرىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ جىنايەت ۋە رەزىللىكتىن پۈتكەن ھالاكەتلىك قاينىمىغا ھېچقانداق ئازابلانماي ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنى ئېتىپ، ئانىسىغا ئىككى دۇنيالىق ئازاب ۋە خورلۇق تېپىپ بېرىدۇ. ئۇ ئاللىقاچان ئادىمىيلىك قىممىتىنى يوقاتقان تۇتۇرۇقسىز شاللاقلارنىڭ ھاقارەتلىك توپىغا قوشۇلۇپ، كۆڭۈل خۇشلۇقى ھەلەكچىلىكىدە قۇتراپ يۈرگەن بىر توپ نائەھلىلەرنىڭ خالىغان چېغىدا ئېرىشەلەيدىغان بەكمۇ ئەرزان، رايىش ئەرمىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ئەقىدەنىڭ تۇرمۇش ئەخلاقىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇپ كۆرەيلى: «ئەقىدە ‹زامان› ئارامگاھىنىڭ كۈندىلىك مېھمىنى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر نەچچە دوستلىرى بىلەن ئىجارە ئالغان ئۆيدە كەچ كىرگىچە ئۇخلايتتى. كەچتە ‹زامان› ئارامگاھىغا كېلىپ، بىر ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ‹ئولجا› ساقلايتتى. ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا گاھ نەلەردىندۇر ئۈرۈمچىگە سودا-سېتىق بىلەن كېلىپ قالغانلار، گاھ چەت ئەللىك سودىگەرلەر چۈشۈپ قالاتتى.» كىتابخان بۇ قۇرلاردىن تىزگىنسىز ياشلىقنىڭ تەنتەكلىكى بىلەن غەيرىي ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ تاسادىپىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەتتىكى بىر دەردمەن قىزنىڭ ھەسرەتلىك ھالىتىنى ئەمەس، بەلكى ئېنىق مەقسەت ۋە نىشانغا ئىگە بولغان، يېتىلگەن بىر قارام پاھىشەنىڭ يىرگىنچلىك قىياپىتىنى كۆرىدۇ. لېكىن ئاپتورنىڭ ئەقىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە بېغىش-

ـلانغان بەزى نامۇناسىپ بايان ۋە تەسۋىرلىرى ئەـ
قىدە ئوبرازىنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنى چەلگىـ
تىپ، كىتابخانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دەسلەپكى
چۈشەنچىسىنى بىر مۇنچە قالايمىقانلاشتۇرۇۋېـ
تىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىدە ئوبرازى ئەخلاقىي تەـ
ۋەلىكى ئېنىق بولمىغان، خاراكتېر روشەنلىكى
يوق، كىتابخاندا مۇئەييەن تۇيغۇ ۋە تەسىرات
پەيدا قىلالمايدىغان ئەھمىيەتسىز بىر پېرسوناژـ
غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەقىدە كېيىنكى چاغلاردا ئۆز يۇرتىغا
بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىدىن قول ئۈزۈپ،
بارلىق ھاياتى، ئىستىقبالىنى چەت ئەلگە باغلاپ،
ئەزەربەيجانلىق سودىگەر رىفاتقا ئەگىشىپ باكۇـ
غا بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە توي قىلىپ ئائىلە
قۇرۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ، رىفاتنىڭ
ئەرزان توقالى سۈپىتىدە خارلىنىپ ياشاشقا
مەجبۇر بولىدۇ. كېيىنچە رىفات ئۇنى ئۆزىنىڭ
ياشانغان خوجايىنىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئەقىدە بۇـ
نىڭدىن كۈتمىگەندە خورلۇق ھېس قىلىپ، خوـ
جايىنغا پۈتۈن جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرـ
سىتىدۇ. ئامال قىلالمىغان خوجايىن ئاخىر
ئىككى كۈچتۈڭگۈر مالىيىغا ئۇنىڭ پۇت-قولـ
لىرىنى كارىۋاتقا «كېرىپ تۇرۇپ» باغلىتىپ ئۆـ
زىنىڭ «شەھۋانىي نەپسىنى» قاندۇرىدۇ. ئەقىدەـ
نىڭ «نالىلىك ۋارقىرىشى، «ئاپا» دەپ بوزلىشى،
ئېدىرلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېچە ئاسمىنىدا يوـ
قىلىپ» كېتىدۇ. ئاپتورنىڭ تەسۋىرىچە ئەقىدە
ئەسلىدە يۇل ئۈچۈن ھەممە خورلۇققا چىدايدىـ
غان، ئۆز يۇرتىدىمۇ قانچىلىغان كۆرۈمسىز سوـ
دىگەر ۋە ياشانغان چەت ئەللىك تىجارەتچىلەر
بىلەن ئىختىيارىي بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەيرـ
سەدىقىسىگە ئېرىشىپ كەلگەن تىلەمچى
سۈپەت پاھىشە ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىگە ئەسەـ
بىيلەرچە ئىنتىلىۋاتقان، شۇنچە مەرھەمەتلىك بۇ
چەت ئەللىك پۇلدارنىڭ تەلىپىنى قانداق قىلىپ
تەلۋىلەرچە رەت قىلالىدى؟ ئەقىدە بۇ يەردە قەلبىـ
دە بولمىغان سۈنئىي ئىسيان ۋە قارشىلىق كۆرـ
سىتىش روھى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن داۋامـ
لىشىپ كېلىۋاتقان قېلىپلاشقان مۇقىم خاراكتېـ
رىنى ئىنكار قىلىپ، ئاپتورنىڭ بايان تەسۋىرى
ئارقىلىق ئۆزىگە سىڭدۈرۈلگەن ھەممە تىرىكـ
چىلىك خاسلىقىنى يوققا چىقىرىپ، كىتابخانـ
نى يېڭى چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقىغا باشلاپ
كىرىدۇ. ئۇنىڭ باكۇدا تاسادىپىي تونۇشۇپ
قالغان، روھىيەت ئىلمى مۇتەخەسسىسى بولغان
ئالىم يۇرتدىشىنىڭ ئەقىدەنىڭ ئۈياتلىق ھايات
سەرگۈزەشتىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان
ھالدا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك يۇكسەك باھا بېرىـ
شى بۇ ئەقلىي قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ يۇقىـ
رى پەللىگە كۆتۈرۈۋېتىدۇ:

« ــ مانا بۇ سىزدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا
خاس جاسارەت، ــ دېدى ماھىر ئەقىدەنىڭ سۆزى
تۈگىگەندىن كېيىن ھاياجان بىلەن، ــ بىزنىڭ تاـ
رىخىمىزدا ئۆتكەن نۇزۇگۇم، يەتتە قىزلىرىمۇ
ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا ھاياتىنى
تەقدىم قىلىشقان. سىزمۇ ئۆز غۇرۇرىڭىزنى، ئەـ
قىدىڭىزنى قوغداش يولىدا ئادەم ئىشەنمىگۈدەك
دەرىجىدە ئازاب چېكىپسىز، تەقدىر بىلەن ئېلىـ
شىپسىز.» ئاپتور بۇ قۇرلىرى ئارقىلىق ئۆز پېرـ
سوناژىنىڭ ئۆلگەن روھىغا ئارام ۋە تەسەللى
بېرىپ، ئۇنى روھەن تىرىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىـ
دۇ. ئەمەلدە ئۇ ئەقىدەنىڭ ئۆز پىكرى ۋە قەلبىمى
ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن ئەخلاقىي
سۈپەتلىرىنى ھېچقانداق ئەقلىي دەلىللەرسىز
ئىنكار قىلىپ، ناپاكلىقى بىلەن ھەممىنى يىرـ
گەندۈرگەن بىر ئۇياتسىز سەتەڭنى غۇرۇر ۋە ساـ
داقەتنىڭ نۇرانە تىپى بولغان نۇزۇگۇمغا تەڭلەشـ
تۇرۇپ، ئۇنى جان ئالغۇچ زەھەرلىك مەسخىرىـ
گە قالدۇرۇپ، ئۇنى ھاياتى خاراكتېرى بولمىغان
تۇتۇرۇقسىز بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىـ
دۇ.

روماندا قەلەمگە ئېلىنغان ۋەلى خەلىچىخانـ
نىڭ ۋاپاسىز ئوغلى ئادىلنىڭ خېلى كەڭ بەدىئىي
سەھىپىدە تەسۋىرلەنگەن، «دوستلار ئىچىدە ھەقـ
قانىلىكى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن ھۆرمەتكە سازا
ۋەر» بولغان ئۇلپەتداش بۇرادىرى. ئۇ «بالا-قازادىن

قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان كەم
سۆز» بىر مەرد لۈكچەك. ئۇ قاسىم بىلەن شې-
رىكلىشىپ سودا قىلىپ، مەقسەتلىك ياساپ چى-
قىلغان ساختا قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. كېيىن
بۇنىڭ قاسىمنىڭ پىلانلىغان سۇيىقەستى ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان پىچى-
قى بىلەن قاسىمنى ئۆلتۈرۈپ تۈرمىگە قامىلى-
دۇ. ئاپتورنىڭ رومانىدىكى تەسۋىرى بويىچە ئېيت-
قاندا قاسىم «تۈرمۈشتا كۆپ ئىسسىق-سوغۇق-
لارنى ئۆتكۈزگەن قاغجالما بولغىنى بىلەن توخۇ-
دەك قورقۇنچاق» بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ ۋەلىدىن چۆچۈپ ھەرقاچان قورقۇنچ ۋە ۋەھى-
مە ئىچىدە ياشايتتى. بۇ ھالدا «ياۋاشنى بوزەك
قىلمايدىغان» ئېغىر - بېسىق ۋەلىنىڭ دەرغەزەپ-
كە كېلىپ، قاسىمنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى-
نىڭ بىرەر زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟ ئۇنىڭسىزمۇ
ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسى بىلەن قاسىمنى
چۆچۈتۈپ، ھېچقانداق چۇقان-سۈرەنسىز ئۇنىڭ
جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلدۇرالىشى
مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ئاپتور بۇ يەردە ۋەلىنىڭ ئۆزى
ياراتقان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى
ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان قاتىللىق جىنا-
يىتىگە ئاپىرىپ چېتىپ، بەدىئىي تەسىرلەندۈ-
رۈش كۈچى بولمىغان ئارتۇقچە بىر تىراگېدىيە-
نى بارلىققا كەلتۈرگەن.

رومـاندا باكۇغا ئوقۇشقا بارغان روھىيەت
ئىلمى مۇتەخەسسىسى ماھىر بىلەن ئەقىدەنىڭ
مۇناسىۋىتى بەدىئىي قىستۇرما سۈپىتىدە تەس-
ۋىرلىنىدۇ. كۆنلەر ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا چۈ-
شىنىشى بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ، بىر-بىرىنى
ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ.
ئاپتور ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇ يېڭى تەرەق-
قىياتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ماھىر ئىشتىن
چۈشۈپلا ئۆيگە كېلىپ، ياتارغا يېقىن قايتىپ
كېتەتتى. خەلىچىخان ماھىرنى ياقتۇرۇپ قالدى.
خۇدا نېسىپ قىلسا قىزىمنىڭ تويىنى قىلىۋال-
سام، دېگەن ئۈمىد خەلىچىخاننىڭ ئارزۇلىرىغا
قېتىلدى.» ئۆز قىلمىشى بىلەن ئادىمىيلىك قىم-
مىتىنى يوقىتىپ، بىرەر بېلى بوش ئەرنىڭ ئارام
ۋە تەسەللىسىگە تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئەقىدەنىڭ
بۇ ئىستىقباللىق ئالىمغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
چاپلىشىدىغانلىقى ئېنىق. لېكىن ئۇنىڭ ھەممە
ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار
بولغان ماھىرنىڭ ئۆزىنى بىلىدىغان بىر ئەر سۈپى-
تىدە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟
ياق، گەرچە ماھىر زامانىۋى روھتا تەربىيەلەنگەن،
مۇھەببەت ۋە ئىشق قارىشى ئۆزگىچە بولغان مەدە-
نىيەتلىك يىگىت بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك نو-
مۇسىغا بېرىپ تاقىشىدىغان بۇنداق نازۇك ئىشتا
ئۇنداق ئەپۇچان، ئۇنداق كەڭ قورساق بولالمايدۇ.
چۈنكى ئۇنى كەچۈرۈش ۋە ئەپۇ قىلىش ئۆزىنى
ئۇنىڭ ئەخلاقىي دەرىجىسى بىلەن تەڭلەشتۈرۈش-
تىن، ئۇنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرۈپ، پىكىر ئارا-
مىنى ئۆمۈر بويى بۇزىدىغان ئەخلاقىي قىلمىشلى-
رىغا روھەن شېرىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئازاب ۋە خور-
لۇقلىرىنى بىللە تارتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئېنىق-
كى، مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بۇنداق تەلۋىلەر-
چە مەردلىككە ئۆزىنىڭ ئەرلىك قەدىر - قىممىتى-
نى ئوبدان بىلىدىغان ھەرقانداق بىر غۇرۇرلۇق
يىگىت جۈرئەت قىلالمايدۇ.

يۇقىرىدا بىز رومان پېرسوناژلىرىنىڭ خا-
راكتېرلار چىنلىقىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقى-
لىق ئۇنىڭدا يارىتىلغان ئەدەبىي ئوبرازلارنىڭ بە-
دىئىي مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ
بېرىشنى مەقسەت قىلدۇق. بىز شۇنى ئەپسۇس-
لۇق ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، ئاپتور رو-
ماندا ئۆزى قەلەمگە ئالغان دەۋرىمىز تۇرمۇشى-
نىڭ رېئال ھالىتىنى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە نۇقتى-
سىدىن كۆزىتىپ، ۋاقىئە-ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىي
تەبىئىي ھالىتىگە باغلىنىپ قېلىپ، ئەركىن ۋە
ئازادە تەپەككۇر دۇنياسىغا، پايانسىزلىققا ئىگە
بولغان ھەقىقىي باي ئىجادىيەت زېمىنىغا دادىل
قەدەم قويالمىغان. ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىيات مەنتى-
قىسى بىلەن خاراكتېرلار مۇقەررەرلىكىنى توغرا
ۋە ئىجادىي ئىگىلىمەي، ئۇلارنى ئالدىن پىلانلان-
غان تار كوچىغا قىستاپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىرا-

دىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان، ھاياتى مۇستەقىللىقى يوق، تىپىكلىكى ئاجىز بىر گۇرۇپپا ھالسىز پېرسوناژلار ئوبرازىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بەدىئىي سەھنىنى، يەنى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ئۈرۈمچىدىن تۇرپان، خوتەن، گۇاڭجۇ ۋە باكۇلارغىچە كېڭەيتىپ، ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان جىددىي ۋە مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئايان بولىدىغان خاراكتېرلار خاسلىقىنى خىرەلەشتۈرۈپ، روماننىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولغان كەڭ ۋە جانلىق ئىجادىي بەدىئىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا روماندا يەنە كىتابخانغا تولۇق تاپشۇرۇلمىغان بىر مۇنچە نائېنىق ۋەقەلەر بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ رېئال ھالىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بەزى غەلىتە ھادىسىلەرمۇ بار. بۇلار ئاددىي نەزەر بىلەن قارىغاندا كىچىك ۋە ئەھمىيەتسىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان، ئەمەلدە بولسا ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي مەزمۇنىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدىغان ماھىيەتلىك مەسىلىلەردۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەڭ تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ قىيىن نەرسە — ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ چىن ۋە رېئاللىقىغا، يارىتىلغان ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ پېرسوناژلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان بىردەكلىكىگە كىتابخاننى ئىشەندۈرۈشتۇر. بۇنىڭغا پەقەت رېئال ھاياتنىڭ ئايرىمىلىقىغا ئىگە بولغان ئەڭ پىنھان، سىرلىق قاتلاملىرىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئىزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى كىتابخاننىڭ روھى ۋە ئەقلىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئېنىق ۋە روشەن يورۇتۇپ بېرىشنى بىلىدىغان ئىجادكار ئاپتورلارلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئاپتور روماندا ئەقىدەنىڭ ئازاب ۋە خورلۇق بىلەن تولغان ئۆزگىچە ھايات يولىنى ئەكس ئەتتۈرگىنىدە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىنىڭ مەنىۋى يىمىرىلىش ھالەتلىرىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەيدۇ، لېكىن ئۇلاردا ئەقىدە خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىي رىۋاجىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە باغلىق بولغان تۈپ سەۋەبلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان زۆرۈر مەنىۋى ئامىللار تولۇق ھېسابقا ئېلىنمىغانلىقتىن ئۇ تەسۋىرلەردىكى تىراگېدىيەلىك ھالەتلەر چىن ۋە رېئاللىقى بىلەن كىتابخاننى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. ھازىرچە بىز ئەقىدەنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتى، مۇناسىۋەت دائىرىسى، تەشكىلىي باغلىنىشى قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۆكلەنگەن ھەممە خۇنۇك ئەخلاقىي سۈپەتلەرنى ئېقرار قىلىپمۇ تۇرايلى. لېكىن ئالىي مائارىپ تەربىيەسىدىن ئۆتكەن، تۇرمۇشى مۇقىم خىزمەت كىرىمى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن، ھېچقانداق ماددىي نەرسىگە تەشنالىقى بولمىغان مەدەنىيەتلىك بىر قىزنىڭ بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ھاياتنى بۇلغايدىغان مەنىۋى ئەخلەتكە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان تۈپ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر نېمە؟ ئۇنىڭ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ئىمان يولىدا پاكلىنىپ، قەلبىدىكى ھەممىگە قادىر بولغان ئىلاھىي قۇدرەتكە تېۋىنىپ تۇرۇپ، قانچە قېتىملاپ پىچىرلاپ تەكرارلىغان ئەڭ پاك ئارزۇ- تىلەكلىرىنىڭ خىسلەتلىك مەنىۋى كۈچى قېنى؟ ئەجەبا، مەرھۇم دادىسىنىڭ بالىلىقىدىن باشلاپ سەبىي دىلىغا قۇيۇپ كەلگەن ئەڭگۈشتەر ھەققىدىكى سېھرىي ھېكايە بىلەن دەۋرىمىز ھاياتىنىڭ ئومۇمىي رېئال ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەلەپ ۋە بېسىمى دېگەنلەر ئۇنىڭ تېخى بۇلغىنىپ ئۈلگۈرمىگەن روھىي دۇنياسىغا ئازراق بولسىمۇ ۋىجدانىي تەسىر كۆرسەتمىگەنمىدۇ؟ كىتابخان ئەقىدە ھاياتىغا باغلىق بولغان بۇ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى قانچە

كۆپ ئويلىغانسېرى، ئۇنىڭ ئەخلاقىي پاجىئەلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن يىراقلىقىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

ئەقىدەنىڭ راھەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ساختا بايۋەچچە رىفاتقا باغلاپ، باكۇدا ئۇنىڭگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ھاياتنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ تايانچسىز دەردمەنگە ئايلانغان قەدىرسىز بىر قىزنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئېرىشىش ھەلەكچىلىكىدە ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىكتىن يانمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ باكۇدا يولۇققان ئارتۇقچە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىزنى ئەقىدە خاراكتېرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلمەيدۇ. ئەسلىدە ئۆز تەقدىرىنى رىفاتنىڭ كۈيۈمى ۋە سەمىمىيتىگە باغلىغان ئەقىدەنىڭ ھەممە ئىشەنچ ۋە ئۈمىدى كىشىلەر توپلانغان ئاۋات بىر بازاردا «تازا سەمرىگەن كۆك كۆز، سېرىق چاچ بىر ئايال»نىڭ، يەنى رىفاتنىڭ لۈكچەك، كۆكەمە خوتۇنىنىڭ ئۇنى «تېگىگە بېسىۋېلىپ» ئۇرۇپ، يەتكىنىچە شەرمەندە قىلغان چېغىدىلا، ئۈزۈل-كېسىل يوققا چىققاندى. ئەقىدە بۇ شەرمەندىچىلىكتىن ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىشى، قۇرۇق خىيال ۋە ئارزۇغا بېرىلمەي، ئۆزى يەڭگىللىك بىلەن تاشلاپ كەتكەن، ھەممىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئانا زېمىنغا قايتىش يولىغا كىرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاپتور ئەقىدەنى بۇنداق ئەقىل ۋە ئىمكانىيەتتىن ئەتەي مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى ئارتۇقچە خورلۇق ۋە ئازابقا مەجبۇرلاپ، ھېلىقى ياشانغان خوجايىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ياۋايىلىقى بىلەن پۇت-قولى كارىۋاتقا تېڭىلغان ھالدا دەپسەندە قىلىنىش تەقدىرىگە گىرىپتار قىلغان. بۇ يەردە ئاپتور، ھەتتا سادىدا تەسەۋۋۇر قىزغىنلىقىغا بېرىلىپ كۆتكىنىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدىغان ئۇ پۇلدار شەھۋەتپەرەسنىڭ ئۆز مالىينىڭ ئاشىنىسى بولغان بىر قەدىرسىز سەتەڭگە ئەسەبىيلەرچە ئىنتىلىشىنى بىرەر ئىشەنچلىك سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرۈشنىمۇ، شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرالىغۇدەك دەرىجىدە ئەرلىك ماغدۇرى بولغان بۇ زوراۋاننىڭ زەھەر ۋە ئىچىملىك بىلەن ھالىدىن كەتكەن بىر ئاجىزەنى «پۇت-قوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ» باغلاتمايمۇ بويسۇندۇراللايدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان.

شۇنچە كۆپ رومانلار نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تازا گۈللەنگەن ھۇزۇرلۇق بىر دەۋرى باشلانغان بىر چاغدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەقلى ۋە پىكرى قايتقان ياشانغان بىر سەمىمىي كىتابخانى سۈپىتىدە ئىنىمىز ئىلغارجان سادىقنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى «قىسمەت ئاچىلىدا» رومانىنى تەبىئىي ھەۋەس ۋە ئىشتىياقىم بىلەن قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. مەن ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى مول تۇرمۇش بىلىمى جۇغلانمىسىغا، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە مۇناسىپ بولغان ئۆزگىچە خىيال ۋە تەسەۋۋۇرغا، كىتابخان زېھنىنى ئاچىدىغان ئوبرازلىق بەدىئىي تىلغا، ھېس قىلغانلىرىنى ئىجادىي تۈستە بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولغان ئۈمىدلىك ئاپتور ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىزگە رېئال ھاياتىمىزنىڭ سەنئەتلىك ئىنكاسى بولغان تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلالايدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھالدا ھېس قىلىپ يەتتىم.

مېنىڭ يۇقىرىدا يازغانلىرىم ئەدەبىي ئوبزورغىمۇ، ئەدەبىي مۇھاكىمىگىمۇ تەۋە بولمىغان، سەمىمىي نىيەتتىن تۇغۇلغان سادىدا بىر تەسىراتنىڭ قىسقىچە بايانى، مەن ئىنىمىز ئىلغارجان سادىقنىڭ ناھايىتى زور ئىجادىي غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن تەلەپچان ئەدىب سۈپىتىدە مېنىڭ بۇ ھالسىز يازمامدا ئەكس ئەتكەن ئەڭ پاك، سەمىمىي ئارزۇ تىلەكلىرىمنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسيونېرى)

مۇھەررىر قاھار نىياز



بۇلبۇل ئەكرەم

# ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ 60 يىلى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بالىلار تەربىيەسىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولغان بالىلار ئەدەبىياتى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مەيلى ئېغىز ئەدەبىياتى، مەيلى يازما ئەدەبىيات جەھەتتە بولسۇن، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇر خەلق بالىلار چۆچەكلىرى، بالىلار ناخشا- قوشاقلىرى، بالىلار شېئىرلىرى، بالىلار پىروزا ئەسەرلىرى، مەسەل ۋە تېپىشماقلار كەڭ ئۇسمۇر بالىلار بىلەن كەينى- كەينىدىن يۈز كۆرۈشتى. پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم مەخسۇس بالىلار يازغۇچىلىرى مەيدانغا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى چوڭلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر بۆلەك يازغۇچىلارمۇ بالىلار ئۈچۈن ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

## 1

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللىرى ئۇيغۇر بوگۈنكى زامان بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ بىخلىنىش، شەكىللىنىش دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ باش تېمىسى ئازاد زامانىنى، يېڭى دەۋرنى، بەختلىك تۇرمۇشنى، پارتىيەنى، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭنى، ۋەتەن، خەلقنى، ئازادلىق ئارمىيەنى، مەكتەپ، ئۇستاز، ئىلىم- پەن ۋە قىزىل گالىستۇك...نى مەدھىيەلەش ۋە ئۇلۇغلاشقا مەركەزلىشىپ، يېڭى دەۋر بالىلىرىغا زور ئىلھام، يېڭىچە غەيرەت- جاسارەت ۋە ئىلىم- پەنگە بولغان يالقۇنلۇق مېھىر- مۇھەببەت ئېلىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلەردىن ئابلىز نازىرىنىڭ «ستالىن، ماۋجۇشى»، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ «بالىلار ئارىسىدا»، بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا»، «ئىنىم بىلەن سۆھبەت»، «مەكتىپىم»، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «ماي غۇنچىلىرى»، «پىئونېر سۆزى»، تۇردى سامساقنىڭ «ۋەتىنىم»، غەنىزات غەيۇرانىنىڭ «ۋەتەن»، «ئوقۇ ئىنىم»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «تۇنجى دەرس»، توختاش بەكرىنىڭ «قىزىل يىللار»، قۇربان ئىمىننىڭ «يايلاق يىگىتى»، تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىنىڭ «ئەلاچى سىنىپ»، «مەكتىپىمىز مەيدانى»، «بىزنىڭ

مەكتەپ»، «چاۋشيەن ئوغلىغا»، مۇھەممەدئېلى
زۇنۇننىڭ «باللار ناخشىسى»، ماخمۇت مۇھەم-
مەدنىڭ «قىزىل گالستۇك»، ئايۇپ سامساقنىڭ
«ئوقۇي مەنمۇ»، ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئالغا
ماڭدۇق بىز»، سادىق سادىرىنىڭ «ئەلا ئوقۇيدۇ»،
نۇرىيە ئېلاخۇننىڭ «پىئونېر ئىنىم»، مۇھەممەد
رېھىمنىڭ «باللار ئۈچۈن تېپىشماقلار» قاتارلىق-
لارنى، ھېكايە- چۆچەكلەردىن تۇرسۇن سابىرنىڭ
«ئىككى دوست»، ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ «ئۇ ئۆز
يولىنى تاپتى»، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «توغرا
يول»، شۇنداقلا ئۇ رەتلەپ يازغان «گەپ بەرمەس
بىلەن نەپ بەرمەس»، «پادىچى»، تەلئەت ناسىر-
نىڭ «سىرلىق قورچاق»، تۇردى سامساقنىڭ
«بەش تال ئوق»، ئېلىيار تاھىرنىڭ «كارىزدىكى
بۆدۈنە»، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «مىس قازان»،
ئەلقەم ئەختەم رەتلىگەن «بۆرە، تۈلكە ۋە بۆدۈنە»،
داۋۇت تۇرەخمەت يازغان ۋە رەتلىگەن «ئۈجمە
سايىسى»، «كاج بىلەن جاھىل»، «ئۈچ ئەخمەق»،
يۈسۈپجان رەتلىگەن «پادىچى بىلەن چۈمۈلە»،
قۇربان بوساق يازغان «ئۈچ ئوغۇل»، رەھمىتۇللا
جارى رەتلىگەن «ئەقىللىق قىز» قاتارلىقلارنى،
مەسەللەردىن موللا تۇردى ئېيتقان «يولۋاس
بىلەن توشقان»، ئابلىز غوپۇر يازغان «يالغۇز
تېرەك»، تۇردى سامساق يازغان «كېگەش»، ئەرشى-
دىن تاتلىق يازغان «قۇدۇق ئىچىدىكى يىلان» قا-
تارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.
شائىر، يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ «كېگەش»
ناملىق مەسىلى ئەينى ۋاقىتتا كىتابخانلارنىڭ يۇ-
قىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، باللار سۆيۈپ ئوقۇي-
دىغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يۇ-
قىرىقى ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى گەرچە
مەخسۇس باللارغا ئاتاپ، باللار ئۈچۈن ئىجاد
قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما باللارنىڭ ئوقۇشى
ۋە ياقتۇرۇشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەينى
دەۋر باللىرىنىڭ زوقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇ-
رۇشتا، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ۋە
ئۇلارنىڭ ھەقىقي يارامىلىق يېگى بىر ئەۋلاد كى-
شىلەردىن بولۇپ يېتىلىشىدە ئالاھىدە مۇھىم
رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن باللار ئەدەبىياتى سا-
ھەسى بەلگىلىك كۆلەم، ئورۇنغا ۋە تەسىرگە
ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئۇلى ۋە ئاسا-
سي شەكلىنى شەكىللەندۇرۇۋالدى. بولۇپمۇ
1956- يىلى ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ پىئونېرلىرى»
(شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى) گېزىتىنىڭ نەشر قىلى-
نىشى بىلەن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە
جانلىنىش بولدى. بۇ گېزىتنىڭ نەشر قىلىنى-
شى مىليونلىغان ئۇيغۇر باللىرى ئۈچۈن زور
خۇشاللىق، باللار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇ-
چىلارغا سەھنە، ئۆزىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن
بۆشۈك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گېزىتتە ۋە
باشقا گېزىت- ژۇرناللاردا باللار ئۈچۈن ئەسەر
ئېلان قىلىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇغدا
ئابدۇللا، غوجاش مۇھەممەد، مۇتەللىپ جۇما-
خۇن، توختاش بەكرى، ئابابەكرى ئەمەت قاتارلىق-
لار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. قىسقىسى، باللار
ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ئۈچۈن كۆۋرۈك ۋە تەرەق-
قىيات سورۇنى ھازىرلاپ بەرگەن بۇ گېزىت مەم-
لىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت تىل- يېزىقىدا
باللار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تۇنجى
مەخسۇس گېزىت بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغا كەلگەندە،
ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ چوڭلار ئەدە-
بىياتىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك-
لىرىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، تېما جەھەتتىن
تېخىمۇ كېڭىيىش بىلەن باللار تۇرمۇشىغا، با-
لىلارنىڭ پىسخىك خاراكتېرى ۋە قىزىقىشلىرى-
غا يەنىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا يېقىنلاشتى.
كۆپرەك باللارنىڭ قەلب سۆزلىرىنى، ئۆز ۋەتى-
نىدىن، مەكتىپىدىن، پىئونېرلىقىدىن پەخىرلى-
نىش تۇيغۇلىرىنى، ئاتا- ئانا، ئۇستازلارغا، كوم-
پارتىيەگە، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا، كىتاب-
قا بولغان مېھىر- مۇھەببىتىنى، ئىلىم- پەنگە
بولغان تەشنالىقىنى؛ لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ،
ياخشى بالا بولۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلەشكە ئەھ-

ـمىيەت بىلەن قارىدى. بۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنـ
غان شېئىرىي ئەسەرلەردىن بۇغدا ئابدۇللانىڭ
«چۇغلۇق باللادىسى»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «پىـ
ئونېرلار دەپتىرىدىن»، ئابدۇرېھىم ئىسمائىلنىڭ
«ئوت يۈرەك پىئونېر»، «ئىنىمنىڭ دوستى»، مۇسا
يۇنۇسنىڭ «ئوقۇيمەن»، ئابدۇللا ئەبەيدۇللىنىڭ
«بىز ماۋزېدۇڭ باللىرى»، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىنـ
نىڭ «ئۈچ قىزىل بايراق»، پەرھات مۇھەممەدىـ
نىڭ «ئالتۇن كىتاب»، توختى ئەزىمنىڭ «لېي
فېڭ بىز بىلەن»، مۇھەممەد سىدىق تۆمۈرنىڭ
«جەڭچىنىڭ قەلبى»، «جېڭاڭجۇڭگە» قاتارلىقلارـ
نى، ھېكايە-چۆچەك، مەسەللەردىن ئابلىمىت ساـ
بىرنىڭ «مېنىڭ قەدىرلىك ئوقۇتقۇچۇم»،
«بەخت»، «جاراڭلىق داڭ ئاۋازى»، نۇرمۇھەممەد
زامانىنىڭ «جاسارەت»، يۈسۈپ ھاجىنىڭ
«ئۆچمەس ئىز» ئەخەت ھاشىمنىڭ «ئىنتىقام»،
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «بىرىنچى پويىز ئاۋازى»،
«ئانا خىتابى»، «شانلىق قۇربان»، ئەخەت تۇردىنىڭ
«ئازاد زامانىڭدىن ئۆرگىلەي»، ئەرشىدىن تاتلىقـ
نىڭ «تۆمۈرچىنىڭ جاۋابى»، «ئەركەكمۇ - ئۇرغاـ
چىمۇ»، پەتتارجان مۇھەممىدىنىڭ «دانىشمەن
كېلىن»، قۇربان روزى رەتلىگەن «تەخەي پادىشاـ
ھى»، نىمشېھىت رەتلىگەن «شىتىلە بىلەن پىتىـ
لە»، مۇھەممەد قۇربان رەتلىگەن «بۇزغۇنچى يىـ
گىتنىڭ باتۇر ئاتىلىپ قېلىشى» قاتارلىقلارنى ئاـ
لاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ
بىر قىسمى باللارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۆزلۈكىنى
بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نازۇك ھەم
ئۆزگىرىشچان قەلب دۇنياسىنى، كۆپ قىرلىق
ئىنتىلىشلىرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن
بولسا، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر گەرچە باللار
تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرمىگەن بولسىـ
مۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش قابىلىيىـ
تى، زوقلىنىش ئېھتىياجى ۋە قىزىقىشلىرىغا يېـ
قىندىن ماسلاشقانلىقى بىلەن باللارنىڭ
سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى، شۇ ئاساسـ
تا ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەقىل بىر
ئەدەبىيات گەۋدىسى بولۇپ شەكىللىنىشىدە
تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

60-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 70-يىللارنىڭ ئاـ
خىرىغىچە ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىمۇ باشقا
ساھەلەرگە ئوخشاشلا تۇرغۇنلۇق، ھەتتا چېكىـ
نىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، ياخشى ئەسەرلەر يوق
دېيەرلىك بولدى. ئەسەرلەردىكى يېڭىلىقتىن،
مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ
قىيىنغا چۈشتى.

2

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ ئاخىرىـ
دىن باشلاپ، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئوـ
مۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياـ
تىدا قايتىدىن جانلىنىش، تەۋرىنىش ۋەزىيىتى
مەيدانغا كەلدى. 1978-يىلى 10-ئايدا، دۆلەتلىك
ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى، مائارىپ مىنىسـ
تىرلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق مەركەزگە
قاراشلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ، جياڭشىدا مەملىـ
كەتلىك ئۆسمۈر باللار ئوقۇشلۇقلىرىنى نەشر
قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىردى. شۇنىڭدىن
باشلاپ ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت تارـ
ماقلىرى، نەشرىيات، مائارىپ ساھەلىرى ئۆسمۈر
باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا
بىردەك كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايوـ
نىمىزمۇ بۇ چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ،
باللار تەربىيەسى ۋە باللار ئەدەبىياتى خىزمىتىـ
نى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتتى. 80-
يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىـ
تى قارىمىقىدا باللار ئەدەبىياتى كومىتېتى قۇ
رۇلدى. 1984-يىلى 6-ئايدا ئۈنۈۋېرسال باللار
ژۇرنىلى «تارىم غۇنچىلىرى» مەيدانغا كەلدى.
1988-يىل 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاپتونوم رايونىـ
مىزدا باللارنى تەتقىق قىلىدىغان تۇنجى ئىلمىي
تەشكىلات ــ ئاپتونوم رايونلۇق «غۇنچە مۇكاپاـ
تى» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مۇـ
نەۋۋەر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پاـ

ئالىيتى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن
ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىيات تارىخىدا
تېز سۈرئەتتە گۈللەپ ياشناشتەك يېڭىچە بىر
بەت ئېچىلدى. بالىلار دۇنياسىغا شۇڭغۇپ
كىرىپ، ئۆزىنىڭ بالىلار قەلبىنىڭ ئەينىكى بو-
لۇشتەك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ياز-
غۇچىلار ۋە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر
تۈركۈم ئېسىل ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار:
بالىلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى غىدىقلايدىغان
نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك شېئىرىي تېپىشماق-
لىرى بىلەن بالىلار ۋە چوڭلار ئارىسىدا زور
ھۆرمەتكە ئېرىشكەن شائىر توختاش بەكرى،
بالىلار تەربىيەسى، بالىلار ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر
ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان شائىر تۇر-
سۇنمۇھەممەد پەخىردىن، ئەخەت ھاشىم، بۇغدا
ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، تۇرسۇن قۇربان،
ئەخمەت ئىمىن، ھېلىمنىياز قادىر، ھاجى
ئەھمەد، روزى سايىت، مامۇت زاھىت، ئابابەكرى
ئەمەت، مەمتىمىن بارى، ئابلىكىم روزى، ئابدۇ-
راخمان ئەبەي، قادىر ئارسلان، مۇتەللىپ جۇما-
خۇن، ھەسەن تىلىۋالدى، مۇھەممەد روزى
يارقىن، ئابلىمىت قۇربان، نۇرمۇھەممەد توختى،
ھوشۇر ئەخمەت، تۇرسۇن ئەرشىدىن، ئەبەيدۇللا
ئىبراھىم، مۇھەممەد روزى، ئابدۇقادىر ھەسەن،
ماخمۇتجان ئىسلام قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئەسەرلىرى بالىلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىلا
ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتتە خېلى كۈچلۈك
تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئەدەپ-
ئەخلاقلىق، بىلىملىك، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك
يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇپ تەربىيەلى-
نىپ يېتىلىشىدە تېگىشلىك رول ئوينىدى. بۇ
مەزگىلدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى
غوللۇق يازغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بالىلار ئە-
دەبىياتىغا ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، بالىلار ئۈچۈن
قەلەم تەۋرىتىشنى بىر خىل كەسپىي مەجبۇرى-
يەت سۈپىتىدە تونۇپ، بىر تۈركۈم نادىر بالىلار
ئەسەرلىرىنى توختاۋسىز ئىجاد قىلدى. نەتىجى-
دە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە بولغان
قىسقىغىنە ئىككى يىلدىلا بالىلار ئەدەبىياتىدا
ئالاھىدە جانلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۇ
مەزگىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە
بولغان شېئىرىي ئەسەرلەردىن بۇغدا ئابدۇللانىڭ
«باھار غۇنچىلىرى» ناملىق توپلىمىنى، شىنجاڭ
خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈ-
مى ياشلا ر ۋە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئاڭلىتىش گۇ-
رۇپپىسى تۈزگەن «بالىلار ناخشىلىرى» ناملىق
توپلامنى، تاھىر تالىپنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار»، ھې-
لىمنىياز قادىرنىڭ «كىچىك ئۇستاز»، ھاجى
ئەخمەتنىڭ «ئۆگەن»، نۇردۇن مۇسانىڭ «ئوقۇتقۇ-
چى»، تۇرسۇن قۇرباننىڭ «باغۋەن»، «سەيياره قىز
قوشىقى»، مەمەت روزىنىڭ «مەرىپەت يولىدا»، «-
ئوقۇتقۇچۇم باغۋىنىم»، تۇرسۇن مۇھەممەد پە-
خىردىننىڭ «تىنىش بەلگىلىرى سۆھبەتتە»، مۇ-
ھەممەد سىدىق تۆمۈرنىڭ «تۇرسۇنئاي»، قۇربان-
جان تۇردىنىڭ «ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبى»، ئابدۇخې-
لىل تۇرسۇننىڭ «ئوغلۇمنىڭ شادلىقى»، يالقۇن
ئابدۇسالامنىڭ «ياخشى ئوقۇپ ئۆرلەيمىز»،
نەيىم يۈسۈپنىڭ «مەكتىپىم»، «ئۆگەن، ئۆرلە
ھامان ئوغلۇم»، مەمتىمىن بارىنىڭ «ئىلىم-پەنگە
يۈرۈش»، مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ئارسلان ئويغان-
دى»، مۇھەممەد سادىقنىڭ «باغۋەن»، ئىلھامجان-
نىڭ «شائىر لۇتۇن»، مەتقۇربان ئىسمائىلنىڭ
«پەن ئىشقىدا»، ئابلىكىم زوردۇننىڭ «ئوغلۇمغا»
قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن،
مۇتىللا ئىبراھىم، تۇرسۇن زىرىدىن، مەمتىمىن
بارى قاتارلىقلارنىڭ بىر تۈركۈم نادىر بالىلار شې-
ئىرلىرىنى، ھېكايە-چۆچەك، مەسەللەردىن ئابدۇ-
رېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»،
ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «كىچىك ئۇستاز»، «ئورى-
نى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر»، مۇھەممەد شانى-
يازنىڭ «ئويۇنچۇق»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئو-
قۇتقۇچى»، سېيىت زۇنۇننىڭ «قەيسەر
جەڭچى»، قادىر ئارسلاننىڭ «يېڭى پەللە

ئۈچۈن»، «ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ»، ئابلەت ئابدۇللانىڭ «ئارزۇ»، ئەخەت ھاشىمنىڭ «بۇلبۇل ۋە سۇغۇر»، «بىر تاغار بۇغدايىنىڭ ھېكايىسى»، سادىن سادىرى رەتلىگەن «كەنجى باتۇر»، ئەمەت ئىدرىس رەتلىگەن «ئەقىللىق قىز»، «تەدان بىلەن گول»، ئابلا ئەھمىدى توپلاپ رەتلىگەن «ياخشىلىققا ياخشىلىق»، ئېزىز ساۋۇت توپلاپ رەتلىگەن «قوينى قايسى يېدى» قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلەر ئىلىم-پەن، مەكتەپ، ئۇستاز، يېڭىچە ئىرادە ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنى ئاساسلىق تېما قىلىشتەك ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن مائارىپ تەربىيەسىگە يېقىندىن ماسلاشتى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ئىدىيەنىڭ تېخىمۇ ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر بالىلار ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى كۈتۈۋالدى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت شەخسىي توپلام ۋە كوللېكتىپ توپلاملار 60 پارچىگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرلار توپلىمى 10 پارچىگە، ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى 15 پارچىگە، ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي توپلام ئالتە پارچىگە، مەسەل، چۆچەك، لەتىپە، تېپىشماق ۋە ماقال-تەمسىل قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر توپلام، 25 پارچىگە يېتىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەتىجە بار:

بىرىنچىسى، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدىغان مەنبەلەر كۆپەيدى. خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار 80-يىللاردىن باشلاپ، بىر تۈركۈم نادىر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن نەشر قىلىپ، كەڭ ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا سۇنۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ يېڭىچە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»دىن ئىبارەت مەخسۇس بالىلار گېزىت-ژۇرنىلىدىن باشقا، «تارىم» ژۇرنىلىدا «بالىلار ئەدەبىياتى»؛ «شىنجاڭ گېزىتى»دە «بالىلار ئۈچۈن»؛ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە «نوتا»؛ «ئىلى دەرياسى»دا «بالىلار كۆڭلى»؛ «قەشقەر ئەدەبىياتى»دا «بالىلار ئەدەبىياتى»؛ «تۇرپان ئەدەبىياتى»دا «چېچەك» قاتارلىق بالىلارغا ئاتالغان مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلىپ، بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ئۈچۈن كەڭرى سورۇن ھازىرلاندى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭىچە كۈچ قوشۇلدى.

ئىككىنچىسى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى ۋە ئايرىم توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى.

1980-يىلى مەملىكەت بويىچە 2-قېتىملىق بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 1982-يىلى «بالىلار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1988-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە رادىيو دراملىرىنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983-يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تيەنجىندە بالىلار ھېكايىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ 1983-يىلى ۋە 1987-يىلى 6-ئايدا بالىلار ئەدەبىياتى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى 1989-يىلىدىن باشلاپ مۇكاپاتلىق ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، بۇ مەزگىلدە مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىنىنىڭ «ياردەم» ( 1980-يىلى مەملىكەت بويىچە 3-دەرىجىلىك بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېر-

ـرىشكەن) ناملىق شېئىرىنى، «تىنىش بەلگىلىرى
سۆھبەتتە» (ئاپتونوم رايون بويىچە 1ـ دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشكەن) ناملىق شېئىرىنى، ئابدۇرې.
ھىم ئابدۇللانىڭ «بويناق» ناملىق پوۋېستىنى، ئاپـ
تونوم رايون بويىچە باللار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا
ئېرىشىپ «بىزنىڭ ئەۋلاد» ناملىق ئۇنىۋېرسال
توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «ئۈچ بولكا»، «پاختەكـ
لەر» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «مۆمىنىنىڭ مومىغا
چىقىشى» (نۇر روزى)، «مېنىڭ دادام»، «ئاھ، مۇـ
ئەللىم، مېنى كەچۈرەمسىز؟» (ئابدۇراخمان
ئەبەي)، «ئالتۇن چاچلىق قونچاق»، «ئارسلاننىڭ
سەرگۈزەشتىسى» (مۇھەممەد روزى يارقىن)»،
«بارات يازغان ھېكايە» (روزى سايىت)، «دوستلۇق
بېكىتى» (مەھەممەد شانىياز)، «مۆختەرنىڭ مـ
جەزى» (قادىر ئارسلان) قاتارلىق ھېكايىلەرنى،
«مېنىڭ بىر كۈنۈم»، «يېڭى يىل دەقىقىلىرى»
(ئەخمەت ئىمىن)، «ئۈجمە دەرىخى» (ئابلەت ئىسـ
مائىل) قاتارلىق نەسرلەرنى، «ئىناق دوستلار»
(تۇرسۇنمۇھەممەد پەخىردىن)، «دانىشمەن بالا»
(نۇرمۇھەممەد زامان)، «يوقمۇ ئايىنىڭ ماكانى»
(ئارسلان)، «باتۇر ئوغلان» (ئابابەكرى ئەمەت)،
«مايمۇنجان» (قادىر ئارسلان)، «سالام، باھار قۇشـ
لىرى» (ئابدۇقادىر ھەسەن)، «باغچا ناخشىلىرى»
(مەتىمىن بارى)، «تېپىشماقلار» (توختاش
بەكرى)، «تىيىننىڭ تۇۋرۇك سانىشى» (ئابلېكىم
باقى)، «سەككىز دوستنىڭ سۆھبىتى» (ئابلېكىم
روزى) قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەرنى، «مالغا
ئوتنى كىم سالار؟» (ھەسەن ئېلى)، «ئېگىز
ئۆسكەن ئاپتەپپەرەس» (ھېلىمنىياز قادىر) قاتار-
لىق دراما ۋە چۆچەكلەرنى مىسال تەرىقىسىدە
كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەنە ۋەكىلـ
لىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر باللار ئەدەبىياتى ئەـ
سەرلىرىدىن «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىـ
لەر»، «تامچە قىزنىڭ ساياھىتى»، «خاسىيەتلىك
نەي»، «يېڭى پەللە ئۇچۇن»، «غۇنچىلار»، «ئەيىب
كىمدە؟»، «ئاجايىپ ئالتۇن» قاتارلىق كوللېكتىپ
توپلاملار، «مۇستاپا»، «بۇزغۇنچى»، «جىن ھەققىـ
دە ھېكايە»، «لۇتۇن»، «گۈل-چېچەككە پۈركەنـ
گەن قەبرە»، «بەش ياشلىق مەرگەن»، «ئارسلاننىڭ
سەرگۈزەشتىسى»، «ياخشى ئىش»، «سومكىدىكى
جېدەل» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، شېئىر توپلىمىـ
دىن «جىرىڭ-جىرىڭ»، «ئويناپدىغان بالا بارمۇ»
قاتارلىقلار كەڭ ئۆسمۈر باللار بىلەن يۈز كۆـ
رۈشتى. بۇ ئەسەرلەر مەيلى تېما ياكى بەدىئىيـ
لىك جەھەتتىن بولسۇن باللار تۇرمۇشىنى، بالـ
لارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، غايىسىنى ئوخشاش
بولمىغان نۇقتىدىن ئوخشىمىغان كەڭلىك ۋە
چوڭقۇرلۇقتا ئەكس ئەتتۈردى.

ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى نەزەـ
رىيەسىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى شەكىللەندى.

1986ـ يىلىغا كەلگەندە، باللار شائىرى ۋە
باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى تۇرسۇن قۇربانـ
نىڭ «باللار ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» ناملىق كىتاـ
بى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا باللار ئەدەبىياتىـ
نىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىغا تولىمۇ ئەھمىيەت
بىلەن قارىلىپ، باللار ۋە باللار ئەدەبىياتى، ھەر
قايسى ياش باسقۇچىدىكى باللارنىڭ ئەدەبىياتقا
بولغان ئالاھىدە تەلەپ - ئېھتىياجى، باللار ئەدەـ
بىياتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، مەقسىتى، يۆـ
نىلىشى، رولى، ئالاھىدىلىكى، تۈر ژانىرلىرى ۋە
باللار ئەدەبىياتى تەنقىدى قاتارلىقلار توغرۇلۇق
ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىلدى. شۇنداق ئېيتىشقا
بولىدۇكى، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىـ
گە دائىر بۇرۇنقى قاراش ۋە پىكىرلەر كۆپ جەـ
ھەتتىن ئالغاندا تېخى يۈزەكى، تارقاق ۋە ئاڭسىز
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، تۇرسۇن قۇرباننىڭ
باللار ئەدەبىياتى نۇقتىئىنەزىرى شەكسىزكى
بىر خىل ئاڭلىق، مەقسەتلىك، نىشانلىق ۋە
سىستېمىلىق تەتقىقات ئەمەلىيىتى بولۇپ شەـ
كىللەندى.

دېمەك، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80ـ يىللىرىدا
ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى «باللار ئۈچۈن» دېگەنـ
نى مۇھىم ئىجادىيەت پىرىنسىپى قىلىپ، باللار
تۇرمۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا، باللار قەلـ

بىرىنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى ئوزۇقىغا ئايلاندى. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن شىددەت بىلەن ئۆرلەش بىلەن بىرگە سۈپەت جەھەتتىنمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى، تېما جەھەتتىن كېڭىيىش بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ژانىر ۋە ئوبراز جەھەتتىن كۆپ خىللىشىش، رەڭدارلىشىش، ھېسسىيات، تىل جەھەتتىن تەبىئىيلىشىش، بالىلارغا يېقىنلىشىش بىلەن بالىلارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشتى. شۇڭا بۇ مەزگىلنى ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىش مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارى باراقسانلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ يىللاردا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ روماندىن باشقا ژانىر، تۈرلىرى بويىچە ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، يېپيېڭى بىر مەنزىرە نامايان بولدى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، نەشر قىلىنغان شېئىرلار توپلاملىرى ئون پارچىگە، ھېكايە-پوۋېستلار توپلاملىرى 18 پارچىگە، ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي توپلاملار تۆت پارچىگە، تەرجىمىھال ئەدەبىياتىغا دائىر توپلاملار ئالتە پارچىگە، چۆچەك، مەسەل، بالىلار قوشاقلىرى قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت توپلام 17 پارچىگە يەتتى. نەشر قىلىنغان كىتابلار سان جەھەتتىن گەرچە 80-يىللاردىكىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېلان قىلىنغان ئومۇمىي ئەسەرلەر سانى 80-يىللاردىكىدىن خېلىلا كۆپ بولدى.

ئىجادىيلىقى يۇقىرى، يېڭىچە مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بۇ دەۋردە كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ بالىلار ئەدەبىياتىدىكى يېڭى تۈر ھېسابلانغان پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئەدەبىياتى بىر قەدەر گۈللەندى. بۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان پەننىي ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تۇرسۇن قۇرباننىڭ «ئاجايىپ ئۇچرىشىش» ناملىق باللادىسى بالىلارنى ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى ھازىرقى زامان رىۋايەتلىرى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئالىم بولۇش غايىسىگە زور ئىلھام بەردى. سۇلتان ھاشىمنىڭ «يىلانلىق قورۇق»، «خەير-خوش يەر شارى» قاتارلىق فانتازىيەلىك پوۋېستلىرى، ئابلىمىت قۇربانىڭ «مارسقا قونغان بالا» ناملىق شېئىرى ۋە ئادىل ئابدۇراخماننىڭ «كۆكتات ئورىسىدىكى خەتەر» ناملىق توپلىمىدىكى قىزىقارلىق، تەسىرلىك پەننىي ھېكايىلەر پەننىي ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

بۇ مەزگىلدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پوۋېستلاردىن نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» بىلەن ياسىنجان سادىقنىڭ «كاككۇك بالىسى»نى، ھېكايە توپلاملىرىدىن سۇلتان ھاشىمنىڭ «سىرلىق سىگنال»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئاق كەپتەر»، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ «باللىقىم»، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «ئالما»، ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئۇچ بولكا»، ئەنۋەر مۇھەممەدنىڭ «قويچى بالا»، يارمۇھەممەد تۇرسۇننىڭ «گۆش يېمەيدىغان بالا»، پەرھات كازىمنىڭ «بوۋام ۋە ئۇجمە دەرىخى» قاتارلىقلارنى، چۆچەك-مەسەللەر توپلاملىرىدىن ئەخەت ھاشىمنىڭ «مەسەللەر»، «چاشقانلارنىڭ قايغۇسى»، شېئىر-قوشاقلار توپلاملىرىدىن تۇرسۇن زىرىدىننىڭ «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى»، ھەسەن تىلىۋالدىنىڭ «خىسلەتلىك قەلەم»، مەمتىمىن بارى بىلەن ھەسەن تىلىۋالدىنىڭ «دام-دام-دام»، توختاش بەكرىنىڭ «ئوغلاق، خوراز، ئارسلانچاق»، مۇتىئەللا ئىبراھىمنىڭ «ئالەم ئەركىسى»، ئابلىكىم ھەسەننىڭ «ئەللەي تەبىئەت»، تۇرغۇن يىلتىزنىڭ «ئاچقۇچ ئېسىۋالغان بالا»، ئابلىمىت قۇربان ساباھىنىڭ «خۇش پۇراق غۇنچىلار»، ئەركىن داۋۇتنىڭ «ئوتلۇق بالىمەن» قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ مەزگىلدە يەنە بىر ئالاھىدە پەخىرلى

نىشكە تېگىشلىك مۇنداق ئۈچ خىل نەتىجە بار:
بىرى، بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنى زورايدى.
ئىزچىل بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىپ كەلگەن
پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئاپتورلاردىن باشقا،
ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى سېپىگە ئابلىكىم
ھەسەن، ئابابەكرى توختى، زاماندىن پاكزات،
تۇرغۇن يىلتىز، ئەخمەتجان قۇربان سابىرى، جا-
سارەت جاپپار، پەرھات كازىمى، پەرھات ئىلى-
ياس، ئادىل تۇنىياز، شىرئەلى مامۇت، ئەيساجان
تۇردى ئاچچىق، قەھرىمان روزى، مۇھەممەدجان
ئابلىز بۆرىيار، ئايبېك ئۆمەر، ئابدۇكېرىم ھاپىز،
ھېيت رەھىم، ئادىل ئىمىن، شەۋكەت رۇستەمگە
ئوخشاش ئۈمىدلىك، جۇشقۇن قەلەم ئىگىلىرى
يېڭىدىن قوشۇلدى.

يەنە بىرى، بىر قىسىم ئەسەرلەر ھەر خىل
تۈرلەر بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم
رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر بالىلار ئە-
سەرلىرىنى باھالاشتا، توختاش بەكرىنىڭ بەش تې-
پىشماق، ئىككى پارچە كىتابى 1-، 2-، 3-دەرى-
جىگە، «ئۇ نېمە؟»نىڭ ئۈچىنچى كىتابى «تارىم»
مۇكاپاتىغا، «دىۋە ۋە بالىلار» ناملىق چۆچەكلى
خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تۇر-
سۇنمۇھەممەد پەخىردىنىنىڭ «ئىناق دوستلار»
ناملىق شېئىرلار توپلىمى مەملىكەتلىك بالىلار
ئوقۇشلۇقلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات-
قا، «تىنىش بەلگىلىرى سۆھبەتتە» «بوۋامنىڭ
ھېكايىسى»، «مېنىڭ جان دوستۇم» قاتارلىق ئالتە
پارچە شېئىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرى-
جىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئەللەي تەبىئەت»
(ئابلىكىم ھەسەن)، «مەسەللەر» (ئەخەت ھاشىم)،
«ئەۋلادلار ئۈچۈن» (ئېلى قادىر بوستانى) قاتارلىق
ئەسەرلەرمۇ بالىلار ئەدەبىياتى بويىچە ھەر خىل
مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچىسى، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى
ۋە بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى تەرجىمىچىلىكى تە-
رەققىي قىلدى. دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە، بالىلار
قىزىقىپ كۆرىدىغان نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەسەر-
لەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بالىلارنىڭ
نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى
مەلۇم دەرىجىدە قاندۇردى. بۇلاردىن مىسىر ياز-
غۇچىسى ماخمۇت سايداننىڭ «كالتە پاچاق ئەر-
مۇدۇن» رومانىنى، «گىرىم چۆچەكلىرى»،
«ئېزوپ مەسەللىرى»، «ئاندېرسون چۆچەكلى-
رى»، «پۇرۇچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشت-
لىرى»، «نىلسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى»،
«ياغاچ قونچاق پىنوككىئو»، «سىرلىق كىيىم»،
«چەت ئەل بالىلار ھېكايىلىرى»، «چەت ئەل چۆ-
چەكلىرى»، «چۆچەكلەر دەرىخى»، «بالىلار
ئۈچۈن 100 چۆچەك»، «بالىلار ئۈچۈن كۈندە بىر
ياخشى ھېكايە»، «بىئانكى پەننىي چۆچەكلىرى
ۋە پەننىي ھېكايىلىرى»، «ھايۋانات ھەققىدە قىزى-
قارلىق پاراڭ»، «ھېكايە جەۋھەرلىرى»، «خەيرلىك
كەچ ھېكايىلىرى»، «پاپىلار دۆلىتى ۋە گىگانتلار
دۆلىتى»، «تۈلكە رېنارت»، «ئالتۇن-كۈمۈش ئارى-
لى» قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى مىسال
كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا چەت ئەل-
لەرنىڭ مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن ھې-
كايە فىلىم، تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە كارتون فى-
لىملىرى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ بالىلىرى-
مىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېي-
ىتتى. قىسقىسى بۇ تەرجىمە ئەسەرلەر ئۇيغۇر
بالىلىرىنى دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراش-
تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى، چەت ئەل بالىلىرى-
نىڭ تۇرمۇشى، ھېس-تۇيغۇسى، قىزىقىشى ۋە
پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىشىدە
كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

3

21-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇيغۇر
بالىلار ئەدەبىياتى گۈلزارلىقى تېخىمۇ خۇش
پۇراق گۈللەرگە تولدى، بۇ باغچىدىكى مېۋىلىك
كۆچەتلەر دەرەخ بولۇپ بەس-بەس بىلەن مېۋە بې-
رىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردىكى بالىلار ئەدەبىياتى-
نىڭ مول ھوسۇللۇق مەنزىرىسىنى مۇنداق بىر
نەچچە تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ:

1. ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى مەيدانغا كەلدى.

ئالدىنقى دەۋرلەردە، ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر قوشاق، چۆچەك، مەسەل ۋە لەتىپە-چاقچاقلار ئايرىم-ئايرىم توپلام قىلىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما چوڭراق ھەجىمدىكى، مۇكەممەل قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرلەر تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. 2005-يىلى 12 تومدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى چوڭ ھەجىملىك قامۇسلاردىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسا، 2008-يىلى مۇھەممەدجان ئابلىز بۆرەيار نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەخسۇس قامۇسىغا ئىگە بولدى. بۇ قامۇسقا ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى، تېپىشماقلىرى، قوشاقلىرى ۋە چۆچەكلىرى مۇناسىپ سەھىپىلەر ئاساسىدا توپلاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ قامۇس ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنى ساغلام يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشى ۋە بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىشىدىمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

2. يۈرۈشلۈك كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىندى.

20-ئەسىر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدا يۈرۈشلۈك كىتابلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 21-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن بۇ ساھەدە تەسىر دائىرىسى ۋە رېئال قىممىتى زور بولغان بىر تۈركۈم يۈرۈشلۈك كىتابلار، چاتما مەجمۇئەلەر نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەن - بالىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇلاردىن ئەخمەتجان قۇربان سابىرىنىڭ 2005-يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى» (بەش قىسىم)، «ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى» (بەش قىسىم)، زاماندىن پاكىزات نەشرگە تەييارلىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكى سىرتقى سەرخىل ئوقۇشلۇقلىرىدىن «بىر تال سازاڭ»، «ئالتۇن قونچاق»، «پادىشاھ بىلەن چۈمۈلە»، «مۇئەللىم، مېنى كەچۈرەمسىز؟»، «ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس»، «جاپاكەش ئانام»، «گۈلىنىڭ دوستى»، «مەن سەت ئەمەس»، «توكۇر چەۋەنداز»، «بىر قىزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»دىن ئىبارەت ئون پارچە يۈرۈشلۈك كىتاب، سەككىز پارچىدىن تەركىب تاپقان «ئاپام ئايدەك»، «قىزىقارلىق سۆز ئويۇنلىرى»، «99 تېپىشماق»، «مەسەللەر» قاتارلىق كۆڭۈللۈك كىتابلار مەجمۇئەسى، تۇرسۇن ئەرشىدىن نەشرگە تەييارلىغان «ئەخمەتجان قاسىمى»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «نۇزۇگۇم»، «رىزۋانگۈل» قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر مەجمۇئەسى، ئادىل مۇھەممەد تۇران، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان 50 يۈرۈشتىن تەركىب تاپقان ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى، ئابلېكىم ھەسەن نەشرگە تەييارلىغان يەكشەنبىلىك دوست نامىدىكى «ھاي-ھاي تېرەك»، «تىرىك-تىرىك كىم ئويغاق»، «كىم باتۇر» قاتارلىق ئۇيغۇر بالىلار رىۋايەت-ئەپسانىلىرى ۋە بالىلار چۆچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك مەجمۇئە، ئابابەكرى جاپپار نەشرگە تەييارلىغان «ئەقىللىق قىز ھەققىدە چۆچەكلەر»، «ئەقىللىق تاز ھەققىدە چۆچەكلەر»، ئابلىز بەختىيار نەشرگە تەييارلىغان «ئۈچ ئوغۇل ھەققىدىكى چۆچەكلەر»، مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان «ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەر»دىن ئىبارەت بالىلارغا سوۋغا نامىدىكى مەجمۇئە، تۇرسۇن لېتىپنىڭ «زېمىندىكى يۇلتۇزلار» ناملىق چاتما ھېكايىلەر توپلىمى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ يۈرۈشلۈك مەجمۇئەلەر سىستېمىلىق بولۇش، روشەن قاراتمىلىقتا ئىگە بولۇشتەك ئالا-

ھەدىلىكى، ئۇسمۇر باللارنىڭ قىزىقىشى ۋە تەلەپ ئېھتىياجلىرىغا يېقىندىن ماسلاشقانلىقى بىلەن باللار تەربىيەسىدە، شۇنداقلا باللار ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ئىجادىي چۆچەك، مەسەللەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

20-ئەسىر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر خەلق باللار چۆچەكلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ ئېلان قىلىش، خەلق چۆچەكلىرىنى باللارنىڭ ئوقۇشى ۋە ئاڭلىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپ ئېلان قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، 21- ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر خەلق باللار چۆچەكلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە بايان ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ، زامانغا، ئىلىم-پەن، ئۇچۇر دەۋرىدىكى باللارنىڭ قىزىقىشى ۋە تەلپۈنۈشلىرىگە ماس ھالدىكى يېڭى چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلىش، شۇ ئاساستا يېڭى دەۋردىمۇ باللار چۆچەكلىرىنىڭ بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ چۆچەكلەر تېماتىك مەزمۇن، ئۇسلۇب، شەكىل جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ نادىر چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈردى. بۇ يەردە ئەخمەتجان قۇربان سابىرىنىڭ بەش قىسمىدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر باللار چۆچەكلىرى»نى، ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرىنىڭ «ئۇچار تەخسىدىكى مۇقام ئاۋازى»، ئەخمەتجان ئابدۇللانىڭ «چۆچەك ئېيتالايدىغان قاپاق»، «مۇنەججىم توشقان»، زاماندىن پاكزاتنىڭ «قاچقۇن دوستلار»، ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيارنىڭ «مۇزدۇز بالا» قاتارلىق چۆچەك-مەسەللەر توپلاملىرىنى، ئادىل ئابدۇراخمان، ئادىل ئىمىن ۋە كېرەم روزىنىڭ پەننىي چۆچەكلىرىنى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالىمىز.

4. باللار رومانچىلىقى مەيدانغا كېلىپ، بەلگىلىك ئاساسقا ۋە كۆلەمگە ئىگە بولدى.

21-ئەسىر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا ئەدەبىياتنىڭ بارلىق ژانىر-تۈرلىرىدە ئەسەر يېزىلدى. بولۇپمۇ باللار رومانچىلىقى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر باللار پىروزىچىلىقىنىڭ يىرىك ئەسەرلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كېڭىيىپ، پىكىر جەھەتتىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلدى. ياش يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 2006-يىلى نەشر قىلىنغان «باللىقتا سوئال كۆپ» ناملىق رومانى بىلەن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا رومان بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولۇقلىدى. ئاپتور «باللىقتا سوئال كۆپ» رومانىدا ئىلھامدىن ئىبارەت باش پېرسوناژنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تاكى ئىگىلىك تىكلەشكىچە بولغان بىر پۈتۈن جاپا-مۇشەققەتلىك، ئەگرى-توقاي ھايات مۇساپىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، باللارغا پەقەت پۈتمەس-تۈگىمەس غەيرەت-شىجائەت، ئېگىلمەس-سۇنماس مۇستەھكەم ئىرادە بولغاندىلا، ھەرقانداق ئېغىر توسالغۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاق كۆڭۈللۈك، ساپ دىللىق، پاك - ديانەتلىك، راستچىللىق ۋە تىرىشچانلىقنىڭ كىشىنى ئالغا باستۇرىدىغان، نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

پەرھات ئېلياسنىڭ 2007-يىلى 6-ئايدا نەشر قىلىنغان «كىرورانلىق باللار» ناملىق تېرىلوگىيەسىنى ئۇيغۇر باللار رومانچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان مۇنەۋۋەر رومان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ رومان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسىملىق تۇنجى باللار رومانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن مەيلى باللار، مەيلى چوڭلار، مەيلى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى، مەيلى باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرى بولسۇن ھەممەيلەننىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئې-

ـرىشتى. رومانىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى نەشرى
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپـ
ـىدىن نەشر قىلىندى. 2008-يىلى مەملىكەتلىك
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت «تۇلپار»
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ روماندا ئاق كۆڭۈل،
باتۇر، چېچەن تۆت ئۆسمۈر بالا كىرووران قەدىـ
ـمىي شەھىرىگە بارىدۇ. ئاندىن ئۇلار كىرووراندىن
يولغا چىقىپ، دانىشمەن قاغىنىڭ ياردىمىدە قە-
ـدىمدىن بۈگۈنگىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگـ
ـىچە بولغان نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، بىر قېتىمـ
ـلىق ئۇلىمۇ ئۆزگىچە بولغان تارىخىي مەدەنىيەت
ساياھىتىنى باشلاپ، كۆچلۈك ۋە چوڭقۇر ۋەتەنـ
ـپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ ۋەتەنـ
ـپەرۋەرلىك تەربىيەسى ناھايىتى قىزىقارلىق،
خۇشال-خۇرام كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

جاسارەت جاپپارنىڭ 2007-يىلى نەشر قىلىنـ
ـغان «ياغاچ قۇلاق» ناملىق رومانى ئۇيغۇر بالىلار
ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر نامايەندە. بۇ روماندا ئا-
ـساسلىق يېزىلغىنى باش پېرسوناژ سەمىنىڭ يايـ
ـلاقتا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ، قۇملۇق، قۇم ئاسـ
ـتىدىكى سىرلىق ماكان، دىۋە غارى، پاپىلار دۆلـ
ـتى، دېڭىز ئاستى، شىمالىي مۇز ئوكيان، ئۇچار
تەخسە شەھىرى، ئاي شارى ۋە قۇياش شەھىرى
قاتارلىق سىرلىق جايلاردا قىلغان قىزىقارلىق سا-
ـياھىتىدىن ئىبارەت. روشەن، كۆچلۈك تەربىيەچانـ
ـلىقى، مائارىپ يۈنىلىشچانلىقىغا ئىگە قىلىنـ
ـغان بۇ روماندا ئاپتور ئادەملەشتۈرۈلگەن توغراق،
يۇلغۇن، بامبۇك، توشقان، ھەسەل ھەرىسى،
بېلىق، ئاي، قۇياش، ئۇچار تەخسىلەرنىڭ تىلى
ئارقىلىق بالىلارغا بىر تەرەپتىن، مول پەننىي بىـ
ـلىملەرنى بېرىپ كىشىلىك مۇناسىۋەت يەكۈنـ
ـلىرىنى، ھاياتلىق ھېكمەتلىرىنى تونۇتسا، يەنە
بىر تەرەپتىن، ئۆز تارىخىنى بىلىش، يىلتىزىنى
ئىزدەش، ئەسلىي ئىنسانىي ماھىيىتىنى تېپىش،
ئەنئەنىنى يوقىتىپ قويماسلىق توغرۇلۇق تەربىـ
ـيە بېرىدۇ.

ئەخمەتجان قۇربان سابىرىنىڭ 2008-يىلى
نەشر قىلىنغان «ئەلقۇتنىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھـ
ـتى» ناملىق رومانى بالىلارغا ئانا يۇرتى شىنجاڭ
توغرۇلۇق ئەتراپلىق بىلىم بېرىدىغان چۆچەكسىـ
ـمان رومانلارنىڭ بىرى. رومانىدىكى باش پېرسو-
ناژ ئەلقۇت نۇر بوۋاينىڭ ياردىمىدە كۆپكە قادىر
خاسىيەتلىك تۇمارغا ئىگە بولىدۇ-دە، تۇمارنىڭ
ياردىمىدە دوستى بىلال بىلەن زىلالنى ئېلىپ،
ئانا يۇرتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى سا-
ـياھەت قىلىدۇ. ئۇلار ساياھەت داۋامىدا بارغانلىـ
ـكى يېرىنىڭ جۇغراپىيەسى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىـ
ـتى، مەدەنىيىتى توغرۇلۇق ئەتراپلىق چۈشەنچىـ
ـلەرگە ئىگە بولىدۇ. روماندا بۈگۈنكى رېئال
تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن فانتازىيەلىك كۆ-
ـرۈنۈشلەر زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەلـ
ـقۇتلار ھېلى ئۆز مەھەللىسىدە، مەكتىپىدە
يۈرسە، ھېلى ھايۋانات دۇنياسىدا سەيلە قىلىپ،
ھايۋانات بىلەن دوستلىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ، تە-
ـبىئەتنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىـ
ـشىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ھېلى قە-
ـدىمكى دىنازاۋۇر دەۋرىگە، چۆچەك بالىق شەھـ
ـرى قاتارلىق تارىخىي رېئاللىققا قەدەم باسسا، ئار-
ـقىدىنلا يەنە ئۆز مەھەللىسى ۋە مەكتىپىدىكى بۈ-
گۈنكى رېئاللىققا قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا رومان
ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىزىقىـ
ـشى ۋە ئۆزگىرىشچان پىسخىك خاراكتېرىگە
تولىمۇ ماس كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئانا يۇرتىـ
ـنى يۇخادىن چىققۇدەك ساياھەت قىلدۇرۇش
بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئانا يۇرتى شىنجاڭنىڭ تا-
ـرىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتى
توغرۇلۇق خېلى ئەتراپلىق ھەم ئەمەلىي بىلىم بېـ
ـرىدۇ.

«ئۈمىدۋار بالا» پەرھات كازىمنىڭ بۈگۈنـ
ـكى دەۋر بالىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس
ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلغان تۇنجى رومانى. بۇ
رومان 2008-يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، روماندا
ئوسمان ۋە ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئاكىسى ئابا-
ـبەكرى، سىڭىللىرى خۇرشىدەم بىلەن خالىدەمـ

دىن ئىبارەت بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئەگرى-توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، ئۇسمانىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش، پىشىپ مۇكەممەللىشىش جەريانى، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. شۇ ئارقىلىق جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا قىلچە باش ئەگمەيدىغان، قىيىنچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى تاۋلايدىغان، گۈزەل ئارزۇ-ئارمان ۋە ئاتا-ئانا ئۈمىدىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تىنىمسىز ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن تىرىشچان ئۆسمۈر ئوسماننىڭ ئوبرازى جانلىق يارىتىلىپ، ئۆسمۈر باللارغا ياخشى بىر ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بېرىلگەن.

ئەخمەتجان قۇربان سابىرىنىڭ ئىككىنچى باللار رومانى «چېچەن قوشماقلار» 2009-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئىلمىي فانتازىيەلىك رومان. رومان پەن-تېخنىكا، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن فانتازىيەلىك تۇستە جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن بولۇپ، ناھايىتى مول بىلىم زاپىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، شۇڭا رومانىنىڭ باللارنى ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن ئىلمىي تەربىيەلەشتىكى رولى خېلىلا يۇقىرى.

يۇقىرىقى رومانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا باللارنىڭ چۆچەك ئاڭلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولۇشتەك پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، چۆچەكسىمان بولۇشنى، فانتازىيە بىلەن رېئاللىقنى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولغاچقا، كەڭ ئۆسمۈر - باللارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

5. ئىجادىيەت سېپىگە بىر تۈركۈم ياش ھەم ئۆسمۈر ئاپتورلار قوشۇلۇپ، ئاپتورلار قوشۇنى كېڭەيدى.

ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئەسىر ھالقىش بىلەن بىرگە ئاپتورلار قوشۇنى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدە زور بۆسۈش ھەم ھالقىش ھاسىل قىلدى. بۇرۇنقى ئاپتورلار سېپىگە بىر تۈركۈم ياش ئاپتورلار ھەم ئۆسمۈر ئاپتورلار قوشۇلدى. ياش ئاپتورلاردىن ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك، گۈلنار لېتىپ، تۇرغۇن ھېكىم، ئىمىر ھەسەن ماخمۇت، ئايشەمگۈل سېيىتنىياز، مەمتىمىن ياقۇپ كۆكتوغ، ئابلىز ئىبراھىم دولان، داۋۇتجان ساۋۇت، ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار، تۇرسۇنمۇھەممەد نەمەت، ياسىنجان توختىنىياز توغراق، تۇرغۇنجان ھامۇت قاتارلىقلارنىڭ نامىنى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

بىر تۈركۈم ئۆسمۈر ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيەت قوشۇنىغا زور قىزغىش بىلەن كىرىپ كېلىشى كىشىنى ئالاھىدە سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلار «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» ۋە «پەرۋاز» قاتارلىق باللار گېزىت-ژۇرناللىرىنى بازا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى مول ھېسسىيات بىلەن ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەسۋىرلەپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن مېھىر-شەپقىتىگە، ئۇستازلارنىڭ تەربىيەسىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى، يۇرتىنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى مەدھىيەلىدى. ئۆزلىرىنىڭ بەئەينى يېڭى ياغقان قاردەكلا ئاق، شەبنەم تامچىسىدەك پاك قەلب دۇنياسىنى، تۇرمۇش ھاسىلاتلىرىنى بالىلارچە نەزەر، باللارچە تىل بىلەن جانلىق ئىپادىلىدى. ئۆسمۈر ئاپتورلاردىن گۈلبوستان ئۆمەر، ئەخمەتجان تۇردى، مىرئالىم قۇربان، زۇلپىيە ئادىل، ئەنقەر ئەخمەتنىياز، راھىلە، شىرزات ئادىلجان، ياسىن ئابدۇقادىر، ئابدۇراخمان دانىيار، ئۆمەرجان ئەمەت بەربەرى قاتارلىقلار باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە قىزغىن بېرىلىپ، توختاۋسىز ئىزدىنىپ، يېڭىچە ۋە تەسىرلىك بىر

تۈركۈم ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى. گۈلبوستان ئۆمەرنىڭ «ئاپا، مېنى سۆيۈپ قوي» ناملىق ھېكايە - نەسرلەر توپلىمى 2005-يىلى نەشردىن چىقىپ، ئۆسمۈر ئاپتورلارنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي توپلىمى بولماسلىقىقا خاتىمە بەردى.

بۇ 60 يىلدا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، زورىيىپ، بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك يازغۇچى، شائىرلار كەينى-كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بەزىلىرى چوڭلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى تەڭ ئېلىپ مېڭىپ، خېلى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى.

دېمەك، بۇ 60 يىلدا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، بەئەينى قۇرۇماس ئېقىندەك توختاۋسىز دولقۇن ياساپ ئاقتى. يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرى بىخلاندى، 70-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80-يىللاردا چېچەكلەپ خۇش پۇراق چاچتى، 90-يىللاردا مېۋە بەردى، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان مول ھوسۇللۇق باغقا ئايلىنىشقا باشلىدى.

4

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان بالىلار ئەدەبىياتى يۇقىرىقىدەك شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزىگە خاس بولغان بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولدى:

1. تېمىسى كېڭەيدى، رەڭدارلاشتى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى باش تېما، تېما جەھەتتىكى تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، رېئاللىقنى ھەرقايسى تەرەپتىن، ھەرقايسى نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرگەن مول مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياشاش شەكلى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە بالىلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ چىقتى. شۇڭا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسى دەۋرگە، مائارىپنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ۋە يەر شارىلىشىشقا مەلۇم جەھەتتە لايىقلاشتى. مەسىلەن: «بويناق» پوۋېستى بىلەن «خاتىرىلەر» ئاساسلىقى بالىلارنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى جاپالىق تۇرمۇشىنى، ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، «مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى»دا رېئاللىق بالىلار نەزىرى بىلەن كۆزىتىلىپ، بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن زور بالايىئاپەتلىرى، رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشلىرى قاتتىق قامچىلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلارنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە قاتتىق غەزەپ-نەپرىتى ئىپادىلەندى. «كىچىك يول باشلىغۇچى» ناملىق ھېكايىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئېزىپ قالغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى مىڭبىر جاپالار بىلەن قۇتقۇزۇپ، گازارمىغا ساق-سالامەت ئېلىپ كەلگەن تاۋۇش ئىسىملىك قازاق ئۆسمۈرنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىپ، ئۆسمۈر بالىلارنىڭ مىللىي ئارمىيەگە بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى، گومىنداڭ باندىتلىرىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتى ئىپادىلەندى. «ئۇ گۇناھسىز ئىدى»، «ھۆرمەت»... قاتارلىق ئەسەرلەر ئون يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ ئۆسمۈر بالىلارنىڭ قەلبىدە قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتلىرىنى، بالىلارنىڭ ساددا ھەم ئۆزگىرىشچان ھېس-تۇيغۇلىرىنى جانلىق ھەم كونكرېت ئەكس ئەتتۈردى. «باللىقىم»دا باللىقتىكى شوخلۇق، سەبىيلىك ھەم تەبىئىيلىك يېزىلغان بولسا، «بارات يازغان ھېكايە»دە ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاساسلىق پېرسوناژ باراتنىڭ ئىچكى دۇنياسى، جۇم-

لىدىن قەلب مونولوگلىرى ماھىرلىق بىلەن تەس-
ۋىرلەندى. «ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى»
ناملىق ھېكايىدە ئەخمەتجاننىڭ مەكتەپتە ئۆگەن-
گەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ نەتىجە
قازىنىپ، ئائىلىسىنى ۋە باشقا دېھقانلارنى خۇش
قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارىكاللا ئېيتىشىغا مۇيەس-
سەر بولغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن ئەكس ئەت-
تۈرۈلدى. دېمەك، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان بالىلار
ئەدەبىياتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن
باشلاپ، تېما رەڭدارلىقى ۋە مەنە چوڭقۇرلۇقى-
نى بىر گەۋدىلەشتۈردى. ئەسەرلەردە بالىلار ۋە
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، يەنى بالىلارنىڭ ئائىلە تۇر-
مۇشى، مەكتەپ تۇرمۇشى ۋە مەكتەپ سىرتىدى-
كى تۇرمۇشى، بالىلارنىڭ يەسلى ۋە بالىلار باغ-
چىسىدىكى تۇرمۇشى مۇھىم تېما قىلىندى. ھاي-
ۋانات، ئۇچار قۇشلار، گۈل-گىياھلارمۇ بالىلار
ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تېمىغا ئايلاندى.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە
بوۋا-مومىلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلق ئامما-
سىنى، ئىشچى-دېھقانلارنى، جەڭچىلەرنى، ئو-
قۇتقۇچى-ئۇستازلارنى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر
تۇرمۇشىنى تېما قىلغان ئەسەرلەر، تارىختا
ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەر، داھىيلار، ئالىملار ۋە
قەھرىمانلارنى، ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتنىڭ بىپايان
گۈزەل تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى تېما قىلغان ئە-
سەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن پەن-تېخ-
نىكا يېڭىلىقلىرى، تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە
باشقا زۆرۈر مەدەنىيەت بىلىملىرى، پەن-تېخنى-
كا كەشپىياتى ئۇچۇرلىرى ئاساسلىق تېما قىلىن-
غان پەننىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى مەيدان-
غا كېلىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىغا يېڭىچە
بىر تېما رەڭدارلىقى بەخش ئەتتى. ئۆتكەن ئە-
سىرنىڭ 50-ۋە 60-يىللىرىدىكى ئەسەرلەردە
خاھىش يالىڭاچلا زورمۇزور ئېپادىلىنىپ
چىققان بولسا، 70-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن
باشلاپ، ئەسەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا، ئاپتور

ھېسسىياتىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىپ، ئەسەرنىڭ
ئايرىلماس بىر گەۋدىسىگە ئايلاندى. مانا بۇ ياز-
غۇچىلارنىڭ ئىستېتىك ئېڭىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە
بەلگىلىنگەن سىياسىي قاراشلاردىن ھالقىپ كەت-
كەنلىكىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق يوسۇندا جەمئى-
يەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، مىللەت تەرەققىياتى، تا-
رىخىي ئۆزگىرىش، جۇملىدىن دەۋر روھى قاتار-
لىق تەرەپلەردىن بالىلار تۇرمۇشىنى كۆپ تەرەپ-
لىمە كۆزەتكەنلىكىنىڭ ۋە مۇھاكىمە قىلغانلى-
قىنىڭ مەھسۇلى.

2. ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا
زور ئۆزگىرىش ياساپ، بالىلارنىڭ پىسخىك ئالا-
ھىدىلىكى ئۈستىدە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى
بىلەن ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇزاق يىل-
لاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن «ئاددىي، ئاسان
چۈشىنەلىگىلى بولۇش»تەك قۇرۇلما تەرتىپلىرىدىن
قانائەت ھاسىل قىلماي، بالىلارنىڭ ئۆزلۈكىنى،
ئۆزگىرىشچان روھىي دۇنياسىنى ئېپادىلەشكە ئا-
لاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، بالىلارنىڭ ياش ئا-
لاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. باغچە بالىلىرى-
نىڭ قىزىقىشى، چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە
پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە يېقىندىن ماسلاشقان
يەسلى ئەدەبىياتى شەكىللىنىپ، بەلگىلىك ئا-
ساسقا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر بالىلار
ئەدەبىياتى تار رامكىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنسانپەرۋەر-
لىك، كىشىلىك قەدىر-قىممەت، كىشىلىك
ئىززەت-ھۆرمەت ۋە كىشىلىك خاسلىق قاتارلىق
مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى.
ئۆسمۈر يازغۇچى گۈلبوستان ئۆمەرنىڭ «ئاپا
مېنى سۆيۈپ قوي» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا
كىرگۈزۈلگەن «شەپقەت» ناملىق ھېكايىسىدە،
بالىلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، بالىلار تىلى ئار-
قىلىق بالىلارنىڭ ئانىغا بولغان سېغىنىشى، تەش-
نالىقلىرى ۋە ھەقىقىي ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولى-
دىغانلىقى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئېپادىلەندى.
ئېلىجان ئوبۇلنىڭ «كىچىك پەرىشتە» ناملىق ھې-
كايىسىدە، ۋېلىسىپىت مىنىپ مەكتەپكە كېتى-

ۋېتىپ، بىر قىزنى سوقۇپ يىقىتىۋېتىپ، قېچىپ كەتكەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇنىڭ قىزنى سوققاندا چۈشۈپ قالغان سومكىسىنى كېيىندىن مەكتەپكىچە ئاپىرىپ بەرگەن قىز روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، بالىلارغا ئەدەپ - ئەخلاق، كۆيۈمچانلىق ۋە سەمىمىيلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. تۇرسۇن قۇرباننىڭ «ئاجايىپ ئۇچرىشىش» ناملىق باللادىسىدا، بالىلار ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى ھازىرقى زامان رىۋايەتلىرى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئالىم بولۇش غايىسىگە ئىلھام بېرىلدى.

3. مىللىي خاسلىق، يەرلىك پۇراق كۈچلۈك، تۈرلۈك بەدىئىي ئۇسلۇبلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەت شەكىللەندى. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىش، ھەتتا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە ئاپتورلىرىمىز مىللىي خاراكتېرنى، مىللىي پىسخىك ھالەتنى چوڭقۇر قېزىشقا ۋە ماس ھالەتتە سۈرەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ كەلدى. ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تۆھپىكار ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەستىلىك نەزىرى ئاساسىدا تەسىرلەندى، رېئاللىقنى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ قۇلىقى ئارقىلىق تىڭشىدى، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزەتتى، رېئاللىقتىن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ قەلبى ئارقىلىق تەسىرلەندى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى دۇنياسىنى بەرپا قىلدى. «ئۈچ بولكا» ناملىق ھېكايىنىڭ تېمىسى، سۇژېت تەرەققىياتى ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش بالىلار ھېكايىچىلىقىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھېكايىدە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك، قويۇق بالىلارچە خاھىش، كۈچلۈك دەۋر روھى ئۆزئارا زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ھېكايىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى خاراكتېرى روشەن، تېشى بىلەن ئىچى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان نامرات بالا ئوبرازىنى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. «ئەركىنلىك جەڭچىسى — ئەخمەتجان قاسىمى» مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى ھەقىقىي بىر ھېكايە. بۇنىڭدا ئەركىنلىك جەڭچىسى، ئىنقىلابىي رەھبەر ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەگرى - توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرنىڭ ھېكايە پۇرىقى قويۇق، سۇژېتى ئەگرى - توقاي، تىلى يېنىك ھەم ئېنىق. قۇرۇلمىسى پۇختا، ئەپچىل، بالىلارغا ئىنقىلابىي ئەنئەنە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق تەربىيەسى بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى دەرسلىك.

4. بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولدى. مەلۇم يەككە تۈر، ژانىرلار ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا رېئاللىققا يېقىنلىشىشنى نىشانلاپ ئىلگىرىلىدى. بالىلار قەلبىگە سىڭىپ كىرىشنى ئىزدىدى. «كىرورانلىق بالىلار»، «ياغاچ قۇلاق»، «ئەلقۇتنىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھىتى»، «چېچەن قوشماقلار»، «يۈرەك تاغ» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنساننىڭ ئاڭ - تۇيغۇلىرىنى سۈرەتلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ئاپتورلار سىمۋول، ئەپسانىلەشتۈرۈش، سېھرىي تەسەۋۋۇر ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، زور مۇبالىغە، شەكىل ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خاس ئۇسلۇبىنى نامايان قىلدى. ئۆسمۈر ئاپتورلاردىن قەدىرىيە ئابدۇكېرىمنىڭ «ئۇ ھامان مېنىڭ ئانام»، ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىشنىڭ «مۇئەللىمنىڭ قەلبىدە مەن بار ئىكەنمەن»، ئەخمەتجان تۇردىنىڭ «ساۋاقداشلىرىم ماڭا ئامراق ئىكەن»، مىرئالىم قۇرباننىڭ «سېھىرلىك توغراق»، زۇلنىگار سېلىمنىڭ «قۇشقاچ ۋە مەن»، مېھراي مۇھەممەد تۇرسۇننىڭ «ئاپا، سىزدىن ئۆتۈنەي»، ئەخمەتجان تۇردىنىڭ «پۇشايمان»، ماخمۇتجان ئابلىمىتنىڭ «بالىلىق چاغلار» قاتارلىقلار بالىلارنىڭ

پىسخ(ىك دۇنياسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەردە باش پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك تۇيغۇلىرى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ باللىق قەلبىنىڭ غۇبارسىز، پاك ھالىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

دېمەك، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان بالىلار ئەدەبىياتى نۆۋەتتە جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىش، ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆلگە ئېلىش جەريانىدا تۇرماقتا. ئىشىنىمىزكى، بۇ ساھەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات مۇساپىسى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**


1. تۇرسۇن قۇربان قاتارلىقلار تۈزگەن «بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى
2. فۇ مەندېڭ «بالىلار ئەدەبىياتى دەرسلىكى»، شەندۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى
3. ۋاڭ چۈەنگېن «ھازىرقى زامان جۇڭگو بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى»، چۇڭچىڭ نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى
4. فاڭ ۋېيپىڭ «بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك يۈزلىنىشى»، جۇڭگو مەدەنىيەت، تارىخ نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى
5. جاڭ يۈڭجيەن «20-ئەسىر جۇڭگو بالىلار ئەدەبىياتى تارىخى»، لياۋنىڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2006-يىل 12-ئاي نەشرى
6. «تارىم»، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئالاقىدار سانلىرى



(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا)


مۇھەررىر **قاھار نىياز**


(بېشى 150 - بەتتە)


مۇنبىرىدە داستان بولۇپ كەلمەكتە. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىي ئوبزورلىرىمۇ شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟ پەقەت ئاشۇنداق تەنقىدلا تارىخ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ ھەمدە ئەبەدىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. مېنىڭچە، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يادروسى مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئېستېتىك ئاملى ۋە ئۇسلۇب روھىنى، دەۋرنىڭ ئېستېتىكىسىغا ئۇيغۇن يېڭى شەكىل ۋە يېڭى لېكسىكىنى تېپىپ چىقىشتۇر. بۇ شۇندىلا تاشقى جەھەتتىكى ئەمەس، بەلكى ئىچكى جەھەتتىكى، يەنى روھىي جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتنىڭ «يولباشچىسى» ۋە «قاراۋۇل»ى بولغان ئەدەبىي تەنقىدنىڭ زىممىسىدىكى يۈك تولىمۇ ئېغىر. يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنىڭ چاقى، بىز يېڭى ئىدىيە نۇرلىرى بىلەن كونىلىقنى، تېيىتقىسىزلىقنى، ئاددىيلىقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئورتاق ھالدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى.

«ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى»نىڭ 2008-يىل 5-ئاينىڭ 24-كۈندىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.


(تەرجىمان «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)


مۇھەررىر **قاھار نىياز**



# نان

ئابدۇرېشت هېلمهاجى

ئالدىمدىكى قىزىرىپ پىشقان نانغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بوۋامنىڭ: «ئادەم دېگەن بىر تائامنى يەۋەرسىمۇ زېرىكىپ قالىدىكەن، ئەمما ناننى كۆنگە ئۈچ ۋاق يېسىمۇ زېرىكمەيدىكەن» دېگەن سۆزى ئېسىمدىن كەچتى. توغرا، نان ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك يېمەكلىك، چوڭلار «نان ئىمان بىلەن تەڭ» دېيىشىدىكەن. شۇ خىيال ئىلكىدە ئالدىمدىكى نانغا قارىسام قارىغۇم كەلدى. قارىغانسېرى ئۇ دەسلەپ خۇددى تولۇن ئايغا، بارا-بارا سەھەر قۇياشىغا، ھە، تېخى جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرى يۈزىگە تال-تال قورۇقلارنى ئاتا قىلغان بوۋاي-مومايلارنىڭ مەڭزىگىمۇ ئوخشاپ قالدى. تۇرۇپ ئۇيغۇر بالىسىنىڭ بۇدرۇق يۈزىگە، ئۇيغۇر قىزىنىڭ قىزىل ئالمىدەك مەڭزىگىمۇ ئوخشاپ قالدى.

نانغا قارىغانچە ئىلھامىم تېشىپ، تەپەككۇر قۇشۇم نان ھېكمىتى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

نان — ئۇيغۇرنىڭ كىملىك بەلگىسى، ئەجداد ئەقىل-پاراستى ۋە ئەمگەك مېھنىتىنىڭ مەڭگۈلۈك سەمەرىسى، تەچچە مىڭ يىللىق گۈلگۈن تارىخىنىڭ مۇقەددەس ئابىدىسى، ئۇزاق سەپەرنىڭ كۈندىلىك قەسىدىسى.

بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۇيغۇر بالىسىنىڭ تۇنجى بولۇپ كۆرىدىغىنى ئوتقاشتەك نان تەپتىدە نۇرلانغان ئانا رۇخسارىدۇر. ئۇنىڭ تۇنجى ئوزۇقى ئانىنىڭ ئاق سۈتى — ئاق ناننىڭ كەۋسىرىدۇر.

ئۇيغۇرنىڭ نانسىز ئۆتكەن كۈنى يوق، نان يەپ ئايىغى چىققان، نان دەپ تىلى چىققان، نان بىلەن بوي تارتقان، ناندىن كۈچ - قۇۋۋەت تېپىپ ئات چاپقان، بەخت قۇچقان!

نان — ئىككى بىلەكنىڭ بەرىكىتى، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئىزناسى. قارا بالغاسۇن، بالاساغۇن نانىنىڭ كەچمىشى، تەكتىماكان، كىروران نانىنىڭ ئۆتمۈشى، ئىلى، ئىدىقۇت، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن، كۇسەن، كاشغەر، ئۇدۇن نانىنىڭ يۇرتى — ئېلى. مۇشكۇلنى ئاسان قىلغانمۇ، يىراقنى يېقىن قىلغانمۇ نان، نان يىگىت-ئەرلىرىمىزگە چىدام-غەيرەتنى، چېلىش-قۇدرەتنى؛ خانىم - قىزلىرىمىزغا شەرم-ھايانى، بۇرچ-ۋاپانى ئاتا قىلغان. نان ئانىلىرىمىزغا ئۈمىد-ئىشەنچ، ئاتىلىرىمىزغا قەتئىيلىك - قۇدرەت ئاتا قىلغان. نان — ئۇ كۈيۈئوغۇل-كېلىنلەرنىڭ ئەقىل كۈچى،

سۆيگۈ-مېھرى. نان ـــ ئۇ ئائىلىنىڭ بەرىكىتى،
داستىخاننىڭ ھۆرمىتى، نان ـــ ئۇ مۇساپىرغا يارـ
يۆلەك، چۆلدىكى كارۋانغا ھەمراھ، ئۇ يەنە يالغۇز
ياتقاننىڭ بېشىدا جىن-شاياتۇندىن ساقلىغۇچى
پاسىبان.

مەيلى ئاتلان ئۇزۇن سەپەرگە، مەيلى باغلان
مۇشكۇل-خەتەرگە، مەيلى زوقلان ئامەت-زەپەرـ
گە، نان يېگەندە ئويلاپ يېگىن، «ۋىجدانىمغا يۈز
كېلەي، ئەلگە يۈز كېلەي، ئەل بەرگەن نانغا يۈز
كېلەي!» دەپ يېگىن.

نان يېگىن، تەمىنى تېتىپ يېگىن. يېگەن نېـ
نىڭغا ۋىجدان-ئەقىدىنى، ئۈمىد-ئارزۇنى قېتىپ
يېگىن ھەم شۇنداق دېگىن: «يۈرىكىمدە نانىنىڭ
يالقۇنى، تومۇرۇمدا نانىنىڭ دولقۇنى، ۋۇجۇدۇمدا
ۋاپا-ئەقىدە!» مانا شۇنداق نان يېگەن قولدىن بەرىـ
كەت قاچمايدۇ. چۈنكى نان قەلبلەرنى قەلبلەرگە
باغلايدۇ. نان كىيسەلدىن ساقلايدۇ، روھنى پاكلايـ
دۇ. نان باتۇرلۇق-قەيسەرلىككە، راستچىللىقـ
سەممىيلىككە، تىنچلىق-ئەمىنلىككە باشلايـ
دۇ. مانا شۇنداق نان يېگەن يولدىن قالمايدۇ، قەدىـ
مىنى خاتاغا باسمايدۇ، شەرم-ھايانى، ئەھدە-ۋاپاـ
نى بىلىدۇ. مانا شۇنداق نان يېگەن ئادەم نەپكە ئازـ
مايدۇ، ئۆزگىنىڭ قولىغا باقمايدۇ، دوستىنى ساتـ
مايدۇ! پاراسەت، قابىلىيەت، پەزىلەت، دىيانەتتە
ئىنسانىي كامىللىقنى كۆزلەيدۇ. مانا شۇنداق نان
يېگەن ئادەم يالغاندىن قەسەم ئىچمەيدۇ، چۈنكى،
نان غۇرۇر-ۋىجداننى تاۋلايدۇ! مانا شۇنداق نان
يېگەن ئەلدە ئانىلار ئەزىز، ئاتىلار قەدىردان؛ ئالىمـ
ئۆلىما ھۆرمەتلىك؛ يېتىم-يېسىر، ئاجىزلار ئىزـ
زەتلىك. چۈنكى، ئاشۇ نان بىلەن ئەلنىڭ ئەقلى
بۇلاق، كۆزى روشەن، ۋىجدان-ئەقىدىسى ئوتلۇق
بولىدۇ!

نانىنىڭ خۇرۇچى جاپاكەش ئاتىنىڭ ماڭلاي
تەرىدە تەييار بولغان، نان مېھرىبان ئانىنىڭ
ئوتلۇق سۆيگۈ مېھرىدە پىشقان. شۇڭا ئەجـ
دادلىرىمىزدىن «نان ـــ ئىمان، نانىنىڭ يوقى
يامان»، «نان يۈز قولدىن ئۆتۈپ ئېغىزغا كىرىـ
دۇ»، «ئەر نەدە بولسا، نېنى شۇ يەردە بولىدۇ»،
«كەتمەن دېگەن كاندۇر، ئۇنى چاپسا ناندۇر»،
«ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە، ئۆزى مىڭ پىشىدۇ»
دېگەن ھېكمەتلەر قالغان. خەلقىمىز ناننى
ۋىجدان بىلەن، ئەقىدە بىلەن، ئەلگە ۋاپا بىلەن
تەڭ قويۇپ، «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە-
كۈندۈز غېمىنى يە» دېگەن. ھۇرۇن، بولۇمـ
سىز، تەييارتاپ كىشىلەرنى «نان قېپى» دەپ
سۆپەتلىگەن.

بىز ناننى «جان» دەيمىز. گېپى كەلسە،
ناننى تۆتكە بۆلەيلى، دەيمىز. ئەھدە-پەيمانلىرىـ
مىزدا «نان يېگەن ئادەمدەك گەپ قىلايلى!»
دەيمىز. «يولۋاس ئىزىدىن ياناماس، يىگىت سۆزىـ
دىن» دەيمىز، ناننى تىلغا ئېلىپ ئەنە شۇنداق
قول بېرىمىز، بىر-بىرىمىزگە يول بېرىمىز. بىز
ئەنە شۇنداق تىرىكچىلىك قىلدۇق، نان
«تەگسۇن» دەپ شېرىكچىلىك قىلدۇق...

ناننى قولۇمغا ئېلىپ خىيال پىكرىمنى
ئۇزۇپ، دېرىزە ئالدىغا كەلدىم، ساپ ھاۋادىن ھۇـ
زۇرلىنىش ئۈچۈن دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى
ئۇلۇغ ئېچىۋەتتىم ۋە سىرتتىكى قايناق رەستىگە
قارىدىم. دەل شۇ پەيتتە مۇقامدەك يېقىملىق بىر
تونۇش ئاۋاز تېخى تولۇق بېسىلمىغان ھاياجىـ
نىمغا تەڭكەش بولدى: «كېلىڭلار ئوغۇل باللا،
خانىم-قىزلا نان يەڭلا، ماۋۇ ئىسسىق نان،
ئىسسىق نان، ئىسسىق نانىنىڭ جېنى با، يەنە يېـ
سىڭىز يەنە با!...»

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مۇھەررىر **قاھار نىياز**



مىركامىل ياقۇپى

# مېنى ئويغاتقان ناخشا



**مۇھەررىردىن:** پېشقەدەم شائىر، تۆھپىكار مۇھەررىر مىركامىل ياقۇپى 1939 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1958 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1977 - يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر، مۇھەررىر ۋە گېزىت چىقىرىش بۆلۈمى، مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا باشلانغان بولۇپ، «باللىق ھاياتىم»، «يىللار، چېكەڭگە گۈل قىسىپ ئۆت !» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئەنە شۇ يىللىرى «تۇن ۋە تاڭ» ناملىق داستانى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى «تارىم» ژۇرنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

پېشقەدەر شائىر مىركامىل ياقۇپى 2010 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. بىز شائىرنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرىمىز. ئۇنى ھەرۋاقىت ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالىمىز. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## گۈل ياغدى

ئانىجان ھۆسنۈڭنى كۆرەي دېگەنچە،
قەددىڭنى كۆرسەتتىڭ ئايدىنمۇ ئېگىز.
گۈل ياغدى، گۈل ياغدى، ساڭا گۈل ياغدى،
قۇچىقىڭ گوياكى گۈل ئاققان دېڭىز.

قۇشلارمۇ ئورماندىن گۈل چىشلەپ كەلدى،
تاشلارمۇ كۆكسىدە پەيدا قىلدى گۈل.

ھەر گۈلنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم كۈلكە،
بۇلبۇلنى ئۆزىگە شەيدا قىلدى گۈل.

دەل - دەرەخ شادلىقتىن ياغدۇردى چاۋاك،
كۆزىدىن خۇشاللىق يېشى تۆكۈلەر.
ھاياجان ئىلكىدە گۈزەل تەبىئەت،
تاج كىيىپ چوققىلار قاقاھلاپ كۈلەر.

تاغ كۆلدى، سۇ كۆلدى، ئېتىزلار كۆلدى،
تويۇڭغا تۆكۈلدى گۈللەر قۇچاقتىن.
سۈبھىنىڭ نۇرلىنىپ قىزاردى يۈزى،
رەڭ ئېلىپ سەن ئېيتقان ئوتلۇق قوشاقتىن.

زەر جامىڭ بۇغدىدا توينىڭ شارابى،
يۇلتۇزلار ئىچىشىپ دېدى ئۇنى جان.

تەر تۆكۈپ زېمىنغا بەردىڭ گۈزەللىك،
شۇڭلاشقا رازى يەر سەندىن ئانىجان.

جاھاندا يۈز ئاچار قالتىس گۈزەللىك،
ئۇ سېنىڭ يەنە ھەم تويۇڭ بولىدۇ.
ئالەمگە جەم بولغان رەھمەت سېنىڭكى،
ھەر تويۇڭ مۇشۇنداق گۈلگە تولىدۇ.

## ئەسلىنىش

ئاتاڭمەن، سەن ئۇچۇن چەكتىم كۆپ جاپا،
ئاناڭمۇ ئەجرىنى يۇرمەيدۇ ساناپ.
بىر بۇردا نېنىڭدىن يوق تامايىمىز،
سەن ئۇچۇن مەڭگۈگە باغرىمىز كاۋاپ.

ئەجرىنى تۆكۈشكە چىدايدۇ لېكىن،
چىدىماس دەردىڭگە ئانا ھەم ئاتا.
ھاياتتا يول ئىككى، تاللاش ئۆز ئەركىڭ،
ھەقلىقمىز توسۇشقا ماڭساڭ گەر خاتا.

ئىنساندىن شۇنداقمۇ بالا تۇغۇلدى،
تاپقانلار داد دېدى، نەپرەتكە پېتىپ.
تۇغۇلدى شۇنداقمۇ ئۇلۇغ بالىلار،
نامىنى ئەۋلادلار كەلدى ياد ئېتىپ.

ياخشىنى، يامانىنى ئۆلچەر ئىككى جىڭ،
بىل، لېكىن سوئال بىر: كىمنىڭ بالىسى؟
ئىسمىڭغا چېتىلسام مەڭگۈ رازىمەن،
بولساڭمۇ خەلقنىڭ ئىشچان كالىسى.

## ساۋاقداشلىرىمغا

بىر ياپراق تۆكۈلسە باغنى ئەسلەيتتىم،
ئىز ئىزدەپ ماڭاتتىم تاغ-دەريا بويلاپ.
ئۆلمىسەم كۆرىمەن دەيتتىم ئوڭۇمدا،
يېشىممۇ تۆكۈلگەن مەن سېنى ئويلاپ.

ئەدىبلەر كۆكىدە چاقنىغاندا سەن،
چولپانمۇ مەن بىلەن ساۋاقداش دېدىم.
قۇياش، ئاي قارايغان تۇنلەردە ساڭا،
ئامانلىق تىلىدىم غېمىڭنى يېدىم.

ساۋاقداش باغۋەنلەر ئۇلۇغلۇقۇڭنى،
شام يېقىپ تەقدىرگە كۆرسەتتىم تۇندە.
ئانىلار قاتارى دۇئا قىلىپ مەن،
ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئەسلىدىم كۈندە.

ساۋاقداش قازىقىم، ئۆزبېك، قىرغىزىم *
مۇڭداشساق ھەر تىنىق مېھرىنى چاچقان.
بىز بىر تەندە سوققان تۆت ئوتلۇق يۈرەك،
مەكتەپ رىشتىمىزنى شۇنداق چىڭ چاتقان.

ئۈچ يىلنى ئەسلىسەم بىز بىر ئەمچەكنى
ئەركىلەپ ۋە چىشلەپ قىنىپ ئەمگەن شىر.
شۇ شوخلۇق بىلەن بىز ئاش-نانغا سىڭگەن
گاھ تاتلىق، گاھ ئاچچىق گۇناھسىز شېئىر.

كۆز گۆھىرىمدە شۇ ئوتتۇز سەككىز سىما،
ئۇ مېنىڭ رومانىم، شېئىر، داستانىم.
شۇ سىما ئىچىدىن تاپتىم ھالال جۈپ،
شۇڭا قىش كۆرمىدى سۆيگۈ بوستانىم.

* ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندا، سىنىپىمىزدا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تۆت مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى.

## سۆيگۈگە چاقچاق

سۆيگۈ بوستانىدا يوق كۆرمىگىنىم،
سۆيگۈ داستانىدا يوق ئۆلمىگىنىم.

پەرھادنىڭ كەچمىشى ئەدىبلەر چۈشى،
شېرىنىنىڭ جەستى ئەپسانە سايە.
سۆيگۈ — قەلەم قۇسقان ئاق رەڭ، قارا رەڭ،
ئىلاھلاشتۇرغىنى خىيالىي غايە.

سۆيگۈ ئۇ بىر تۇيغۇ ياكى بىر سېزىم،
«مەڭگۈلۈك...» دېگەنمۇ ئەدىب تاپقان گەپ.
تويلۇقسىز تېگەمدۇ ئاشىققا مەشۇق،
كۆڭۈلنىڭ سوۋغىسى كۆرۈنمەس بىر نەپ.

ئاشىق ۋە مەشۇقنىڭ قارار گاھى ئۆي،
ئاتىلىدۇ ئەمدى ئۇلار ئەر-خوتۇن.
سۆيگۈ بىر ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ،
بولغاندا ئۆيدە ياز، بولغاندا جۇدۇن.

ماختانما سەكسەن يىل بىللە ئۆتكەنگە،
سۆيگۈنىڭ ئەسلا يوق ئۇنچىلىك سېھرى.
ئۆي دېگەن جەڭگاھىدا دىللارنى چاتقان،
دەردى كۆپ، رىشتى چىڭ بالىنىڭ مېھرى.

## مېنى ئويغاتقان ناخشا

تۇنۇگۇن كېچە ئاي چىقتى، دېدىڭ،
سۆيەلمەيتىمەن ئاينىڭ يۈزىنى.
قوش دېرىزەمنى چېكىپتۇ شامال،
ئۇقالمايتىمەن ئۇنىڭ سۆزىنى.

تاڭمۇ ئېتىپتۇ، چىللاپتۇ خوراز،
ئاڭلىمايتىمەن ئاۋازىنىمۇ.

بۈركۈتلەر كۆكتە قاققاندۇ قانات،
كۆرەلمەيتىمەن پەرۋازىنىمۇ.

ئويغاندىم، ئويغاتتى مېنى بۇ ناخشا،
ھۆرۈنلار ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ.
بىخودلۇق ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسى،
غەپلەتنىڭ ئۇيقۇسى جاننى ئالىدۇ.

## كۆرەلمىدىم

ئېگىز تاغدىن نەزەر سالدىم قاراڭغۇدا،
كۆرۈندۇ ئەمسەن بەكمۇ قارا، بەكمۇ قارا.
قۇياش چىقتى، نۇر چاقنىدى ھەممە يەردە،
كۆرۈندۇڭ قىز بەكمۇ گۈزەل بارا-بارا...

يۈرىكىمنى تاغدا قويۇپ تاغدىن چۈشتۇم،
ھەۋىسىمنى دەسسەپ-دەسسەپ ئالدىڭ قەدەم.
غايىب بولدۇڭ يۈرىكىمگە تاشلاپ مىڭ ئاھ،
يوشۇردىمۇ سېنى گۈلگە چۈشكەن شەبنەم.



# ھېكايە پىشمىغانمۇ، ئوبزورمۇ

ماخمۇت مۇھەممەد

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2009ـ يىللىق 12ـ سانـ
ــــدا «ئوقۇرمەنلەردىن خەت» سەھىپىسىگە بېـ
ـرىلگەن «پىشمىغان ھېكايە ۋە تەبىئىتىمىزدىكى
قېيداش پىسخىكىسى» سەرلەۋھىلىك ئوبزورـ
نى ئوقۇدۇم. مېنىڭچە بۇ پىكىر ئىزچىللىقى ۋە
دەلىللىكى يوق، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە تەھلىلـ
ـدىن خالىي، بايانلىرى ئاپتور ئۆزى ماۋزۇدا تىلغا
ئالغان ۋە ئاغرىنغان «قېيداش» بىلەن تولغان، ئالـ
ـدىراپ يېزىلغان ئوبزور.

ھەرقانداق بىر ئەسەرنى يېزىشتا مەلۇم
مەقسەت بولىدۇ، ھېكايىمۇ شۇنداق، ئوبزورمۇ
ھەم شۇنداق. مېنىڭچە ئا. بەرقى ئەپەندى «كىتاب
ھۆپىگىرى» ناملىق ساتىرىك ھېكايىدە قامچىلانـ
ـماقچى بولغان ئىللەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىـ
ـلالمىغان.

مېنىڭچە بولغاندىمۇ ئوبزور ئاپتورى يازغانـ
ـدەك «شەخسلەرنىڭ كىتاب بازىرىغا كىرىشى
بىر يېڭى، ياخشى باشلىنىش ... ئۇلار ئامال بار
خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان كىتابلارنى چىقىـ
ـرىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى ئىلـ
ـگىرى سۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.» ھالبۇكى،
كىتاب تىجارەتچىلىكى نۆۋەتتە بىزدە يېڭى
شەيئى، يېڭى كەسىپ ئەمەس. بىر قىسىم مەرىـ
ـپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر ياكى پۇل تاپقان كەسىپ
ئەھلىلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90ـ يىللىرىدىن
باشلاپلا ئۆزلىرى شەخسىي مەبلەغ سېلىپ،
نۇرغۇن يېڭى، قىممەتلىك، ساغلام كىتابلارنى
نەشردىن چىقىرىپ نەشرىياتچىلىقىمىزغا يانـ
ـداشتى. باشقىسىنى مىسالغا ئالسامۇ، يېقىنقـ
ـقا، خاسلىقتا ئىنتىلگۈچى زېرەك ئىنىمىز
ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندىگە ئوخشاش بىر مۇنچە
مەسئۇلىيەتچان كىتاب سودىگەرلىرى ئالدى
بىلەن ئەلنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە كىتابچىلىقىمىز
نىڭ قەدىرـ قىممىتىنى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئالـ
ـدىغان پايدىسىنى ئويلاپ، بىر قاتار ئېسىل، ئەھـ
ـمىيەتلىك، ئىجادىي تېمىلاردىكى يېڭى تۇغۇندىـ
ـلارنى، يورۇشلۇك ئوقۇشلۇقلارنى پىلانلاپ ۋە
قەلەم غەيرەتكارلىرىغا يازدۇرۇپ، ياشلار ـ ئۆسـ
ـمۈرلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا، ئىلىم ـ پەن
ئىشتىياقىغا ۋە كۈچىگە ئىگە قىلدى. بىر
مۇنچە نادىر رومانلارمۇ شۇ جەرياندا مەيدانغا
كەلدى. ئەپسۇسكى، يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ

يىلدىن بېرى پەيدا بوپ قالغان ئايرىم كىتاب هۆپگەرلىرى كىتاب قويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزنى ئۇدۇل ئاۋامنىڭ چۆنتىكىگە تىكىپ، كونا كىتابلاردىن، ئۇ كىتابتىن-بۇ كىتابتىن ئىستاتا يۇلۇپ، ئوڭدا-دۈمدە قىلىپ، ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيدۇرۇپ، شەكلى بىر چاڭگال، مېغىزى تىرناقچىلىك، تېشى پال-پال، مەزمۇنى تەكرار، ئوغىدەك قىممەت كىتابلارنى نەچچە يۈزلەپ چىقىرىپ سادا، كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلەرنىڭ يېنىنى شىلىشقىلا ئىنتىلىپ كەلدى. بىز خەلقپەرۋەر، بىلىم ئاشناسى، تۆھپىكار كىتاب سودىگەرلىرىنى مەدھىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقلىق يوسۇندا، كىتابچىلىقىمۇ تىرىكچىلىككە، قويمىچىلىققا... ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغانلارنى قامچا ئاستىغا ئالماي تۇرالمايمىز. نۆۋەتتە، كۈتۈپخانىلارغا ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە تەشنالىق بىلەن كىرىپ، يېپىسۆپلەكتەك قاتار تىزىلىپ كەتكەن كىتاب دەستىلىرىگە، كىتاب جاھازىلىرىدىكى سانجاق-سانجاق، بىر-بىرىگە ئىككى تامچە سۇدەك ئوخشايدىغان، ھە دېسە «باھ»، «كۈنلەش»، «مەخپىي سىرلار»دىن گەپ باشلايدىغان، 90 ئەقلىيە سۆز بىلەن 20 يۈەنلىك بىر كىتابنى تۈگىتىدىغان... ئەنە شۇلارغا قوشۇلۇپ ئىچى-سىرتى ھەر خىل «دەخلى-تەرۇز قىلىش»لارغا تولۇپ كەتكەن ئەخلەت كىتابلار ئارىسىدا گاڭگىراپ قالغان ۋە شۇنچە كىتابلار ئارىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكۈدەك، يېڭىلىق ھېس قىلالىغۇدەك بىر نەچچە پارچە كىتاب تاپالماي، باش ئىرغىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ پاراڭ، سۆھبەتلىرىدە بۇ ھەقتىكى ئەپسۇس ۋە نارازىلىقلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئوبزور مۇئەللىپىنىڭ كىتاب تىجارىتىگە غەيرىي نىيەت بىلەن قول تىققان ھۆپگەرلەرنىڭ ئىنسابسىزلىقلىرىغا ھەل بېرىشى ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، ھەتتا ئەجەبلەندۈرىدۇ... ياق، بىز ئاۋام ئوتىدا كۆيۈپ، مىللەت مەنىۋىيىتىنى سەرخىللاشتۇرۇپ نەشرىياتچىلىقتا ئابرۇي قازىنىۋاتقان ئەزىمەتلىرىمىزنى ھەر خىل قوللايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەرھۇم كىلاسسىكلارنىڭ روھىنى زار قاقشىتىپ، كىتاب قويمىچىلىقى ئارقىلىق يانچۇقلىرىنى تومپايتىۋاتقان ئادەملەردىن ھەر دائىم پەرقلەندۈرىمىز ۋە ئەزگۈ نىيەتلىك كىتاب تىجارەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاشقا ھەر دائىم تەييارمىز!

ئوبزور مۇئەللىپىگە دەيدىغان ئىككىنچى گېپىم، ئۇ ماقالىسىدە تىلغا ئالغان بۇزۇلغان ئىسىملار مەسىلىسى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى تاسادىپىي رەۋىشتە «ساتىرا تۈگەشتى» دېگەن تېمىدا خېلى تۈزۈككىنە بىر نەرسە يازغان مۇئەللىپ ئەسلىدە ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئايرىمچە ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىخەۋەر ئىكەن. ھەجۋىي، ساتىرىك ئەسەرلەر، جۈملىدىن ھېكايىلەر ھەرقانداق مەزگىلدە، ھەرقانداق مىللەت ۋە دۆلەتتە باشقىلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنى دەررۇ قوزغايدىغان ۋە ئۆز پىروتوتىپلىرىنىڭ پىسەنتىگە تېگىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن ساتىرىك قەلەمكەشلەرنىڭ ھەر خىل تەدبىر ۋە ماھىرلىقلىرىغا موھتاج. ئەينى زاماندا ساتىرىك تىل ئۇستىسى گوگولمۇ ئۆز پىروتوتىپلىرىنىڭ دىققىتىنى چالغىتىش مەقسىتىدە «ئۆلۈك جانلار» رومانىدا ئاتايىن نوزدېرېف (مۇتتەھەم)، سوباكېۋىچ (ئىتبەگ)، مانىلوۋ (يۇمشاققىنە)، پىليوشكىن (يامالغان، تاشپۇرچاق)... دېگەندەك ياسالما ئىسىملارنى ئىشلەتكەن. بۇ ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى كېيىنچە دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئۆلمەس تىپلارغا ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋالنى گوگولنىڭ بۆلەك ئەسەرلىرىدىمۇ، شۇنداقلا سالتىكوۋ — شىدرىن، ئا.ن. تولستوي ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھەجۋىي ۋە قىسقا ھېكايىلەر ئۇستىسى ئا. پ . چېخوفمۇ ھېكايىلىرىدە سولوبايېف («ئاتقا ئوخشايدىغان فامىلە»)، پىرىشبىيېف («ئونتىرپىرىشبىيېف»)... دېگەندەك غەلىتە، پېرسوناژلار خاراكتېرىگە ماس ئىسىم-

لارنى ياساپ، بەزى ئىسىملارنى قىسقارتىپ، ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن. زوشىنكو، ئەزىز نەسىن قاتارلىقلارنىڭ ھەجۋىي، ساتىرىك ھېكايىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كەڭرى ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتە بۇ خىل قوللىنىش ئاتالمىش «ئەسىرىمنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرىمەن» دەپ ئەمەس، بەلكى ھەجۋىي ژانىرنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

خوش، ئەمدى بەرقى ئەپەندىنىڭ مېنىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدىكى ئىسىملار توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگە كېلەيلى. مەن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، مەيلى «كىتاب ھۆپىگىرى»دىكى ئابدۇت، چىنار باجىت، ساجىت، مۇرەھمەت دېگەن ئىسىملار بولسۇن ياكى مېنىڭ باشقا ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدىكى سىيرەك ئۇچرايدىغان، ئاڭلىماققا غەلىتە پېرسوناژ ئىسىملىرى بولسۇن، ھەرقاندىقى ياساپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ياكى بۇزۇپ ئىشلىتىلگەن ئىسىملار ئەمەس، بەلكى ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىمىزدە، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆز ئەينى بار ۋە شالاڭ بولسىمۇ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان ئىسىملار. 1995-يىلىدىن ئىلگىرى مەن ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدىكى پېرسوناژلارغا ئەمەت، قاسىم، ئايگۈل، خەلچەم ... دېگەندەك كەڭ تارالغان ئىسىملارنى ئىشلىتىۋېرەتتىم. لېكىن كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقلار، يەنى ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدىكى ئىسىملار تۈپەيلى كۆرۈلگەن ئۆزىگە ئېلىۋېلىش، گۇمانلىنىش، قېيداش، ھەتتا جاڭجال قىلىش، ئەرز قىلىشتەك كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىن ئاخىر ئاز ئۇچرايدىغان، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا سىمۋوللۇق ئىسىملارنى ئىشلىتىش قارارىغا كەلدىم ۋە ئەينى يىللاردا كۈتۈپخانىدا ئىشلەشتەك ئەۋزەل شارائىتىمدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا نەشر قىلىنىدىغان يەرلىك گېزىتلەرنى نەچچە يىل داۋامىدا سىجىل ئۆرۈپ-چۆرۈپ، ئاتايىن ئىزدەپ شالاڭ ئۇچرايدىغان ھەم غەيرىي ئاڭلىنىدىغان ھەرقايسى يۇرت ئىسىملىنى ئالايىتەن بىر خاتىرىگە تىركەپ، نەچچە يۈزلىگەن ئەر-ئايال ئىسىملىرىنى توپلىدىم. ھازىرمۇ گېزىت-ژۇرنال كۆرگەندە ئۆزۈمگە كېرەكلىك غەيرىي ئىسىملار ئۇچرىسا دەررۇ خاتىرىلىۋالىمەن. شۇنىڭدىن بېرى مەن بۇ ئىسىملارنى مەخسۇس ئۆزۈمنىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدە تاللاپ، جاي-جايىدا ئىشلىتىپ كەلدىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ لازىم تېپىلسا داۋاملىق ئىشلىتىمەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ئىسىملار ھەققىدە ئەزۋەيلەپ، تارىخقا قايتىپ يول كۆرسىتىپ كەتكۇدەك ۋە باشقىلارنى چىشلەپ تارتقۇدەك زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى يوق.

بۇ يەردە ئازراق ئەپسۇس ئىلكىدە شۇنى دەپ قويغۇم كېلىدۇ. مېنىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرىمدىن باشقا تېمىدىكى ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلىرىمدە ئىشلەتكەن ساناقسىز چىرايلىق ئىسىملارنى، مەسىلەن: سەلىم، سەيلانە، روشەن («شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن»)، شاھىدە، سەۋردىن («ئايالىمنىڭ دوستى»)، نۇرسۇل، مۇھەررەم («گۈزەل قىرغاق»)، ئابدۇللا، سۇمبۇل، سابىت («ئىككى قىزىل ئالما»)، ناجىرە، خەمىت («مەڭگۈلۈك ھەسرەت»)، مەۋاخۇن، تۇرسۇنخان («مەۋاخۇن»)، زىننەت، نۇرئەخمەت («ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا»)... ۋە باشقىمۇ «ئۆلچەملىك» ئىسىملارنى ئوبزور مۇئەللىپى ۋاقتى يېتىشمەي، ئوقۇمىغان بولسا كېرەك!

ئەمدى مۇئەللىپنىڭ ئالايىتەن ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن «مول ھوسۇللۇق يازغۇچى» دېگەن تەبىرىگە قارىتا بىر نەچچە ئېغىز پاراڭ قىلاي. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ سۆزنى 2000-يىلى 5-سان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بىز نېمىلەرنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز؟» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسىدە (سۆھبەتلەشكۈچى: مەمتىلى ھېلىم) تۇنجى قېتىم ئېيتقان ئىدىم. ھازىر يەنە تەكرارلاپ قوياي: مول ھوسۇللۇق دېگەن گەپنىڭ ئۆزى بىر كاتتا ئاتاق ياكى شەرەپ ئەمەس. ئۇ پەقەت بىر ئادەمنىڭ كېچە-كۈندۈزلەپ، تىنىماي ئەمگەك قىلغانلىقىنى، ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن

جاپا-مۇشەققەتلىك ئەجىر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھوسۇلىنىڭ دېڭى تارازىنى قانچىلىك باسىدۇ؟ بۇ باشقا گەپ.

دۇنيا ئەدەبىياتىدا ھەم مول ھوسۇللۇق، ھەم دېڭىنىڭ سالمىقى زور، ئىستېداتلىق قەلەم ساھىبلىرى كۆپلەپ تېپىلىدۇ. رابىندىرانات تاگور ئەنە شۇنداق زات بولغان. ئۇ ھاياتىدا 50 تىن ئارتۇق شېئىرلار توپلىمى، 20 رومان، 100 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، 20 نەچچە دىراما يازغان. يەنە ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىي خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى، مەكتۇپلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇ شۇنداقلا مەلۇماتلىق مۇزىكانت ۋە رەسسام بولۇپ، جەمئىي ئىككى مىڭغا يېقىن مۇزىكا ئىجاد قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ھىندىستاننىڭ ھازىرقى دۆلەت گىمىنىدۇر. ئۇ يېشى 70 تىن ئاشقان چاغدىمۇ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ، 1500 پارچە رەسىم سىزغان. بۇلار دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنغان... تاگور ئەنە شۇ مول ھوسۇللىرى ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان.

يىراققا كەتمەي ئۆزىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرمۇ مول ھوسۇللۇق قەلەم غەيرەتكارىدۇر. ئۇنىڭ قىسقىغىنە 20 يىلدا يېزىپ چىققان مول ۋە پاساھەتلىك ئەسەرلىرى مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىمىزنىڭ ئىپتىخارىدۇر!

ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن يازغۇچى، شائىر دەپ ئاتىلىش ياكى ئاللىقانداق كاتتا ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلبىم بۇيرۇغاننى دېيىش ئۈچۈن يازىمەن. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بىر زەررە مۇھەببىتىم بولسا، شۇنچىلىك نۇر چېچىش» ئۈچۈن يازىمەن. مېنىڭ «مول ھوسۇللۇق يازغۇچى» بولغۇممۇ يوق، «يولۋاس تۇغىدىغان يازغۇچى» بولغۇممۇ يوق، پەقەت خەلقىمنىڭ ۋىجدانلىق، ۋاپادار قەلەمكەش ئوغلانى بولغۇملا بار!

مېنىڭ «پىشمىغان ھېكايە ۋە تەبئىتىمىزدىكى قېيىداش پىسخىكىسى» ناملىق ئوبزورغا قارىتا دەيدىغانلىرىم ھازىرچە مانا شۇلار.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**






**مۇختار تۇردى** تەرجىمىسى

ئەدەبىي ئىشلەپچىقىرىش مېخانىزمى يەر شارىلىشىش، بازارلىشىش، ئۇچۇرلىشىشنىڭ قاتتىق تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۆزگەرتىشىگە ئۇچراۋاتقان، تارىخ، مەدەنىيەت كونتېكىستى ئىنتايىن مۇرەككەپلىككە ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىي تەنقىد قانداق يېڭى ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرگە يولۇقتى، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشى قانداق، ئەدەبىي تەنقىدنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يولى نەدە؟ مانا بۇلار بىزنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن تەخىرسىز مەسىلىلەردۇر.

بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتنىڭ بارغانسېرى مىللىي ئۇيۇشقاقلىق ۋە ئىختىرانىڭ مۇھىم مەنبەسى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى؛ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن بېيىتىش دەۋرنىڭ يېڭى تېمىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. «ئاجىز كۈچ»نى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. قانداق قىلغاندا مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قۇرۇلمىسىنى جارى قىلدۇرۇش بۇرچىنى ئارتتۇرغىلى، خەلق ئاممىسىنى ئېستېتىكىدىن بەھرىلەندۇرۇپ رىغبەتلەندۇرگىلى، رىغبەتتىن قوزغىتىشقا ئېرىشتۇرگىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەر دەۋرىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتكە يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىدۇر. ئەدەبىي تەنقىد يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدى، مەدەنىيەت تەنقىدىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىماقتا. تەنقىد ئالدى بىلەن بىر خىل مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقى بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەدەبىي تەنقىد ئەسەر، ھادىسە، ئېقىم ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىنى شەرھلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەزمۇنى، قىممىتى ۋە يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك روھىنىڭ يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىر خىل مۇھىم، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاكتىپ قۇرىدىغان كۈچ بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات-

سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا
قالماي، بەلكى يەنە ساغلام مەنىۋى ئېكولوگىيە-
نىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. ئەمەلى-
يەتتە ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات-
سەنئەت نەزەرىيە تەنقىدىدىكى قىممەت قاراش
بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ
قىممەت پائالىيىتى ئارىسىدا ئۆزئارا ھەرىكەتلەن-
دۈرۈش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ.
كىشىلەر دائىم تەنقىد ئارقىلىق مەشھۇر ئەسەر-
لەرنىڭ قىممىتىنى بايقايدۇ. تەنقىد كىشىلەرگە
مەلۇم يوشۇرۇن روھىي خەۋپنى كۆرسىتىپ
بېرىپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى
يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ساغلام، ھاياتىي كۈچكە
تولغان بىر جەمئىيەت ھەمىشە تەنقىدكە كەڭ
قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىدە
ساغلام، كۈچلۈك بولغان تەنقىد روھىنى يېتىل-
دۈرۈشكە تىرىشىدۇ. تەنقىد پەقەت كىشىلەر
كۆڭۈل بۆلىدىغان شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتە-
لىگەندە ۋە ئۇنىڭغا قارىتا رول ئوينىيالىغاندىلا
ئاندىن كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، تەنقىدنىڭ
قىممىتىمۇ دەل مۇشۇنداق بايقاش ۋە ھۆرمەت
قىلىش بىلەن نامايان بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋا-
لى قانداق؟ ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەدەبىي
تەنقىدتە يەنىلا تەپەككۇر جانلانماقتا، نەتىجىلەر
مول بولماقتا، ئوبزورچىلارمۇ ئۈزلۈكسىز كۆ-
پەيمەكتە. تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئۇ-
نىڭدىكى ئىلىم بوشلۇقى ۋە نەزەرىيەنىڭ دائىرى-
سىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. شۇڭا تەھلىل
يۈرگۈزمەي تۇرۇپلا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالىنى بىر پارچە قاراڭغۇلۇق، دېيىش ئەمەلى-
يەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ ئەدەبىي تەن-
قىدتە خېلىلا كۆرۈنەرلىك، ھەل قىلىشقا ۋە يې-
ڭىلاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن
دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ
بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن
يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. ماڭا تۆۋەندىكى تە-
رەپلەردە ئۇنىڭ يۈكسەلگەنلىكى كونكرېت ئىپا-
دىلەنگەندەك تۇيۇلىدۇ: ئالدى بىلەن بۈگۈنكى
دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرى ئۈستىدى-
كى تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ،
ئەدەبىي تەنقىد ئىلگىرىكىدىن دانا، سەگەك،
بولدى ۋە دىيالېكتىكىلاشتى. ئىنستىتۇت ئېقى-
مىنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلى-
رى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولسا كېرەك. ئالدىن-
قى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،
ئىدىيە يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، غەربنىڭ كۆپ-
لىگەن زامانىۋى ئىدىيە ئېقىملىرى قوبۇل قىلىن-
دى. بۇ بىر ئاكتىپ تەرەپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
بىر مەھەللىك يېڭى، يوچۇن نەرسىلەرنى قوغلى-
شىش ھادىسىسىدۇر؛ 90- يىللارنىڭ بېشىدا،
غەربنىڭ زامانىۋى ئىدىيە ئېقىملىرى يەنە قارى-
قويۇق رەت قىلىنىپ، دۆلەت مەدەنىيەت جەۋھە-
رىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشى باش كۆ-
تۈردى؛ ئارقىدىنلا يەنە ئەكسىگە يېنىپ، «كېيىن-
كى مودېرنىزم»، «كېيىنكى مەدەنىيەت مۇستەم-
لىكىسى» قاتارلىق «كېيىنكى» ئېقىم شامىلى
ئۈستىدە گەپ بولۇندى. گەرچە بۇلارنىڭ پەيدا
بولۇش سەۋەبلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخى-
رىدا يەنىلا بۇنىڭ تېخى پىشمىغان، يەڭگىلتەك
بىر كەيپىيات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ قويدى.
يېڭى ئەسىردىن بۇيان، تەدرىجىي ھالدا يېتەكچى
ئورۇننى ئىگىلىگەن بىر خىل ئىنتىلىش شەكىل-
لەندى، ئۇ بولسىمۇ ئىلغار مەدەنىيەت يۈكسەك-
لىكىدە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى يۈكسەكلىكىدە
تۇرۇشقا تىرىشىپ، جۇڭگونىڭ، مۇشۇ زېمىن-
مىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىپ، ئوخشىمىغان
مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى-
گە ۋە تەرەققىيات دەۋرلىكىگە ئىنتىلىپ، مىللى-
تىمىزنىڭ ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر.

ساغلام تەنقىد بولغاندىلا، ئاندىن ساغلام ئى-
جادىيەت بولىدۇ. نۆۋەتتىكى بەزى تەنقىدلەرنىڭ
بىر قىسىم ئىجادىيەتكە بولغان تەسىر كۈچى تې-
خىمۇ خاسلىقتا، شۇنداقلا تېخىمۇ سىڭىشچان-

144

لىقىقا ئىگە بولماقتا. مېنىڭ بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى بولغىنىم پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت، خالاس. بەزى يازغۇچىلار ھەمىشە، مەن ئەزەلدىن تەنقىدكە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن دەيدۇ. تەنقىد دەۋرنىڭ روھى، گۇمانىزمنىڭ غايىسى، ژانىر، ئۇسلۇب، ئىدىيە ھەققىدىكى ئويلىنىش بولۇپ، ئۇ روھىيەت ئاتموسفېراسىغا تارقىلىدۇ. ھالبۇكى نۇرغۇن يازغۇچىلار بۇلارغا ئېرىشىمەن دېمۇ ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنى قانداقمۇ سۇمۇرمەي، قوبۇل قىلماي تۇرالىسۇن؟ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت تەنقىدى ئەدەبىي تەنقىدنى مەلۇم دەرىجىدە توسۇۋېلىپ، بەزى مەدەنىيەت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم-پەن چولپانلىرى كىشىلەرنىڭ دىققەت تۇرغۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى» ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە پاسىلىنىمۇ كېڭەيتىۋەتتى. يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە يېڭى تالانت ئىگىلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقتى، ئەدەبىيات ساھەسىدە ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلەر جانلىنىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى.

ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەدەبىي تەنقىد نۆۋەتتىكى دەۋر ئېقىمى، تارىخ كونتېكستى، رېئال تۇرمۇش، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، نىسبەتەن پاسسىپ، بىئىلاج، ماغدۇرسىزلىق قىلدى، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپچانلىقى زور جاۋاب ۋە قۇرۇلمىچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىجادىيەت كەمچىل بولدى، بۇلار مەن يۇقىرىدا مۇئەييەنلەشتۈرگەنلەر بىلەن ھەرگىزمۇ زىت كەلمەيدۇ. مۇرەككەپ، رەڭدار، ئاممىنىڭ ساداسى بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن ھەر خىل تۈگۈنلەشكە بولىدۇ. تەشەببۇسكار، ئاكتىپ، تەسىر كۈچى بار تەنقىد بىلەن پاسسىپ، ھادىسىنىڭ كەينىدىن قەدەممۇقەدەم ئەگىشىپ ماڭىدىغان تەنقىد ئوخشىمايدۇ. نوقۇل سان، شوئار، شەكىل، ئىسىم، يېڭى ئاتالغۇ، نەزەرىيە قوغلىشىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدنى «گۈللەندى» دېيىشكە بولۇپلا قالماي، يەنە «كېڭەيدى» ياكى «ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى» دېيىشكە بولىدۇ. بىراق ئىدىيە چوڭقۇرلۇقى، مەنىۋى بايلىق، نەزەرىيە تۈگۈنلەش كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى، سۇبيېكتىپچانلىق، ئېستېتىك ھۆكۈم قىلىش ۋە تەسىر كۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىد تولىمۇ ئاددىي، قۇرغاق بىماجال، دەرمانسىزدۇر.

نۆۋەتتىكى تەنقىدنىڭ دەرمانسىزلىقىنى بىر خىل ئومۇمىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ، بۇ ئالدى بىلەن مەنىۋى قىممەتكە ھۆكۈم قىلىش كۈچىدىكى مەلۇم خىل كەمتۈكلۈكتە، يەنى ئېستېتىك ھۆكۈم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋال شۇكى، كۆپ ساندىكى ماقالىلەر رەتلەش، ئىندۇكسىيەلەش، ھادىسىنى قايتا بايان قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت يۈزەكىلىكتە توختاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زور مۇلاھىزىلەر كەم، دەۋر ئېستېتىكىسىنىڭ يۈزلىنىشىگە دەل تېگىدىغان ئەجەللىك مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئۇنىڭدىكى مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىشچانلىقىقا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە تەتقىقاتتىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى تەنقىدتە تەنقىد ئوبيېكتىدىن يىراقلاپ كېتىش ھادىسىسى ئېغىر. مەسىلەن: تەنقىدچى بىلەن ئوقۇرمەننى ئالساق، تەنقىدچى ئۆزى تەنقىدلەش، ئوقۇرمەن ئۆزى ئوقۇش، قىزىقىدىغانلار ئۆزى قىزىقىش، سوۋۇيدىغانلار ئۆزى سوۋۇشتىن ئىبارەت ئۆزئارا سىڭىشمەيدىغان، بىر-بىرى بىلەن كارى بولماسلىق ھادىسىسى (بۇنىڭغا ھازىرقى كەسپىي ئوقۇشلۇق، ئاۋام ئوقۇشلۇقى، تور ئوقۇشلۇقى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان نىسبەتەن

ئېغىر بولۇنۇش، چۈشىنىشمەسلىكنى كۆرسـ
ـتىش مۇمكىن) مەۋجۇت.
تەنقىد بىلەن ئىجادىيەتتىمۇ ئوخشاشلا يـ
ـراقلاپ كېتىش مەۋجۇت، بەزى ئاۋانگارت ياكى
ئوقۇرمەنلەر قاتتىق دىققەت قىلىدىغان ئىجادىيەتـ
ـلەر ئۆز ۋاقتىدا كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچرىمايۋاتـ
ـدۇ، بەزى تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قىيىن ئىجادـ
ـيەت تېمىسى دەل ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئېـ
ـرىشەلمەيۋاتىدۇ، ھالبۇكى ھېچقانچە ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە بولمىغان بەزى ئەسەرلەر ھەقـ
ـقىدىكى ئوبزور ۋە ئاساسىي مەقسەت بىلەن مۇناـ
ـسىۋەتسىز گەپلەر داغدۇغا قوزغاپ، نۇرغۇن سەـ
ـھىپىنى ئىگىلىۋېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، «شەھۋەت،
ئۇزۇك»تىكى «يەنجاۋمېن» ۋەقەسى ھەققىدىكى
تالاش-تارتىشلار بېسىقماي، بىر مەھەل جامائەت
پىكرىنىڭ مەركىزىي تۇرغۇچىغا ئايلىنىپ
قالدى. مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە
ھەيران قالغۇچىلىكى يوق دېمەكچى ئەمەس،
بەلكى مەيلى ئەدەبىيات ياكى سەنئەت ساھەسى
بولمىسۇن، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى. بۇنداق
ئىكەن، ئۇ ئىشلار تېخى پۈتكۈل مىللەت ئۇزاقـ
ـقىچە يېقىندىن دىققەت قىلىدىغان دەرىجىگە
بېرىپ يەتمىدى، دېمەكچى. بۇ تېتىقسىزلىق ۋە
ھېرىسمەنلىكنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىسىمۇ،
قانداق؟ ئەمەلىيەتتە تەنقىد بىلەن بازارمۇ يىراقلىـ
ـشىپ كەتتى. ئىستېمالچىلارنىڭ بازار تاللىشى
ۋە سېتىۋېلىش پائالىيىتى ھەمىشە قايتا ئىشـ
ـلەپچىقىرىش ئېھتىياجى ۋە يۈزلىنىشنى بەلگىـ
ـلەپ قويىدۇ، ئەمما تەنقىدچىلەرنىڭ بۇنىڭغا قاـ
ـرىتا ھۆكۈم قىلىش، باھا بېرىش، ئانالىز يۈرگۈـ
ـزۈشكە قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ، نۇرغۇن يازغۇچىلارـ
ـنى بازاردىكى ئەڭ بازىرى ئىتتىك كىتابلار ھەققـ
ـدە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.
نۆۋەتتىكى تەنقىدتە تەسەۋۋۇر يېتەرلىك
ئەمەس، مەنىۋى بايلىق كەمچىل، قىممەت كورـ
ـدىناتى نائېنىق، ئىستېتىك كۈچ ئاجىز بولۇپ،
تەنقىد ئۆلچىمىدە قايمۇقتۇرۇش ھادىسىسى كۆـ
ـرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە نۆـ
ـۋەتتىكى مۇرەككەپ، كۆپ قۇتۇپلۇق ئەدەبىيات
ھادىسىلىرىنى ئانالىز قىلالايدىغان تەسەۋۋۇر
كۈچى ۋە مول مەنىۋى قىممەتكە ئىگە ئېستېـ
ـتىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدا.
ھالبۇكى بۇ ئىككى خىل ئىقتىدار تەنقىدنىڭ نەـ
ـزەرىيە مەنبەسى ۋە مەنىۋى مەنبەسىنىڭ مولluقى
بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. تەنقىدنىڭ
كەم قان، ماغدۇرسىز، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى
يېتەرسىز بولۇشىنىڭ يىلتىزى، ئۇنىڭ تۇرلۇك
ۋە مول ئىدىيە بايلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرمىـ
ـغانلىقىدا، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىجادچانلىققا
ئۆتۈش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدا. ئالايلۇق، نۆۋەتـ
ـتىكى تەنقىدچىلىكىمىز ئەنئەنىۋى ئىدىيە بايلىـ
ـقى، سىرتتىن كىرگەن ئىدىيە بايلىقى، ئىنقىلاـ
ـبىي ئىدىيە بايلىقى، جۈملىدىن خەلق ئىدىيە بايـ
ـلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىدىـ
ـيە بايلىقىدىن ئۈزلۈكسىز جەۋھەر قوبۇل
قىلىپ، ئۆز ئىدىيەسى ۋە ئېستېتىكىسىنىڭ
پۇختا ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ماھىر
ئەمەس. شۇڭا نۆۋەتتىكى ناتونۇش ۋە مۇرەككەپ
بولغان مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئالدىـ
ـدا، بۇرۇندىن بار بولغان ئۆلچەم، ئۇسۇل، لېكسـ
ـكا (لۇغەت تەركىبى) لار بىرئاز ئاجىز كېلىپ
قالدى. بىر روشەن ئەمەلىيەت شۇكى، بۈگۈنكى
ئەدەبىيات يۈرەكلىك ھالدا ئالدىمىزغا ئوچۇقتىن-
ئوچۇق تاشلىغان ئادىمىيلىك، مەنپەئەت،
ئىستەك، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى ھەققىدـ
ـكى مەسىلىلەر، بۈگۈنكى بۇرۇلۇش ئىچىدە تۇـ
ـرۇۋاتقان «سوئال دەۋرىمىز» دۇچ كېلىۋاتقان مەـ
ـسىلىلەر، يەنى سانسىز كىشىلەرنىڭ ئەنئەنە ۋە
زامانىۋىلىك، ماددا ۋە روھ، ئېتىكا ۋە ئەخلاق،
ئىنسان تەبىئىتىدىكى رەزىللىك ۋە ئەزگۈلۈكلەر
ئالدىدىكى شۈبھىسى ۋە قايمۇقۇشلىرىغا تەنقىدـ
ـنىڭ باھا بېرىش، پەرق ئېتىش ۋە ئانالىز قىلىش
قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ. ئىجابىي بولغان ھەقىقىي
ئەزگۈلۈك، گۈزەللىك، مەنىۋى قىممەت قارىشىـ

نى جارى قىلدۇرۇشقا تېخمۇ ماجالسىز قېلىۋا-
تىدۇ. بىزنىڭ تېخمۇ بەكرەك كۆزىمىزگە چې-
لىقىۋاتقىنى نەزەرىيەنىڭ ئۈنۈمىنى يوقىتىۋاتقان-
لىقى، قايىل قىلىش كۈچى قالمايۋاتقانلىقى. ئې-
غىرراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىسمەن ئىدىيە پالەچ-
لىكى بولۇپ، ئېشىپ قالغان «تىل» بولسا ئەگ-
شىش خاراكتېرلىك بايان، بىتەرەپ تونۇشتۇرۇش-
تىنلا ئىبارەت، خالاس. ئىدراكنىڭ قەدىر-قىممى-
تى يوقالغان، ھەتتا كارغا كەلگۈدەك بىر نەچچە
قورالمۇ قالمىغان، خەزىنە كىشىنىڭ قورققۇسى
كەلگۈدەك دەرىجىدە قۇرۇقدىلىنىپ قالغان.

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قى-
لىپلا قالماي، يەنە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەۋجۇت-
لۇقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا
چوقۇم ماددىيلاشقان دۇنيانىڭ ئۈستىگە يەنە بىر
ئەھمىيەتلىك دۇنيا — مەنىۋى دۇنيا قۇرۇپ چىقى-
شى كېرەك. ھازىر ئەدەبىي تەنقىدتىكى مەسىلە
دەل مۇشۇنداق دۇنيانى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ناھا-
يىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ئى-
دىيەنىڭ قىممىتى كۆپ قۇتۇپلاشتى. ئېستې-
تىك ئاڭنىڭ قىممىتى كۆپ قۇتۇپلاشتى،
ئوخشاش بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان
باھالارنىڭ بولۇشى نورماللىق بولۇپ قالدى.
بىراق چىنلىق، ئەزگۈلۈك، گۈزەللىك دەپ نېمى-
گە ئېيتىلىدۇ؟ ساختىلىق، رەزىللىك، نومۇس-
سىزلىق دەپ نېمىگە ئېيتىلىدۇ؟ مىللىتىمىز-
نىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىلغار
مەدەنىيىتى، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا قارىشى،
قىممەت قارىشىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى بار،
گەرچە ئۇمۇ ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ. مۇشۇلار بول-
غاندىلا ئاندىن گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ئەز-
گۈلۈك بىلەن ئىپلاسلىق، ھەق بىلەن ناھەق ئارى-
لىشىپ ئۇماچ بولۇپ كەتمەيدۇ. فوركنېر
مۇنداق دېگەن: «يازغۇچىنىڭ قەلبىنى جاسارەت،
ھەققانىيلىك، مۇھەببەت، غۇرۇر، قۇربان بېرىش
روھى، ھېسداشلىق، ئېچىنىش (ئىچ ئاغرىتىش)
ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك. بۇلار بولمايدىكەن،
ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىجادىيىتى پەقەت ئەتىگەنلىك
شەبنەمدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، كۆزنى
يۇمۇپ-ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ.» شۇڭا ئۇ ئىنسا-
نىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ
گۈللەپ ياشنايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

جەزمەن كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھا-
زىرقى دەۋر بازارلاشقان دەۋر بولۇپلا قالماي، يەنە
يېڭى مېدىيە دەۋرى، ئۇچۇر يەر شارىلاشقان
دەۋر. تور مېدىيەسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە نەزەرى-
يەۋى تەنقىدنى يېڭى مەۋجۇتلۇق كۆرۈش سېزى-
مى دائىرىسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئەدەبىيات نە-
زەرىيەسىگە غايەت زور يېڭى زەربە ئېلىپ
كەلدى، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات رىقابەتكە ئۇچرىدى.
ئۇ يەنە ئىجادىيەت روھى، ئىجادىيەت شەكلى،
تەنقىد ئوبيېكتى، تەنقىد شەكلى، تەنقىد ئۆلچى-
مى قاتارلىق بىر يۈرۈش يېڭى مەسىلىلەرگە
بېرىپ چېتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشىنى
كۈتمەكتە. ئەدەبىي تەنقىدكە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بەلكىم، قانداق قىلغاندا
ئاۋام مېدىيە دەۋرىدە ئۆزىنىڭ روھىي پەزىلىتىنى،
مۇستەقىل بولغان تەنقىد روھى ۋە قىممەت ئې-
گىزلىكىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشتىن ئىبا-
رەت بولسا كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد مېدىيەدىن ئاي-
رىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەنسۇپ
بولغان سۆز قانىلى يوق، ئۇ چوقۇم مېدىيە ئارقى-
لىق ئۆزىنىڭ ساداسىنى تارقىتىشى كېرەك. بۇ
يەردە بىر ئەركىنلىك ۋە ئەركىسىزلىك مەسىلى-
سى مەۋجۇت. بىز ھازىر ئاۋام مېدىيەسىنىڭ بىر
بىپايان دېڭىزىغا كىرىپ كەلدۇق، ژۇرنال،
كىتاب، قوشۇمچە سان ژۇرنال، ئىنتېرنېت، تېلې-
ۋىزىيە، شەرەپ تاختىسى، ئىلمىي مۇھاكىمە يى-
غىنى، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى يەر-جاھا-
نى قاپلىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساداسى-
نى تارقىتالايدۇ، ئۇنىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسى
ۋە تاللىنىشچانلىقى زور دەرىجىدە كېڭىيىشى
كېرەك ئىدى، بىراق ئەمەلىي ئەھۋال بولسا،

تەنقىد نۇتۇق جەھەتتە تېخىمۇ ئەركىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، تېخىمۇ پاسسىپلاشتى. چۈنكى نېمىنى تەنقىدلەش، نېمىنى تەنقىدلىمەسلىك، نېمىنى ئېلان قىلىش، نېمىنى ئېلان قىلماسلىق، قانداق گەپ-سۆز شەكلى ئارقىلىق نۇتۇق سۆزلەش ياكى قانداق گەپ-سۆز ئارقىلىق سۆزلىمەسلىك قاتارلىقلار ھەممىسى شەكىللىك ياكى شەكىلسىز ئىقتىسادىي مەنپەئەت، مەنپەئەتپەرەسلىك، قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەت ھەمدە تارقىتىش مىقدارى، چېكىلىش نىسبىتى، كۆرۈش نىسبىتى، ھەتتاكى ئادەمگەرچىلىك، يۈز-خاتىر قىلىش، مۇناسىۋەت قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلدى.

ئادەتتە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساداسى ئىنستىتۇت تەنقىدى، كەسپىي تەنقىد، مېدىيە تەنقىدىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىنستىتۇت تەنقىدى تارىخنى ئىندوكسىيەلەش (يىغىنچاقلاش)كە، مېدىيە تەنقىدى رېئاللىقنى تەسۋىرلەشكە ماھىر، كەسپىي تەنقىدچىلەر بولسا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ ھەر ئىككىسىگە تۆھپە قوشىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھازىرقى ئەھۋال بۇ ئۈچ تەرەپتىن يەنىلا مۇستەسنا ئەمەس. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مېدىيە دەۋرىدە ئىنستىتۇت تەنقىدىنىڭ رېئاللىق تۇيغۇسى كۈچەيدى، گەرچە ئادەملەر ئىنستىتۇت تەنقىدىدىن ئايرىلالمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە، شۇنداقلا مېدىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا دىققەت قىلىۋاتىدۇ. كەسپىي تەنقىد يەنىلا ئوتتۇرىدىكى ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە ئۇزلۇكسىز بۆلۈنۈۋاتىدۇ، بەزىلەر ئىنستىتۇت تەنقىدچىلىكىگە، بەزىلەر مېدىيە تەنقىدچىلىكىگە قاراپ ئاغماقتا، بىراق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەپەككۇرى يەنىلا ئۆزگەرگىنى يوق، مېدىيە تەنقىدچىلىكى ئويۇن-تاماشىلىشىش، مەدەنىيەتلىشىش، ھادىسىلىشىش ۋە ئېستېتىكىلىشىشنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق تۈرغۇسىنى ئىزدەپ يۈرمەكتە. بۇ يەردە ھەرگىزمۇ مېدىيەنى ئاددىي ھالدا ھەددىدىن زىيادە چاكىنا مەنپەئەتخورلۇقنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ قارىۋالماسلىقىمىز لازىم، ئۇنداق قارىۋالساق ئادىللىق بولماي قالىدۇ. ھازىرقى تەنقىد يەنە مېدىيەدىن ھاياتىي كۈچ ۋە ئىلھام ئېلىشقا موھتاج. كىمىكى قاتمال «ئەدەبىي تەنقىد» ئۇقۇمىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىكەن، ئۆزىنى قابىلىيەتلىك ساناپ ماختىنىپ، غىلاپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدىكەن، ئۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

شۇڭا، ھەممىنى دەۋرگە، كونتېكىستقا دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قىممىتىنىڭ بار-يوقلۇقى ئاساسلىقى تەنقىد سۇبيېكتىنىڭ تاللىشى ۋە ئىنتىلىشىگە، يەنى تەنقىدچىنىڭ بازارلاشقان قىممەت ئىچىدىن قىممەتلىك مەنىۋى قىممەتنى قۇتقۇزۇپ چىقالىغان-چىقالمىغانلىقى، ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى مۇكەممەل قوغدىيالىغان-قوغدىيالمىغانلىقى، ماددىيلىشىش ۋە تاۋارلىشىشنىڭ ئىچىدىن مول ئىدىيەۋى قىممەتكە ئىگە تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى بايقىيالىغان-بايقىيالمىغانلىقى، خەلق مېدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي مۇستەقىل ھالدا نېمىلەرنى بايقىغانلىقى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئېستېتىك ئىقتىدارىنى تولۇق ئازاد قىلالىغان-قىلالمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. مەن ھۆرمەتلەيدىغان بىر پەيلاسوپ: «مۇبادا مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى نوقۇل ھالدا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى دەپ چۈشىنىۋالساق، ئۇنداقتا زور خاتالاشقان بولىمىز. ھەرقانداق مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ نېگىزى ئاساسىي مەنىۋى قىممەتنىڭ تارقىلىشىدۇر» دەيدۇ. مەن بۇ قاراشنى ئىنتايىن قوللايمەن. ئەدەبىياتمۇ شۇنداق، تەنقىد ھادىسە ۋە ئىجادىيەتنىڭ كەينىدىن قەدەممۇقەدەم ئەگىشىپ ماڭسا بولمايدۇ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ كۆپلىگەن مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بايقاشلار بولۇشى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ «رېئاللىق تۇيغۇسى» مەسىلىسى خېلىلا گەۋدىلىك بولماقتا. «رېئاللىق تۇيغۇسى» ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىكى سىنونىم (مەنىداش ئىبارە)غا بىۋاستە يېقىنلىشىش ئەمەس، رېئاللىققا ئىنتايىن يېقىنلاشقان نۇرغۇن ئىجادىيەت ۋە ئوبزورلاردا دەل رېئاللىق تۇيغۇسى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە مەنىۋى روھ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئەكسىچە رېئاللىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولماقتا. رېئاللىق تۇيغۇسى ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن ماسلىشىپ كەتكەن. شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، رېئاللىق تۇيغۇسى رېئاللىققا يېقىنلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تېخىمۇ يۇكسەك كۆرۈش نۇقتىسىدا تۇرۇپ رېئاللىقنىڭ مەنىۋى ھالىتى ۋە تەنقىد نەزىرىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. بىر گاھىدا بەزى تەنقىد ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، تەنقىدچىنىڭ ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «رېئاللىق»نى ئەسلا چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ئەسەرنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت مەلۇم بىر خىل كىتابىي نەزەرىيە ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئوقۇرمەننى ھايات كەچۈرمىشلىرىگە باي چۈشەندۈرۈش بىلەن تەمىنلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. تەنقىدنىڭ ئىستېلاچانلىقى تۇرمۇش ۋە ئەسەرنى تونۇش، شۇنداقلا تەسۋىر بىلەن ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىيەنىڭ تەركىبى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ۋە مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن باشتىن-ئاخىر قان ھەم گۆشتەك باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. مۇبادا ئالدى بىلەن بۇ تۇرمۇش، رېئاللىق، تارىخ، ھەتتا ھادىسىنى باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشت ۋە بىلىش بولمايدىكەن، ئۇنداقتا نەزەرىيەۋى گەپ-سۆزلەر قانچە ئۇستاتلىق بىلەن ئويۇنتىلغان، ئۇقۇم قورالى قانچىلىك ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا ھاياتىي كۈچى يوق تەنقىد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجادىيەتتە چوقۇم يېتەرلىك رېئاللىق تۇيغۇسى بولۇش كېرەكلىكىنى، ئۇ خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىملىقىنى، خەلق بىلەن قان ھەم گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلىغاندىلا، ئۇ ئاندىن كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى؛ ئوخشاشلا ئەدەبىي تەنقىدتىمۇ رېئاللىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇ ھازىرقى مۇھىم ۋە زور مەنىۋى مەسىلىلەرگە، مەسىلەن: دۆلەتنىڭ مىللىي ئېڭى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، گۇمانىتار ھېسسىيات، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە مەنىۋىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەمنىڭ ساغلام تەرەققىياتى، روھ بىلەن جىسمانىيەتنىڭ گارمونىيەلىكى... ۋەھاكازاغا بېرىپ تاقالغاندىلا، ئاندىن تەسىر پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى بىز بىلىمىز. بۇ خىل رېئاللىق تۇيغۇسىغا باي تەنقىد يەنە كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، توغرا بولغان قىممەت مەيدانى ۋە ھەق-ناھەق قارىشىغا، مول مېھىر-مۇھەببەت ۋە كەڭ قورساقلىق روھىغا ئىگە بولۇشى، توغرا بولغان مەنىۋى قىممەتنى يۈرەكلىك ھالدا ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ يەردە شەخسنىڭ سەنئەت خاسلىقى بىلەن دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئېقىمى، جانلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەش بىلەن دەۋرنىڭ تەرەققىيات ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ باغلىنىش بار؛ بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا، تەنقىدنىڭ كۈچى بولماي قالىدۇ.

دەرۋەقە، ھازىر راستىنلا تەنقىدنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش غايىسى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچكە ئېرىشىش، تەنقىدنىڭ پرىنسىپچانلىقى ۋە ئەسلىي ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىش، تەنقىدنىڭ تەنقىد روھىنى ئاشۇرۇش، ئاۋام مېدىيەسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەنىۋى ساقلاش دەرىجىسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر مەسىلە بار. بەزى كەسىپداشلار كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئوخشىمىغان ئىدىيە ۋە

مۆز قاراش ئۆزئارا سوقۇلۇش، سۈركىلىش، بەس-
مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئۆزىنىڭ خاس
ۋەزنى ۋە كۈچىنى نامايان قىلىدۇ، بىراق بىز قا-
چاندىن باشلاپ ھەقىقىي تەنقىدچىلەرنىڭ جىس-
مىدا دائىم كۆرۈلىدىغان مىجەز ۋە تەربىيەلىنىش-
تىن، بەس-مۇنازىرە قىلىش جاسارىتىمىزدىن،
رەددىيە بېرىش ھېسسىياتىمىزدىن، ئىنكار
قىلىش ھاياجىنىمىزدىن، ھەقىقەت ۋە ئاق كۆ-
ڭۈللۈككە بولغان مۇھەببىتىمىزدىن، ساختىلىق
ۋە رەزىللىككە بولغان غەزەپ-نەپرىتىمىزدىن،
شۇنداقلا ئەركىنلىك ۋە قەدىر - قىممەتكە بولغان
سەزگۈرلۈكىمىزدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىزنى
بىلمەيمىز. يەنە بەزى كەسپداشلىرىمىز تېخى-
مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىپ مۇنداق
دەيدۇ: «بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز ‹مۇتەپەككۇرلار
ئورۇن بوشاتقان، ئالىملار گەۋدىلىنىۋاتقان›
دەۋردۇر.» ئىسپاتلاش، ماھارەتنىڭ پىشقانلىقى،
مەشغۇلات پىروگراممىسىنىڭ راۋانلىقى ۋە ئىش-
لەپچىقىرىشنىڭ نەپىسلىكىدىن قانائەت تېپىش،
يەنە سودا مەنپەئەتى، تۈزۈلمىلەشكەن مەۋجۇتلۇق
شەكلى ئېھتىياجىنىڭ قوزغىتىشى تۈپەيلىدىن،
ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد سا-
ھەسى كۈنسېرى تۈرلۈك مەشغۇلات ۋە «ئىجتىما-
ئىي بايلىقنى ئالماشتۇرۇش» پائالىيىتىگە مەپتۇن
بولۇپ كەتكەچكە، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە
مۇستەقىل تەنقىد قىلىش روھى كەمچىل بولۇۋا-
تىدۇ. مۇبادا بۇ خىل كەيپىيات ئوخشىمايدىكەن،
ئۇنداقتا بىز قانداقتۇر بۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارى-
تىش دېگەنلەردىن ئۈمىد كۈتەلمەيمىز، دۇنيانىڭ
ئىدىيە، مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى مۇھىم ئورنى-
مىزنى تېخىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز ۋە مۇھىم تە-
سىرلەرنى كۆرسىتەلمەيمىز.

ھازىر ئوقۇرمەنلەر ئادەمگەرچىلىك تەنقى-
دى، گۇرۇھ تەنقىدى، خۇشامەت ئوبزورى، رە-
ھىمسىز تەنقىد، قۇرۇق ھايانكەشلىك تەنقىدى،
تەخسكەشلىك تەنقىدىدىن بىزار، چۈنكى
بۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىي روھ بىلەن ھېچقانداق
مۇناسىۋىتى يوق. تەنقىدكە ناھايىتى كۆپ مەنپە-
ئەتپەرەسلىكلەر ئارىلىشىپ كەتتى، ئۇ ئەدەبىيات-
نىڭ پاك ئوبرازىنى بۇلغاپ قويۇشى، ھەتتا چۇ-
شۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. بۇلارنى تەنقىدچىلەر-
نىڭ شەخسىي غەرىزى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
ساغلام ۋە كۈچلۈك ئەدەبىي تەنقىد بۇ خىل
شەخسىي غەرەزنىڭ توسقۇنلۇقىنى يوقىتىپ،
ئادىل، خالىس مەيداندا تۇرۇپ سۆزلەپ، ئەسەرگە
بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، ئەسەرنىڭ تۈرلۈك غەيرىي
ئەدەبىيات ئامىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
ئۈزۈپ تاشلايدۇ. مۇشۇنداق تەنقىدلا مەردانىلىك
بىلەن ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدۇ. يۈگەنسىز
ھالدا ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ
كىرىپ، ئۇنىڭ سىرى ۋە چوڭقۇر قاتلىمىدىكى
ئەدەبىي قىممەتنى تەكشۈرۈپ چىقالايدۇ. لۇشۇن
ئەپەندى ئىلگىرى ئىنتايىن ئېچىنغان ھالدا:
««مەدھىيە» ۋە ‹ھاقارەت›نىڭ ھەممىسى يامان غە-
رەزلىك بولىدۇ، ئۇ ئەدەبىياتتىكى سانسىزلىغان
تالانت ئىگىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، ئۇ
ھېچ بولمىغاندا جۇڭگو ئەدەبىياتى ۋە جۇڭگو
يازغۇچىلىرىنى نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى
بېسىشقا مەجبۇر قىلدى» دېگەنىدى. بۇ جەھەتتە
مېنىڭمۇ بېلىنسكىي بىلەن گوگولنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى مىسالغا ئالغۇم كېلىپ قالدى. گوگول
«ئەرۋاھ» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققاندا، بې-
لىنسكىي ئۇنى ماختىغان، ھەتتا ئۇ بۇ ئىشى
ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن خۇشامەتچى، تەخسى-
كەش دەپ ئەيىبلەنگەن. ھالبۇكى گوگول چار پا-
دىشاھنى مەدھىيەلەيدىغان بىر پارچە ئاددىي قەسى-
دىنى يېزىپ چىققاندا، بېلىنسكىي ئۇنىڭ
بىلەن بولغان ئۇزاق يىللىق چوڭقۇر دوستلۇقى-
نى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «گوگول جانابلى-
رىغا ئوچۇق خەت»نى ئېلان قىلىپ، ئۇنى رەھىم-
سىزلىك بىلەن تەنقىدلىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن
ئادا-جۇدا بولۇشتىنمۇ يانمىغان. بۇ خىل ئادىل ۋە
ھەققانىي تەنقىد تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئەدەبىيات

(ئاخىرى 133 ـ بەتتە)



# جەبرائىل ھەققىدە قىسسە

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا مىسىر شەھىرىدە بىر باپكار بىلەن بىر ياغاچچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر مەشۇقى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باپكار ئۇ خوتۇن ئۈچۈن ناھايىتى ئېسىل بىر كۆڭلەك توقۇدىكى، ئۇنىڭ ھېچ يېرىدە تىكىشى كۆرۈنمەس ئىدى. كۆڭلەك خوتۇننىڭ بويىغا ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتە بەكمۇ مۇۋاپىق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن: «پالانى باپكار بىر كۆڭلەك توقۇپتۇكى، ئۇنىڭ ھېچ يېرىدە تىكىشى يوقتۇر. ياقا، يەڭلىرىنى ئۆزگىچە توقۇپتۇ، ئۇنىڭدەك كۆڭلەكنى ھېچ باپكار توقۇيالماس» دېگەن سۆز پۈتۈن مىسىر شەھىرىگە تارقىدى.

بىر كۈنى ياغاچچى ئۇ كۆڭلەكنى مەشۇقىنىڭ ئۈچىسىدا كۆردى ۋە بۇ خوتۇننىڭ باپكار بىلەن ئاشنىدارچىلىقى بار دېگەننى گۇمان قىلدى، ئىلگىرى ھەم بۇ گۇمانى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاچچىقلاندى ھەم خۇسۇمەت، ھەسەتخورلۇقى تۇتتى ۋە: «ئى چىركىن، نېمە ئۈچۈن مەندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بېرىسەن؟» دەپ تولا سىياسەتلەر قىلدى. ئەمما بۇ خوتۇن باپكارنى دوست تۇتقانىدى. ئۇنى تەرك قىلالمىدى. بەس، ئۇ ياغاچچىنى خىلۋەتكە ئېلىپ كىرىپ ئۆلتۈرغۇزدى ھەمدە ئېيتتىكى:

— ئى جانۇ جانىم، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، سېنىڭ بىر تال مويۇڭ ماڭا ھەممە ئالەمدىن ئەزىزرەك تۇرىدۇ، — دېدى-دە، قۇرئاننى ئېلىپ كېلىپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمگە باپكاردىن دۈشمەنرەك كىشىنى بىلمەيمەن. نېمە ئۈچۈنكى ئۇ مېنى پىچاق ئۇرىمەن دەپ قورقۇتىدۇ. ئۇنىڭ قورقۇتۇشىدىن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئاشنىلىقىنى قىلغانىدىم، بۇ ھالىمنى ساڭا ھەم ئېيتالماس ئىدىم. مېنىڭ ھالىم شۇدۇر، — دېدى.

ياغاچچى بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەگەر بۇ سۆزۈڭ راست بولسا ۋە ئۇنى خالىماي ماڭا مايىل بولساڭ، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر. ئۇنى تازا بىر ئاۋارە قىلايلى، ئۇ ئۆلگۈچە سېنى كۆرەلمىسۇن، — دېدى.

ئۇ خوتۇن يەنە بىر مەرتەم قەسەم ئىچتى. ئاندىن ياغاچچى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راستتۇر دەپ ئىشەندى ۋە :

— خاتىرجەم بولغىنكى، مەن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلۇرمەن، — دەپ ئورنىدىن قوپتى. باپكارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېيتتىكى:

— ئى يارۇ بۇرادەر، سەن ئېسىل بىر كۆڭ-

لەكنى توقۇپسەن. ئۆز ھۈنىرىڭدە كامىللىق كۆردۈڭ، بۇ ھەم ماڭا ئارزۇ بولدى. مەنمۇ ئۆز ھۈنىرىم بىلەن بىر نېمە ياسىغايمەن، ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك ئىشنى قىلالمىغاي. سەن ئۆز ھۈنىرىڭ بىلەن باپكارلارنى ھەيران قىلدىڭ، مەن ھەم ئۆز ھۈنىرىم بىلەن ياغاچچىلارنى ھەيران قالدۇرغايمەن، — دېدى. باپكار:

— مۇبارەك بولسۇن، مەن بەندىگە نېمە ھاجەت بولسا خىزمەت قىلغايمەن، — دېدى.

ياغاچچى ئۈچ-تۆت پارچە تاختاي راسلاپ تىلسىم بىلەن بىر ساندۇق ياسىدىكى، ھېچ يەردە ئۇنىڭدەك ساندۇقنى ئادەم كۆرمىگەن بولغاي. ئۇنىڭ ئىچىگە تىلسىملارنى بەجا كەلتۈرۈپ تامام قىلدى، ئاندىن باپكارنىڭ قېشىغا باردى ۋە دېدىكى:

— ئى يارۇ بۇرادەر، مەن ھەم ئۆز ھۈنىرىم بىلەن بىر كاتتا نەرسە ياسىدىم، ھېچ ياغاچچى ئاڭا ئوخشاش نەرسىنى ھەرگىز ياسىيالمىغاي. مانا بۇ ساندۇق شۇلدۇر. ساڭا بۇرادەرلىكنىڭ، ھەمسۆھبەتداشلىقنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن. قويقىن، سەھراغا بارايلى، ئۇ يەردە بۇ تىلسىمنى سىناق قىلاي، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرەيلى، ئاندىن مەن ئۇنى ياغاچچىلارغا مەلۇم قىلاي. سېنىڭ نامىڭ باپكارلار ئارىسىدا يۇقىرى بولغاندەك، مېنىڭ نامىممۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى بولغاي، — دېدى.

ياغاچچى ساندۇقنى يۈدۈپ، ئىككىسى يولغا راۋان بولدى. ئۇلار شەھەردىن ئىككى پەرسەڭ يىراق بىر سەھراغا باردى. ياغاچچى:

— ئى بۇرادەر، تامام لىباسىڭنى سېلىپ، ئاندىن تۇغما بولۇپ بۇ ساندۇققا كىرگىن، — دېدى.

نېچۇكتۇر، باپكار دەرھال لىباسىنى سېلىپ ئاندىن تۇغما بولدى ۋە يانچۇقىدا بىر نەچچە دىنار بار ئىدى، ئۇنى ياغاچچىغا بەردى، ئاندىن ساندۇق ئىچىگە كىردى. ئۇ ساندۇققا تىلسىم بىلەن بىر مىخ قادالغانىدى. ئۇنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىسا، ساندۇق يۇقىرى ئۆرلەيتتى، سول تەرەپكە بۇرىسا تۆۋەنگە چۈشەتتى. ياغاچچى باپكارغا مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغاپ كۆرسەتتى ۋە:

— ئى بۇرادەر، داۋاملىق بۇ مىخنى كۈچۈڭنىڭ بارىچە ئوڭ تەرەپكە تولغىغايسەن، — دېدى. باپكار مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغاش بىلەن ساندۇق ھەرىكەتكە كېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى. ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. باپكار مىخنى ھەر قېتىم تولغىغاندا، ساندۇق ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ تازا ئۆرلىدى، ئاندىن كۆزدىن غايىب بولدى. ئول ساندۇقنىڭ دېرىزىلىرى بار ئىدى، ئېچىلدى. باپكار تۆۋەنگە قارىدى. شەھەر، كەنتلەردىكى نەرسىلەرنى كۆردى، روھىي زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆردى ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «ئاھ، ياغاچچى مېنى بۇ ھىيلە بىلەن جاھاندا ئاۋارە قىپتۇ» دېدى. بۇ قورقۇنچتىن جىگىرى پارە-پارە بولدى. بۇ مىخنى سول تەرەپكە تولغىسام، ساندۇق يەنە يۇقىرى ئۆرلەرمۇ ياكى تۆۋەنگە چۈشەرمۇ دەپ ئويلاپ، مىخنى سول تەرەپكە تولغىدى. ساندۇق تۆۋەنرەك چۈشتى، يەنە سول تەرەپكە تولغىغانىدى، يەنە تۆۋەنرەك چۈشتى، ئاخىر بېرىپ يەرگە قوندى. ئۇ ساندۇقتىن چىقتى ۋە ئۆزىنى دەريايى ئەممان بويىدا كۆردى، بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، كۆز قۇۋۋىتى يەتكۈچە قارىدى. ئۇ سۇدىن باشقا نېمىنى كۆرمىدى، كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى ۋە دەريا ياقىسىدا يۈرۈپ ئازغىنا مېۋە تېپىپ يېدى، ئاندىن تامام غەم-ئەندىشە ئىچىدە ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈپ باقتى، ناگاندا دەريا ياقىسىدا ئادەملەرنى كۆردى، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردى. ئۇ كىشىلەر سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

— نېمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى. باپكار ئاڭا جاۋاب بېرىپ:

— مەن مەردۇ غېرىبدۇرمەن، يول ئاداشتىم، ماڭا رەھمەت قىلىپ، ئاۋاتلىققا يول كۆرسىتىپ قويۇڭلار، — دېدى. ئۇ كىشىلەر:

— بۇ دەريايى ئەمماندۇر. ئاۋاتلىقتۇر، —

دېدى. باپكار ئۇلارغا دۇئا قىلدى، بىر جاڭگالغا راۋان بولدى. ئۇ ئويلىدىكى، ئەگەر ساندۇقنى بۇ يەرگە قويۇپ كەتسەم، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام ھالاك بولىمەن. ئەمدى ساندۇقنىڭ سىرىنى بىلدىم، ئۇ مېنى جاڭگالدىن تاشقىرى ئېلىپ چىققاي، تا شەھەرگە يەتكىيەمەن دەپ، دەرھال ساندۇققا يەنە كىرىپ مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغىدى، ساندۇق يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ جاڭگالدىن چىقىپ بىر چاقىرىم يەرگە بېرىپ چۈشتى. باپكار ساندۇقتىن چىقىپ قارىدى، بىر ئوردا كۆرۈندى، ئۇنىڭ بېشى پەلەكتە، دەرۋازىسى كۆپكۆك تۈمۈردىن ئىدى. دەرۋازا ئالدىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ بۇ يەر قەيەركىن ۋە كىمنىڭ ئوردىسىدۇ؟ دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، سالام بەردى ۋە:

— ئى بۇرادەر، بۇ كىمنىڭ ئوردىسى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى. باپكار:

— مەردۇ غېرىبدۇرمەن، بۇرادىرىمنى يوقاتقانىدىم، ئۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن، — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇ شەھەرى ئەمماندۇر. شەھەر پادىشاھىنىڭ ئون ياشلاردا بىر قىزى بار ئىدى. پادىشاھ ئۇ قىزى دۇنياغا كەلگەندە، ئۇنى ھېچ كىشى كۆرمىسۇن دەپ، بۇ ئوردىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىنا قىلىپ، قىزنى ئانىسى بىلەن بۇ يەردە قويىدى. بۇ ئوردىنىڭ ئىشىك ئاچقۇچىنى پادىشاھ ئۆزى ساقلايدۇ، ھەر ھەپتىدە بىر مەرتەم كېلىپ قىزنى كۆرۈپ كېتىدۇ، — دېدى. باپكار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساندۇق قېشىدا ئولتۇردى. كېچە بولدى، ئۇ ساندۇق ئىچىگە كىرىپ مىخنى ئوڭ تەرەپكە تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، قىز تۇرغان ئوردىنىڭ ئۈستىگە كەلدى، مىخنى سول تەرەپكە تولغىدى، تۆۋەنلىدى، ئوردىنىڭ تۆپىسىگە چۈشتى. باپكار ساندۇقتىن چىقتى، ھەر تەرەپكە قارىدى. بىر دېرىزە كۆرۈندى، بېرىپ قارىدى، ھۆسن-جامالى ھەددىدىن زىيادە گۈزەل بىر قىزنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېمىكئانىسى ئولتۇراتتى. باپكار ئوردا ئىچىگە چۈشكىلى شوتا قويۇپ، دېرىزىدىن قارىدى. دەل شۇ چاغدا قىز ئاجايىپ گۈزەل كەرەشمە بىلەن تەختكە چىقىپ ياتتى، ئۇخلىدى. باپكار ئوردىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قىز ياتقان سارايغا كىردى. تەختكە چىقىپ، قىزنىڭ يوتقىنىنى ئېچىپ قوينىغا كىرىپ ياتتى، ئۇ قىزنىڭ بەدىنىنى قۇچاقلاپ ئۆپتى. قىز ئويغىنىپ ئۆزىنى بىر ئەر كىشىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ پەرياد قىلدى:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟! — دېدى قىز غەزەپلىنىپ. ئېمىكئانا قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغاندى، دەرھال قوپۇپ چىراغنى ياندۇردى. كۆردىكى، باپكار خۇددى ئاندىن يېڭى تۇغۇلغاندەك يالىڭاچ تۇرۇپتۇ. ئېمىكئانا:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى. باپكار:

— مەن جەبرائىلدۇرمەن، ئاسماندىن چۈشتۇم. بۇ قىزنى خۇدايتائالا ماڭا ئاتا قىلدى. ئۆز ئۆيۈمگە كەلدىم. بۇ قىز مېنىڭ ھالال جۈپتۈمدۇر، — دېدى.

ئېمىكئانا بىلەن قىز بىر-بىرىگە: «بۇ ئوردىنىڭ ئۈستىدىن قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەس، ھەممە ئىشىكلىرى زەنجىر بىلەن مەھكەم بەند قىلىنغلىقتۇر. ئەگەر بۇ كىشى جەبرائىل بولمىسا ئىدى. مۇنداق يالىڭاچ ۋە تەييارلىقسىز بۇ ئوردىغا كىرەلمەس ئىدى» دېيىشتى. قىز ئېيتتىكى:

— ئى جەبرائىل، ساڭا مۇبارەك بولسۇن. ئاللا مەندەك كىشىنى ساڭا لايىق كۆرۈپ خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ. بۇ ئىلتىپاتقا بىسيار شۈكۈر-سانا ئېيتىماق ئاتا-ئانامغا ۋاجىپتۇر.

باپكار خۇشال بولدى. ئۇلار يېتىپ قالدى. قىز چىن ئېتىقادى بىلەن باپكارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك خىزمەت قىلدى. باپكار ئۆز ئىشىدا كەملىك قىلماي، دەرھال ئۇنىڭ مېھرىگە مېھىر

بەردى، ئاندىن قىز باپكارغا ئاشىقى شەيدا بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى مۇھىم بىر ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر ئايغىچە قىزنىڭ قېشىغا كېلەلمەدى. باپكار ھەر كېچە قىز يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ قىزنىڭ قويىنىغا كىرىپ راھەت-پاراغەتتە تاڭ ئاتقۇچە ياتاتتى، تاڭ ئاتقاندا قىزنىڭ قويىنىدىن چىقىپ ئوردا تۆپىسىگە چىقاتتى ۋە ساندۇق ئىچىگە كىرىپ مىخنى تولغايتتى-دە، جاڭگالغا بېرىپ چۈشەتتى. بۇ يوسۇندا 40 كۈن ئۆتتى. قىز ھامىلدار بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى مۇھىم ئىشىنى تۈگىتىپ، قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئوردا ئاچقۇچلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەنىدى، ئىشىكلەرنى ئېچىپ قىزنىڭ يېنىغا كىردى، قىزنى كۆردى. قىز ئۆز ھالىدا ئەمەس ئىدى. پادىشاھ ئېمىكئانىدىن:

— ھەي، بۇ ئەزىز پەرزەنتىمگە نېمە بولدى؟ — دېدى. ئېمىكئانا بىلەن قىز بولغان ۋەقەنى يەشتى، بايان قىلدى:

— تەڭرى جەبرائىلنى سىزگە كۈيئوغۇللۇققا ئەۋەتىپتۇ، ئاسماندا ئاڭا قىزىڭىزنى نىكاھ قىپتۇ. ھەر كېچە جەبرائىل بۇ يەرگە كېلىپ ياتىدۇ، تاڭ ئاتقاندا يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، ئوردىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ئەتراپىنى تەكشۈردى، ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىدا كۆردى. پادىشاھ مۇنداق مەھكەم ئوردا يوقتۇر، بۇ نېمە ۋەقەدۇر دەپ ئويلاپ، كېچىسى ئوردىدا قوندى. ناماز خۇپتەن ۋاقتى بولدى، چىراغلار ياندى. پادىشاھ شەمشىرىنى ئالدىغا قويۇپ قويدى. بىر سائەت بولغاندى. ھەر كېچىدىكى يوسۇن بىلەن باپكار ساندۇققا كىردى، مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئوردا ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى. ساندۇقنىڭ چۈشكەن شەپىسى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ قوپتى، بىھوش بولدى، ئاندىن ھوشىغا كەلدى، باپكار تۆپىدىن چۈشتى، تامبالچان ھالدا كېلىپ قىزنىڭ ياستۇقىدا ئولتۇردى. پادىشاھ باپكارنى كۆردى، يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئامەننا، رەسەددەقنا، يا جەبرائىل روھىللا، — دەپ باپكارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، نالە-زار قىلدى. قىز:

— ئى جەبرائىل، بۇ مېنىڭ ئاتامدۇر، — دېدى. باپكار پادىشاھنىڭ بېشىنى ئايىغىدىن كۆتۈردى. ئەمما پادىشاھ دەممۇدەم يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپ، باپكارنىڭ قول-ئايىغىغا كۆزىنى سۈرتەر ئىدى ھەم: «جەبرائىلنىڭ ئۆيۈمگە مۇبارەك قەدەمى يېتىپتۇ» دەپ ھەق تائالاغا تولا شۈكۈر-سانا ئېيتتى. باپكار:

— ئى پادىشاھ، كۆڭلۈڭنى خۇش تۇتقىن، ساڭا خۇدايتائالانىڭ ئىنايەتلىرى بەھىسابتۇر. دۆلىتىڭ زىيادە، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۈشمەنلىرىڭ مەغلۇپ بولغاي، — دېدى. پادىشاھ بېشىنى يەرگە قويدى ۋە :

— مەن بەندىنىڭ نېمە لاياقىتى بولسۇن. ھەقتائالا سىز جەبرائىلنى ماڭا كۈيئوغۇل قىلماقنى خاھىش قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ ئىلتىپاتنېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى قاچان ئېيتىپ تۈگىتەرمەن؟ — دەپ، يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدى. باپكار قىزنىڭ يېنىدا تاڭ ئاتقۇچە ئەيش-ئىشرەت قىلدى. تاڭ ئاتتى، ئۆگزىگە چىقىپ ساندۇق ئىچىگە كىردى ۋە مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، جاڭگالغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

قىز ئۇيقۇدىن ئويغاندى، جەبرائىلنىڭ يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، قوپۇپ ئاتىسىنىڭ ياستۇقىغا كەلدى ۋە:

— ئى ئاتا، جەبرائىل يۈرۈپ كەتتى، — دېدى. پادىشاھ ھەم ئورنىدىن قوپتى، ئوردا ئۈستىگە چىقتى. شۇ چاغ بىر يۇلتۇز كۆچۈپ سۇدا ئەكسى كۆرۈندى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئىشەندىكى، ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، جەبرائىل كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال يۈزىنى تۇپراققا سۈردى، باپكارنى جەبرائىل دەپ تەستىق ۋە ئېتىقاد قىلىپ ئۆگزىدىن يېنىپ چۈشتى ھەممە قى-

زىغا:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، جەبرائىلنىڭ ئالدىدا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغايسەن. مەن بىرىپ جەبرائىل ئۈچۈن خاس قىممەت باھالىق لىباس ۋە پاكىز ياسىداقلار ھەمدە پاك تائاملار تەييارلاپ ئەبەرتكەيمەن، — دېدى. قىز ئاتىسىغا:

— بۈگۈن جەبرائىلنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنىگە 40 كۈن بولدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ بىر قەترە سۇ چاغلىق نەرسىنى ئاغزىغا ئالغىنىنى كۆرمىدىم، — دېدى.

پادىشاھ كۈن چىققاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممە ئىشكىلەرنى مەھكەم ئېتىپ ئۆز ئوردىسىغا كەتتى، شۇ كۈنى باپكار ئۈچۈن بىر نەچچە شاھانە لىباس تەييارلاپ، قىزى قېشىغا ئەۋەتتى.

كېچە بولدى، باپكار ساندۇقتا كىردى، مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، شەھىرى ئەممانغا قاراپ ماڭدى، پادىشاھ سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشتى، ساندۇقتىن چىقىپ تۈگلۈككە باردى، كۆردىكى، پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن ئىككى-ئۈچ خىزمەتچى ھەم شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار جەبرائىلنىڭ ھېكايەتلىرىنى قىلاتتى. باپكار تۈگلۈكتە ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ئاقىلراق ئىدى. ئۇ جەبرائىلنىڭ ھېكايەتلىرىگە ئىشەنمىدى ۋە:

— بۇ يالغان ئىشتۇر، سىزگە ئوخشاش پادىشاھنىڭ بۇنداق يالغانغا ئىشەنگىنىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باققان ئەمەس. مېنىڭچە شۇنىسى گۇمانسىزكى، بۇ ئادەم ئەپسۇن ۋە ھىيلە بىلەن سىزنىڭ ئوردىڭىزغا كىلىپ، سىزنىڭ شەرىپىڭىزگە مۇنداق بەتناملار قىلدى، — دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ:

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن جەبرائىلنىڭ مۆجىزاتىنى، ئىززەت-شاراپىتىنى كۆردۈم. ئەگەر كۆرمىسەم ئىدى، بۇ سۆزلىرىڭ توغرا بولۇر ئىدى. جەبرائىل بارغاندا كۆردۈمكى، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى. سەن بۇ بىھۇدە سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن قىلىسەن؟ — دېدى. پادىشاھ تەكرار شۇنداق دېدى، ۋەزىر ئىشەنمىدى.

باپكار قولىنى تۈگلۈككە ئۇردى. پادىشاھ شۇ تۈگلۈك تۈۋىدە ئىدى. باپكار يەم بىلەن ھېلىقى ئىشەنمىگەن ۋەزىرنىڭ بېشىغا چويۇن بىلەن ئۇرۇپ ئون پارە قىلدى. ۋەزىرلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھۆجرا يىقىلدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. لېكىن پادىشاھ شۇ چاغدا:

— جەبرائىلنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى.

ھەممىسى ھەيران قالدى. ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە كەلدى، يۈز مىڭ ئەندىشە بىلەن ياتتى.

باپكار ساندۇقتا ئولتۇرۇپ مىخنى تولغىدى، قىزنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئاتاڭ مېنىڭ ھالىمدىن ھېكايە قىلدى، بىر خىزمەتچى بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، بۇرادىرىم ئەزرائىلنى ئەۋەتتى. ئۇ غەزەپكە كېلىپ، بۇ ئۆينى ئۇلارنىڭ بېشىغا يىقىتقايمەن دېگەنىدى، مەن خۇدادىن تىلىدىم، بىرىپ ئول ھۇجرىنى ساقلاپ تۇردۇم، ئاتاڭنىڭ يۈزى ئۈچۈن ئۇ خىزمەتكارنى خالاس قىلدىم، — دېدى.

قىز بۇ نىشانلاردىن ھەيران قالدى. ۋاقىت سۇبھى بولدى. «جەبرائىل» يەنە كەتتى. قىزنىڭ ئاتىسى ئۇيقۇدىن قوپتى، ۋەزىر ۋە خىزمەتكارلىرىنى چاقىردى، «جەبرائىل» قېشىغا بارايلى ۋە ئۆزرە ئېيتايلى، دېدى. ھەممىسى كەلدى. پادىشاھ بۇ ئوردىنىڭ مەھكەملىكىنى ۋە يوغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇلار ھەيران قالدى، ئاندىن ئۇ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاچقۇچىنى چىقىرىپ ئىشىكلەرنى ئاچتى. ئۇ باشقىلارنى قىزنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. قىز ئاتىسىنى كۆردى، ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ قولىنى ئۆپتى. پادىشاھ جەبرائىلنىڭ ۋەقەسىنى ئېيتاي دەپ تۇرغانىدى، لېكىن قىزى بولغان ۋەقەنى مەن ئېيتاي دەپ، تى

لىنى ئىلگىرى سۆزگە ئاچتى. پادىشاھ يەنە باشقا ۋەقە بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدى ۋە ئىجازەت بەردى. قىزى:

— ئۇشبۇ كېچە جەبرائىل كېلىپ: «ئاتاڭ پالانى ۋەزىر، خىزمەتكارلىرى بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ، جەبرائىلنىڭ ئەھۋالىنى ئۇ جامائەتلىرىگە ئېيتتى، بىر خادىم ئاڭا ئىشەنمەدى، بۇ سېھىر-جادۇ، دېدى. ئاللاتائالانىڭ بۇ سۆزگە غەزىپى كېلىپ، بۇرادىرىم ئەزرائىلنى ئەۋەتتى، ئاللا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىشنى بۇيرۇدى. مەنكى جەبرائىل ئۇنى بىلىپ خۇدادىن تىلىدىم. ئاتاڭنى بىر نەچچە خىزمەتكارى بىلەن ساقلاپ قالدىم، بولمىسا ھەممىسى ھالاك بولۇر ئىدى» دېدى، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

قىزنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممىسى ھەيران قالدى، راست جەبرائىل ئىكەن دەپ، ئېتىقاد قىلىپ ۋە ئىشىنىپ، قىزنىڭ ئالدىدا باش قويدى، «جەبرائىلدىن بىزنى تىلەڭ» دېيىشتى. قىز:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى. ئىشەنمىگەنلەر پۇشايمان قىلىپ قايتىشتى.

باپكار قىز بىلەن ھەر كۈنى كېچە ئەيش-ئىشرەت قىلاتتى.

ئۇ قىز باپكاردىن بىر ئوغۇل تۇغدى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن پادىشاھ يەنە بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىغا قىزىمنى ساڭا بېرەرمەن، دەپ ۋەدىلەشىپ قويغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى پادىشاھ قىزنى ماڭا بەرسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. قىزنىڭ ئاتىسى:

— خۇدايتائالا مېنىڭ قىزىمنى جەبرائىلغا بېرىپتۇ، ھەر كېچە ئاسماندىن چۈشىدۇ، ئەلھال، قىزىم جەبرائىلدىن بىر ئوغۇل تۇغدى، — دېگەن جاۋابنى بەردى. كىمكى بۇ سۆزنى ئاڭلىسا، پادىشاھنى ئەخمەق، نادان دەر ئىدى.

قىزنى ئالماقچى بولغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، لەشكەر يىغدى ۋە قىزنى ماڭا بەرمىگەنىنى كۆرەي، دەپ قوشۇن تارتىپ، شەھىرى ئەممانغا كەلدى ۋە ئۇنى قورشىۋالدى. ئەممان شەھەرىنىڭ پادىشاھى قىزغا بىر كىشىدىن مۇنداق دەپ نامە يوللىدى: «قىزىم جەبرائىلغا دېسۇن، بىزنىڭ داد-پەريادىمىزغا يەتسۇن. ئەگەر يەتمەسە، بىزنىڭ ھەممە خانۇ مانىمىز بۇزۇلۇر !»

قىز بۇ ۋەقەنى «جەبرائىل»غا دەرھال مەلۇم قىلدى ۋە:

— ئۇلار سىز ئۈچۈن كېلىپتۇر، ئۇلارنىڭ تەماسى سىزدىدۇر، ئەمدى سىزگە بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلماق لازىمدۇر، — دېدى. باپكار:

— بۇ كېچە سەۋر قىلىڭ. مەن خۇدايتائالانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ تىلەي، ئۇلارغا بىر بالا ئەۋەتكەي، — دېدى.

قىز بىر كېچە سەۋر قىلدى. سۇبھى بىلەن تەڭ باپكار ئورنىدىن قوپتى، ساندۇقتا ئولتۇرۇپ مىخنى تولغىدى، بىر سەھراغا باردى، كەچ بولغۇچە جىق تاش تەردى، كېچە بولدى، ئۇ تۈن نىسبىدە ساندۇققا كىرىپ مىخنى تولغىدى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ قوشۇن تارتىپ كەلگەن پادىشاھنىڭ چېدىرى ئۈستىگە كېلىپ تاش ياغدۇردى. پادىشاھ ئاسماندىن ياغقان بۇ تاشلارنى كۆردى. بىر تاش كېلىپ بىر لەشكەر باشلىقىنىڭ بېشىغا تەگدى. ئۇ ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. باپكار ئارقىسىدىن تاش ياغدۇرۇپ قوغلىدى. ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ ھەر تەرەپكە قاچتى، ھېرىپ، ئاياغلىرى قاپىرىپ، جىمى لەشكەرلەر خارۇزەبۇن بولدى. قىزنىڭ ئاتىسى لەشكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۇلارنى قوغلاپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. جەڭ قىلىشقا كەلگەن پادىشاھ قېچىپقالغان ئازغىنە ئەسكىرىنى ئېلىپ مىڭ مېھنەت-مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆز شەھىرىگە قېچىپ باردى، ئەمما ھەممە نەرسىلىرى ئەممان شەھىرىدە قالغانىدى. شەھىرى ئەممان خەلقى بۇ ماللارنى ئولجا، غەنىيمەت ئېلىپ، قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. «جەبرائىل» يېتىپ كەلگۈچە كۈتتى. «جەبرائىل» كەلدى. خالايىق ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا

ئېيتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

«جەبرائىل» قىزغا ئېيتتى:

— بۇ كېچە بىر نەچچە قوشنى كاۋاپ قىل ۋە ھالۋىلىق بىر پارە نان، ياخشى نېمەتلەرنى تەييار قىلغىن. مەن ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن سەھرادىكى جانۋارلارغا بېرەي، خۇدايىتائالا شۇنداق پەرمان قىلدىلەر، — دەپ بۇيرۇدى. قىز تەييارلاپ بەردى.

باپكار بۇ تائاملارنى ساندۇققا سالدى، مىخنى تولغىدى، ئۆزى بىلەن جاڭگال ئىچىگە ئېلىپ باردى، بىر يەرگە يوشۇردى، ھەر كۈنى تويغۇچە يېدى. ئەمما قىزنىڭ قېشىغا كەلگەندە: «مەن تاماققا ھاجەت ئەمەسمەن» دەپ قوياتتى ھەم نەرسە يېمەس ئىدى. ئۇ پەقەت قوشلارغا بېرەمەن، دەپلا تۈرلۈك ياخشى تائاملارنى تەييار قىلدۇراتتى. ھېلىقى چىدىماس پادىشاھ يەنە نۇرغۇنلىغان لەشكەرنى باشلاپ، قايتىدىن شەھرى ئەممانغا ھۇجۇم قىلدى، ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى.

بۇ خەۋەر قىزنىڭ ئاتىسىغا يەتتى. پادىشاھ قىزى ئارقىلىق «جەبرائىل»غا ئەرز ئېيتىپ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئىلاجىنى قىلۇرسىز، — دېدى. باپكار:

— سەۋر قىلىڭ، خۇدايىتائالانىڭ بۇيرۇقى قانداق بولۇركىن؟ — دەپ كېچىلىك ئۇيقۇغا كەتتى. سۇبھى ۋاقتى بولدى. ئۇ بىر جاڭگالغا كېلىپ چۈشتى، ساندۇقتىن چىقتى، سەھرادىكى كالا، قوي تېزەكلىرىنى ساندۇق ئىچىگە توشقۇزدى، تۈن نىسبى بولغاندا مىخنى ئوڭغا تولغىدى، يۇقىرى ئۆرلەپ، جېدەلخور پادىشاھنىڭ چېدىرى ئۈستىگە كەلگەندە تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ تاشلىدى. ئوتنىڭ شولىسى ئاسماننى قاپلىدى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئوتنى كۆردى ۋە: «خۇدايىتائالا ئاسماندىن ئوت ياغدۇردى» دەپ، بىر-بىرىگە باقماي قېچىشتى. ئارقىسىدىن قىزنىڭ ئاتىسى لەشكەر تارتىپ چىقتى، بىر تۈركۈم لەشكەرلەرنى تىرىك تۇتۇۋالدى، بىر بۆلۈم لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردى، ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئولجا ئېلىپ، بىر نەچچە مىڭ لەشكەرنى ئەسىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جاھانغا پاتماي قالدى. قىز بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ باپكارنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بىسيار تەشەككۈر قىلدى. قىزنىڭ بىر مەرتە ئاشىقلىقى مىڭ مەرتە بولدى. باپكار خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ئاسمانچە ئېگىز تۇتار ئىدى. ئۇ قىزنىڭ يېنىدىن بىر جاڭگالغا باردى، ئۇ يەردە يوشۇرۇپ قويغان بىرئاز يەيدىغان نەرسە بار ئىدى، ئۇنى يەپ ئۇخلىدى.

قازارا، ساندۇقتا بىر تال چوغ قالغانىكەن، باپكار ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، خاسىيەتلىك ساندۇق ئاللىقاچان كۆيۈپ بولغانىدى. ئۇ قاتتىق ھەسرەت چەكتى، بۇ يەردە ئىككى كۈن ياتتى، كېيىن: «تەۋەككۇل !» دەپ شەھرى ئەمانغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، بىر باپكارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— مەن بىر غېرىبدۇرمەن، باپكارلىقنى ياخشى بىلىمەن، ئەگەر بۇيرۇسىڭىز، ئالدىڭىزدا ماتا توقۇغايمەن، نېمە بۇيرۇسىڭىز شۇنى قىلغايمەن، شاگىرتلىققا ئالسىڭىز، — دېدى. ئۇ باپكار:

— خوپ، — دېدى.

ئۇ ئولتۇرۇپ ماتا توقۇدى، ئەمما كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يۈردى، قىزنى ناھايىتى سېغىندى. قىزمۇ جەبرائىل كەلمىدى دەپ شىكەستە بولۇپ، بۈگۈن، ئەتە كېلۇر دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. «جەبرائىل» كەلمىدى. بىر ئاي ئۆتتى، يەنە كەلمىدى. قىز «جەبرائىل»نى بەكمۇ سېغىندى. ئۇ ئېمىكئانىغا تامامى دەرد-ئەلىمىنى ئېيتىپ يىغلايتتى. بۇ خەۋەر ئاتىسىغا يەتتى، پادىشاھ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىشاھقىمۇ خاپىلىق چۈشتى. پادىشاھ:

— جەبرائىلنىڭ كۆڭلى سەندىن قالدىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى قىزىدىن. قىز قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ:

— مەن ھەرگىز ئۇنىڭ كۆڭلى قالغۇدەك ئىش قىلمىغانىدىم، — دېدى.

پادىشاھ ئىنتايىن غەمكىن بولۇپ، دەرۋىشلەرگە سەدىقە ۋە ساخاۋەت، نەزىر-چىراغ قىلدى. پادىشاھ خۇدايىتائالادىن كۆيۈئوغلىنى تىلەر ئىدى. قىز ئوردا ئىچىدە نالە-زار ئەيلەپ، ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، ئۆزىنى ھالاك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. پادىشاھ قىزنى شەھەرگە ئەكىلىۋالدى ۋە:

— خۇدايىتائالا يەنە جەبرائىلنى يەتكۈزگەي، — دېدى. قىز كېچە-كۈندۈز تۇۋا قىلىش بىلەن يۈردى.

شۇ كۈنلەردە: «جەبرائىلنىڭ پادىشاھ ئەممانغا ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، قىزىنى تاشلاپ كېتىپتۇ» دېگەن سۆز تارقالدى. بۇ ۋاقىتتا شەھرى ئەممانغا باستۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى پادىشاھ ناھايىتى كۆپ لەشكەر يىغىپ، ئەممان شەھىرىگە يەنە يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى، ئۇ ناھايىتى قورقتى، شەھەرنى تاقىدى. قىزنى: «ئۆزۈڭنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئولتۇرغىن» دەپ بۇيرۇدى. قىز ئوردىغا كېتىپ باراتتى، شۇئاندا ئۇنىڭ كۆزى باپكارنىڭ دۇكىنىغا چۈشتى، «جەبرائىل»نى ئۇ دۇكاندا كۆردى، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتتى ۋە:

— سىز جەبرائىلمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى. باپكار:

— ئارى، مەن جەبرائىل، — دېدى. قىزنىڭ ئاتىسى:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى. «جەبرائىل»:

— ھېلىقى كېچە دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا ئوت ياغدۇرۇپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدىم، شۇ سەۋەبتىن خۇدايىتائالا ماڭا غەزەپلىنىپ، ئاسماننىڭ ئىشىكىنى مېنىڭ يۈزۈمگە باغلىدى. مېنى ئۆز دەرگاھىدىن قوغلىدى، — دېدى. پادىشاھ:

— ئى جەبرائىل، ئايالىڭىز ۋە بالىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ. خۇدايىتائالا رەھىم قىلىپ، كۆڭلىڭىزنى يەنە خۇش قىلغاي، — دەپ تەسەللى بەردى. «جەبرائىل»غا شاھانە لىباسلارنى كىيگۈزدى.

ئەلقىسسە: جەڭ قىلغۇچىلار ئەممان شەھەرىگە يېتىپ كەلدى، قىزنىڭ ئاتىسى ھەم لەشكەرلىرىنى تەييار قىلدى ۋە دەرۋازىلارنى مەھكەم ساقلاشقا پەرمان بەردى. پادىشاھ بىر كۈنى لەشكەرلەرنى يىغىپ مەسلىھەت قىلدى ۋە:

— بۈگۈن كېچە چىقىپ، باسقۇنچى قوشۇنغا ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ ۋەيران قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. پادىشاھ باپكارغا:

— گەرچە ئاللانىڭ سىزگە ئاچچىقى بولسىمۇ، يەنىلا جەبرائىللىق خاتىرىڭىز بار، شۇڭا بىز بىلەن جەڭگە چىقىڭ، — دېدى.

باپكار ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، تامامى ئۆمرۈم ئىچىدە ئات مىنمىگەنىدىم، ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ ئەندىشە قىلىپ، بىر باھانە بىلەن قېلىشنى ئويلىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئېتى بار ئىدى، ئۇنداق يۈگۈرۈك ئات ھېچ پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدا يوق ئىدى. ھەر قېتىم پادىشاھ جەڭگە ئاتلىنار بولسا ئۇ ئاتقا مىنىپ چىقاتتى، باشقا ئاتنى مىنمەس ئىدى. «جەبرائىل» پادىشاھقا:

— مېنى جەڭگە بۇيرۇدىڭىز، ماڭا ئۆزۈم خالىغان ئاتنى بېرىڭ، — دېدى. پادىشاھمۇ:

— خالىغان ئاتنى مىنىڭ، — دېدى. ھەممە ئاتلارنى باپكارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھېچبىر ئاتنى قوبۇل قىلماي، ھېلىقى ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاتنىڭ نامى يادنام ئىدى. باپكار:

— مۇشۇ ئاتنى مىنىمەن، ئاندىن دۈشمەننى يوقىتىمەن، — دېدى. پادىشاھ رەت قىلمىدى ۋە:

— مىنىڭ، — دېدى.

ئۇ ھەر خىل خىيالدا ئىدى. ئۇ قېشىدىكىلەرگە:

— پادىشاھ ماڭا تون-سەرپاي كىيدۈرۈپ، ئېگەرگە مەھكەم باغلاپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن

تاشقىرىغا چىقىرىپ قويسۇن. مەن بېرىپ
خىزىر ۋە ئىلياس پەيغەمبەردىن ياردەم تىلەي،
دۈشمەننى زەبۇن قىلاي، ــ دېدى.

باپكار ھەر نېمە دەپ باققاندى، دېگەنلە-
رى ئىشقا ئېشىپ قالدى. باپكارنى ئېگەرگە
تاڭدى. ئۇ تۈن نىسبى بولغاندا شەھەرنىڭ دەر-
ۋازىسىدىن چىقتى، ئاتنىڭ بېشىنى دۈشمەن
تەرەپكە قىلىپ بىر قامچا ئۇردى. ئات باپكار-
نى ئېلىپ قاچتى. زاماندىن - زامان قالغان بىر
دەرەخ بار ئىدى، باستۇرۇپ كەلگەن پادىشاھ
چېدىرىنى شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە تىككەن ھەم
ئېتىنى شۇ دەرەخكە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ بىر
نەچچە خىزمەتكارى شۇ دەرەخ ئەتراپىدا تۇرات-
تى، باپكار بۇ دەرەخ يېنىغا يەتتى ۋە قورققان-
لىقىدىن دەرەخنى قۇچاقلىۋالدى، دەرەخ يىقىل-
دى، پادىشاھنىڭ ئېتى ۋە بىر نەچچە لەشكە-
رىنى بېسىپ ئۆلتۈردى. باپكار ھەر كىشىنىڭ
چېدىرىگە يەتتى. ئۇلارنى ھەم ئات بېسىپ ئۆل-
تۈردى. باپكار قورققانلىقىدىن: «مانا، جەبرائىل
كەلدى !» دەپ چۇقان- سۈرەن سالدى. پادىشاھ
بىر مۇنچە خىزمەتكار- لەشكەرلىرىنى ئۆلۈك
كۆردى ۋە ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئە-
تىسى قىزنىڭ ئاتىسى كۆردىكى، يەر يۈزىدە باس-
قۇنچى قوشۇندىن بىرەر ئاتلىق قالماپتۇ. پادى-
شاھ ئەممان چىقىپ قاچقانلارنىڭ پۇل- ماللىرى-
نى شەھەرگە ئېلىپ كىردى، «جەبرائىل»نى
ئىزدەپ بىر قورغاندىن تاپتى. ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە
مەھكەم باغلاقلىق ھالدا ھوشىدىن كېتىپتۇ.
ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، باشقا ئاتقا مىندۈرۈپ
شەھەرگە ئېلىپ كىردى. قىز «جەبرائىل»نى
كۆرۈپ ئايىغىغا يىقىلدى، خۇدايىتائاللاغا سەجدە
قىلدى. باپكار شۇنچە ئىززەت- شاراپەت تاپتى،
ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھ ئەممانغا:

ــ ئەي شاھ، مەن جەبرائىل ئەمەسمەن. مەن
بىر مەردۇ غېرىب باپكار ئىدىم، ــ دەپ ئەھۋال-
نىڭ ھەممىسىنى يېپىدىن- يىڭنىسىگىچە بايان
قىلدى ھەم، ــ رازىلىق بەرسىلە تۇراي، بولمىسا
ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى ئۆزۈم
ئۆلتۈرەي. ئەزىبىرايى خۇدا، مېنى قويۇپ بەرسە-
لە، مەن ئۆز ئوقىتىمنى قىلسام، ــ دەپ ئىلتى-
ماس قىلدى. پادىشاھ ئەممان بۇ كىشىنىڭ قەدى-
مى مۇبارەك بولدى، بىر نەچچە مەرتەم دۈشمەن-
لىرىمنى ھالاك قىلدى، بۇنىڭ نامى ئالەمگە تارال-
دى، ئەمدى بۇ جەبرائىلنىڭ قورقۇنچىدىن دۈش-
مەنلىرىم كېلەلمەيدۇ، بۇ سىرنى كىشى بىلسە،
مېنىڭ قىزىم ئالەمدە بەتنامغا قالىدۇ، دەپ
ئويلاپ:

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، خوتۇنىڭىز ۋە بالىلىرى-
ڭىز بىلەن بېرىپ ئۆز ئوردىڭىزدا ئولتۇرۇڭ،
مەن جەبرائىل ئەمەس دەپ، ئۆزىڭىزنى ئاشكارا
قىلماڭ، ــ دېدى. باپكار:

ــ ئەلۋەتتە سىرنى ئاشكارىلىمايمەن، ــ
دېدى. باپكار شۇنىڭدىن بېرى پادىشاھنىڭ قىزى
بىلەن ئۆمرىنى خۇش ئۆتكۈزدى.

كېيىن باپكار ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ يالغان جەب-
رائىلنىڭ قىسسىسى يادىكار بولۇپ قالدى. ئايا-
لى قان يىغلاپ، ئۆز ئوردىسىدا ماتەمدار بولۇپ
ئۆلتۈرۈپ قالدى.

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن ئېلىندى

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**

# «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەبرىكلەندى

بۇ يىل 2- ئاينىڭ 28- كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەشلەر خۇشال- خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مامبەت تۇردى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى، سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ھېيتەم ھۈسەيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى جارۇللا ھېسامىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان قاتارلىق شەخسلەر، جۇڭگو «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئەدەبىي ژۇرناللىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەبرىك خېتى، تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

1980- يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ھازىرغا قەدەر 30 يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جەمئىي 120 سان نەشردىن چىقتى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە راۋاجىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان سالى ئىبراھىم قاتارلىق 16 ئەدىب، ئەھەت ئامان قاتارلىق ئون مۇنەۋۋەر تەھرىر ھەيئىتى، تۇنىياز مەتنىياز، ئىبزىز ساۋۇت قاتارلىق تۆت تۆھپىكار مۇھەررىر مۇكاپاتلاندى.

قەھرىمان روزى ئەرچىن خەۋىرى

# باي ناھىيەسىدە «نىمشېھىت» ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى

باي ناھىيەسىنىڭ، شۇنداقلا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، نادىر ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، يېقىندا باي ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى نامىدىكى «نىمشېھىت» ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىغا يۈزلەنگەن بۇ مۇكاپات ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بېرىلىدۇ ۋە ئىككى يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدۇ.

قەھرىمان روزى ئەرچىن خەۋىرى

(ئاپتور باي ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا)

مۇھەررىر قاھار نىياز



ئالتۇن كۆز — قاھار ياسىن فوتوسى



تاغ باغرى — تۇرنىياز ئاۋۇت زەللى فوتوسى



تەلەمەتتىكى كۆل

قەييۇم قادىر فوتوسى

《塔里木》文学月刊(维吾尔文)　TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE

تارىم

主　　管：新疆维吾尔自治区文联
编辑出版：新疆塔里木杂志社
印　　刷：新疆日报社印务中心
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局（所）
地　　址：乌鲁木齐市友好南路716号
电　　话：0991-4516214,4597601,4597603

2010- يىل 4 - سان (ئومۇمىي 590 - سان) 60 - يىل نەشرى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزىدۇ ۋە نەشر قىلىدۇ. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 - نومۇر
شىنجاڭ گېزىتى باسما مەركىزىدە بېسىلدى
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
تېلېفون: 0991-4516214، 4597601، 4597603

国际标准刊号：ISSN1002－9044
国内统一刊号：CN65－1010/I
国外代号：M4461　邮政编码：830000
邮发代号：58－66　定价：7.00元
广告许可证号：6500006000046

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى M4461 پوچتا نومۇرى 830000
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 66-58 ئايلىق 10 - كۈنى باھاسى 7.00
ئېلان ئىجازەت نومۇرى 6500006000046
ئېسىڭىزدە بولسۇن، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە زاۋوت بىلەن ئالاقىلىشىڭ. تېلېفونى 0991-5593475